
# بېرتال پاپېرۇس



# بىر تال پاپىروس

**زىيا سەمەدى**




**مەرھۇم ئۇستازىمىز زىيا سەمەدى ئەركىن ئالپتېكىن ئەپەندىگە تون كەيدۈرمەكتە.**
**1995 — يىلى ئالماتا**

# ئەسەر بىلەن تەمىنلىگۈچىنىڭ ئىلاۋىسى :

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك قېرىنداشلىرىم !

سىز ئوقۇۋاتقان بۇ كىتاب، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا تونۇلغان مەشھۇر يازغۇچى ، جامائەت ئەربابى، ھاياتى كۆچىنى ۋەتەن مىللەتنىڭ تەغدىرىگە تۆھبە قىلىپ جاھاندىن ئۆتكەن مەرھۇم ئۇستازىمىز زىيا سەمەدىنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىدىن بولۇپ، ئەسەر 1965ـ يىللىرى يېزىلىپ تاكى 1976 ـــ يىللىرىغا قەدەرمۇ نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بېسىلماي قالغان . . . .

بۇ ئەسەر يېقىندا ئالمۇتا ” مەر “ نەشرىياتى تەرىپىدىن ، مەرھۇمنىڭ ئوغلى رىزا سەمەدىنىڭ مۇھەررىرلىكىدە نەشرگە تاپشۇرۇلۇپ يورۇغلۇققا چىقتى . . . .

ئەسەر ئەسلىدە كىرىل يېزىقى ۋە روس يېزىقلىرىدا نەشردىن چىققان بولۇپ، مەن بۇ كىتابنى مەرھۇمنىڭ ئالمۇتادىكى قىزى بىلقىز سەمەدىنىڭ رۇخسىتى بىلەن كىرىل يېزىقىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كونا يېزىقىغا ئايلاندۇرۇپ ، تەھرىرلەپ، ئىملاسىنى تۈزۈتۈپ ، ” ۋەتىنىم تور “ نىڭ مۇكاپاتلىق ئەسەرلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈش مەقسىتىدە تورغا يوللۇدۇم . . . .

ئۇيغۇر كونا يېزىقىغا ئۆزگەرتىش ، تەھرىرلەش، تۈزۈتۈش جەھەتتە خاتالىق ۋە يېتەرسىزلىكلەر بولسا ئوقۇرمەنلەرنىڭ يارەم پىكرىنى بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن !

ھۆرمەت بىلەن :

ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى

شىۋېتسىيە ـ ستوكخولم

2011 يىل 03 ـــ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

# بېغىشلىما

**رابىك ئىسمايىلوۋ**
(فىلولوگىيا پەنلىرىنىڭ نامزاتى)

## ئازاتلىق كۈيچىسى

*1964*-يىلى ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ بىناسىدا (ھازىرقى پوشكىن كوچىسىدىكى قوچاق تىياتىرى) يازغۇچى زىيا سەمەدىنىڭ 50 يىللىقى نىشانلىنىۋاتاتتى. زال ئادەملەرگە لىق تولغان. ۋەتەندىن چىققانلارغا تەۋەللۇد ئېگىسى ياخشى تونۇش بولغىنى بىلەن بىز، موشۇ تەۋەددە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلەر، ئۇنىڭدىن تامامەن بىخەۋەر ئىدۇق. ئەمما پىرېزىدىئۇمدا، ئەدىپنىڭ يېنىدا مەشھۇر قازاق يازغۇچىسى غابىت مۇسىرېپوۋ ئولتۇراتتى. ئۇ بولسا، مۇنداق مۇراسىملەرگە، ھەتتا كۆرنەكلىك قەلەمداشلىرىنىڭ نىشانلىق سەنلىرىگە كامدىن-كام باراتتى. موشۇنىڭ ئۆزى ئۆتۈلۈۋاتقان چارە-تەدبىر ئېگىسىنىڭ ئاددىي ئىجاتكار ئەمەسلىگىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇ تەۋەللۇدتىن ئانچە كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي كىتاپخانلار قولىغا ″مايىمخان″ ناملىق رومان تەگدى. ئەسەرنى ئەدەبىيات مۇخلىسلىرىلا ئەمەس، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭدىن ئالغان تەسىرىنى، زوقىنى يوشۇرالمىدى. تىلشۇناس ئالىملار تىلىمىزنىڭ نەقەدەر بايلىقىغا، ئۇنىڭ ھەيران قالدۇرىدىغان بوياقلارغا ئېگە ئېكەنلىگىگە كۆز يەتكۈزدى. ئەندى ئەسەر ئاساسىدا يازغان ماۋزۇمىز - پۈتۈنلەي يېڭى بولۇپ، ھەر بىر ئوقۇغۇچىدا پەخىرلىنىش ھىسسىياتلىرىنى ئويغىتاتتى. يازغۇچى بىر ئەسىر ئىلگىرى يۈز بەرگەن ۋاقىئەلەر سەھىپىلىرىنى ۋاراقلاپ، مۇستەقىللىق ئۈچۈن يۈرگۈزۈلگەن كۈرەشنى تەسۋىرلەيتتى. باشقىلار قاتارىدا شۇ كۈرەش بايرىغىنى كۆتەرگەن مايىمخان ئوبرازى بولسا، ھەممىمىز ئۈچۈن كەشپىيات بولدى. ″مايىمخان″ رومانى گ. مۇسىرېپوۋنىڭ ئۇيغۇر يازغۇچىسى تەۋەللۇدىغا بېكار كەلمىگەنلىگىنى، ئۇنىڭ ئەدىپ ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ نەقەدەر چىنلىغىنى تەستىقلىدى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قازاق ئەدەبىياتىدا گ. مۇسىرېپوۋ قانداق ئورۇن ئالغان بولسا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا زىيا سەمەدى شۇنداق ئورۇن ئالدى. ″مايىمخاندىكى″ كۈرەش، مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكەت، يازغۇچى ئىجادىنىڭ باش ماۋزۇسىغا ئايلاندى.

ئەدىپىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ ھەر بىر ئەسەر جاپاكەش، ئەمما، مەغرۇر خەلقىمىز بېسىپ ئۆتكەن يولدىكى ئەڭ مۇھىم باسقۇچلار، بىزنىڭ تارىخىمىز، شانلىق ئۆتمۈشىمىزدۇر. ئۇنىڭ بىلەن يازغۇچى ئۆزىمىزگە ئۆزىمىزنىڭ ئەسلى كىم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى، ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئەڭ ئېغىر شارائىتلاردىمۇ ئۆز ئازاتلىقى ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، پەقەت كۈرەش، مۇستەقىللىق تۇغىنى كۆتەرگەندىلا ئىزگۇ مەقسەتكە يېتىش مۇمكىنلىكىنى ھەر بىرىمىزنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈردى. بۇنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق ئىكەنلىكىگە بىرلا مىسال كەلتۈرەي.

س س س ر ۋە خىتاينىڭ مۇناسىۋەتلىرى قايتىدىن ياخشىلىنىشقا باشلانغاندا، 90-يىللىرىنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئالمۇتىدا بولغان ئۈرۈمچىلىك ئالىملىرىمىزنىڭ بىرى "مايىخان" رومانى ئاساسىدا چۈشىرىلگەن "ئەجدىھار يىلى" ناملىق بەدىئىي فىلىمنى كۆرۈپ: "شىنجاڭ خەلقىنى ئۆز ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەشكە كۆتۈرۈشنىڭ تەشۋىقىتىنى يۈرگۈزۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇيغۇرلار موشۇ كىنونى كۆرسىلا بولىدۇ" دېگەن. زىيا سەمەدى يازغان ھەر بىر ئەسەر ئەينە شۇنداق تەسىرلىك، تەشۋىقاتلىق كۈچكە ئىگە ...

كەڭ ئاممىنىڭ كۆتۈرۈلىشى نەتىجىسىدە 1944-يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى غالىبىيەت قازانغاندا، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۆلكە بويىچە قانات يېيىشىغا يول قويماي، خىتاي كوممۇنىستلىرى 1949-يىلى ج خ ج نى ئېلان قىلغاندا، شەرقىي تۈركىستان - ئۇيغۇرىستان خەلقى بىز ئەڭ بولمىغاندا، خوشنا كېڭەشلەر ئىتتىپاقى يولى بىلەن ماڭىمىز، قازاقىستان، ئۆزبەكىستان ۋە باشقىلار ئوخشاش مۇختەرىيەتكە ئىگە بولىمىز، دەپ ئۈمىد قىلغانىدى. لېكىن دۆلەت تۈزۈمىنى خەلق جۇمھۇرىيىتى دەپ ئېلان قىلغان خىتاي رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ خەنزۇلاردىن باشقىلارغا بولغان سىياسىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى باشقىلار قاتارىدا يازغۇچى زىيا سەمەدىمۇ ئۆز بېشىدىن كەچۈردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ پائالىيەتچان ئىشتىراكچىلىرىنىڭ بىرى، رودابىيەت مىنىستىرى، يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ئوچۇق تەقىپكە ئۇچرايدۇ ۋە ئويدۇرمىلارنى بوينىغا ئالمىغانلارغا نىسبەتەن قوللىنىدىغان قىيىن-قىستاقلار ئازاۋىنى، سۈرگۈن مەشقىتىنى تارتىدۇ. كۆزگە كۆرۈنگەن جەمئىيەت ئەربابى، ئەسەرلىرى تۇپەيلى پۈتۈن خەلققە كەڭ تونۇلغان بۈيۈك يازغۇچى شۇنچىلىك دەرت-ھەسرەتكە ئۇچرىغان يەردە، ئاددىي پۇخرانىڭ نەقەدەر ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنلىكىنى ئېيتىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

لېكىن كىشىلەر ھەممىگە چىدايدۇ، بەرداشلىق بېرىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى – مۇشۇنىڭ ئۆزىنى دەرتمەنلەر كۆرەش، كەلگۈسىدىكى ئازاتلىق كۆتىرىلىشلەر ئۈچۈن سىناق، چىنىقىش، دەپ چۈشىنەتتى. زىيا سەمەدىنىڭ "بىر تال پاپىروس"، "دەرتمەننىڭ زارى" ناملىق پوۋېستى ۋە پاجىئەلىك قىسسىسىنى ئوقۇغاندا، بىز ئۇيغۇر قەھرىمانلىرى سەلەي، گۇلباھار، ئىبرايىملارنىڭ تارتقان ئازاپلىرىغا، ھېچ قاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان خورۇش ۋە دەپسەندىلىكلەرگە دۇچ كەلگەنلىكىگە ھەيران قالىمىز .بىز كىنولاردا كۆرگەن ۋە ئۇرۇش ھەققىدىكى كىتاپلاردا ئوقۇغان فاشىستلارنىڭ ئەينە شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق . ئاتالمىش پوۋېستلاردىكى جاللاتلار – يېڭى دەۋرنىڭ فاشىستلىرىدۇر...

خىتاي مۇستەملىكچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قارىتا خىتايلاشتۇرۇش، ئاخىرىغا بېرىپ يوقۇتۇشتەك ۋەھشىيانە سىياسەتلىرى قانچىكى چېكىدىن ئاشمىسۇن، ئازاتلىققا، ئۆز ئەركى-ھوقۇقىغا تەشنا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىدى. ئۇنىڭ مۇستەملىكچى خىتاي ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى غەزەپ-نەپرىتىنى، نارازىلىقىنى بارغانچە كۈچەيتمەكتە، قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندۇرماقتا .

2009-يىلى 5-ئىيۇلدا ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن قانلىق ۋاقىئە ھەممىمىزنىڭ ئېسىدا. ئۆزلىرىنىڭ ئېغىر ھوقۇقسىزلىق ئەھۋالىنى ھۆكۈمەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىنچلىق نامايىشقا چىققان مىڭلىغان ئۇيغۇر ياشلىرىغا قۇراللىق ھەربىيلەر قارشى قويىلدى، قانلىق قىرغىن ئورۇن ئالدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا قانخور مۇستەملىكچى خىتايلار نامايىشقا قاتناشقانلار ۋە شۇلارغا تىلەكداشلىق بىلدۈرگەنلەرنى قاماققا ئېلىپ، ئۇلارغا قارىتا ۋەھشىلىكنىڭ ھەممىسىنى قوللاندى، سوتسىز ئۆلۈم ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىشنى داۋاملاشتۇرماقتا.

"دەرتمەننىڭ زارىنى" ۋە "بىر تال پاپىروسنى" ئوقۇپ چىققاندا، مۇستەملىكچى خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مەقسەت، نىيەتلىرىنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە يېتىشكە بولىدۇ. بۇ ياشلىرىمىزغا ئىنتايىن مۇھىم ھەم زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پوۋېستلار ئىككى تىلدا – ئۇيغۇرچە ۋە رۇسچە بېرىلدى.

# بىر تال پاپىروس

## زىيا سەمەدى

**بۇ كىتاب بېسىلماي قالدى.سىياسەت دەخلىسى ۋە تەھرىر جانابىنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلى بۇ ئەسىرىم بېسىلمىدى.**
**مەيلى، كۈنلەر كېلەر .....**
**خەير، تەھرىردە قىلچە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسيات بولسا ئىدى ، بۇ كىتاب ئاللىقاچان يورۇق كۆرەر ئىدى . دە!**

**زىيا سەمەدى** **1976- يىل**



Erkin Aliptékin ependim Meshhur Yazghuchi,
Dölet erbabi we Wetenperwer Ziyali
merhum Ziya Semidi bilen

www.wetinim.org

# I ـ باب

چىلانزار كوچىسى دولان يېزىسىنىڭ ئەڭ گۈزەل كوچىلىرىدىن بىرى. يازنىڭ "بۇغا تىنجىگى" دەپ ئاتىلىدىغان راسا تىنچىق مەزگىلىدە بۇ كوچىغا كىرىپ قالغۇدەك بولساڭ، مۇزدەك ئېقىن سۇغا قۇيۇلغاندەك، بەدەنلىرىڭ سالقىن تارتىپ، يېنىكلىشىپ قالىسەن.

ئانچىۋالا ئۇزۇن بولمىغان بۇك ـ باراقسان بۇ كوچىنىڭ ئىككى قانىتىنى باشتىن ـ ئاياق چىلان دەرەخلىرى پۈركەپ تۇرغاچقا، قۇياش تەپتىنى قېلىن يوپۇرماقلار دالدا قىلىپ، سايىۋەنلىك ھېمىشەم دېگۈدەك سالقىن تارتىپ تۇرىدۇ. چىلانزار ئىككى مەۋسۇمدا ئىنتايىن كۆركۈللۈك: بىرسى، باھار پەسلى ـ چىلان دەرەخلىرى چېچەك ئېتىپ، ئىپار پۇراقلار چاچقاندەك؛ بۇ چاغدا كوچا ئىچى يېڭى تويى بولغان چوكاننىڭ ھۇجرىسى ئوخشاش، نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئويغىتىپ، دىلرابالىقنى قوزغايدۇ. يەنە بىر مەۋسۇمى بولسا ـ چىلان پىششىقى. بۇ مەۋسۇمدا چىلان دانلىرى تىللا تەڭگىدەك تاۋلىنىپ، شۇنداق گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇكى، ياقىدا تۇرۇپ قارىغان كىشىگە چىلان نوتىلىرى بويىنىغا قىزىل مارجان ئاسقان زىلۋا قىزلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ ـ دە، مەي باغلىغان مېۋىلەرگە قول ئۇزارتىشقا كۆڭلۈڭ ئۇنىماي، نەپسىڭدىن كېچىشكە مەجبۇر بولىسەن.

دولانلىقلارغا ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئەن بولۇپ كېلىۋاتسا كېرەك، ئەتىمالىم، چىلانزار كوچىسى شۇ مېلىنىڭ، شۇ مەلىنىڭلا ئەمەس، قوشنا مەلىلەرنىڭمۇ ئورتاق سەيلىگاھى بولۇپ، باھار ـ كۈز پەسىللىرىدە ئوينىلىدىغان "قاتار مەشرەپ" ھەمدە بازار كۈنلىرى كەچتە ئۆتىدىغان سەيلىلەر مەركىزىمۇ مۇشۇ چىلانزار كوچىسى بولۇپ كەلگەن.

ئادەمنىڭ يوتىسىدەك بۇلاق سۈيىنىڭ ئېقىمىنى بويلاپ بىر نەچچە ئاشخانا، سامسىخانا، چايخانىلارنىڭ ھەل ـ ئىزناسى ھېچ قاچان يوقالغان ئەمەس. دېھقان، باغۋەنچىلىك، مەيدە ھۈنەر ـ كاسىپلارنىڭ مەئىشەت بازىرى ۋە كۆڭۈل ئېچىش دەرگاھى بۇ قەدىناس جاينىڭ شام ـ چىراقلىرى بالىدىن ـ بالىغا مىراس قېلىپ، ھېچ قاچان ئۆچكەن ئەمەس...

چىڭقى چۈش مەزگىلىدە كۆلرەڭ ئەسكىرىي كىيىم كىيىنگەن يىگىرمە ئىككى ياشلار چامىسى ئېگىز بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك، بۇرۇتى ئەندىلا خەت تارتقان، چىراي ـ شەكلى كېلىشكەن يىگىت چىلانزار كوچىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ پۇتىدىكى لاتا خەي ۋە پاقالچەكلىرىگە سىپتا ئورالغان گوجىيىگە قونغان توپا ـ چاڭغا قارىغاندا خېلى ئۇزۇن مەنزىلنى پىيادە باسقانلىقى بىلىنىپ تۇرسىمۇ، ئەمما يىگىتنىڭ چىرايىدىن قىلچىلىك ھارغانلىق ئەسىرى سېزىلمەيتتى. يولۇچى چىلانزار كوچىسىغا كىرىشى بىلەنلا باسقان جايىدا چىپ توختىدى ـ دە، چىلان دەرەخلىرىنى تۇگەللىگەندەك، كوچىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، ئىلدام كەلگەن پېتى سۇ شىرغىپ ئېقىۋاتقان ئېرىق لېۋىگە زوڭزىيىپ ئولتۇردى ۋە ئىككى يېڭنى بىلەككىچە تۈرۈپ، يۈز ـ كۆزىنى پاكىزە يۇدى ـ دە، سىمابتەك سۈزۈك سۇدىن ئوچۇملاپ ـ ئوچۇملاپ ئىچىشكە باشلىدى.

مۇساپىرچىلىق غۇربىتىنى تېتىغان كىشىگە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ماكانىنىڭ ئازغان تىكىنىمۇ تۇتىيا بولۇپ كېتىدىغۇ! بىزنىڭ يولۇچىمىز، ئەمچەك سۈتى بىلەن تەن ـ تېنىگە سىڭگەن سۇنىڭ لېۋىدىن تۇرغۇسى كەلمەي، يېنىپ ـ يېنىپ ئىچەتتى.

بىر دانە چىلان سۇ بېتىگە پوككىدە چۈشتى ۋە ئېرىق سۈيى تېگىدىكى قاش تاشلىرىنىڭ رەڭمۇ ـ رەڭ تۇرلىرىدىن كۆز ئۈزمەي زوقلىنىپ ئولتۇرغان يولۇچىنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ، لەيلەپ ئېقىشقا باشلىغان چىلاننى كوپلا تۇتتى ـ دە، دەرھال ئاغزىغا سالدى ۋە لەززەتلىنىپ تامشىشقا باشلىدى. كەينى ـ كەينىدىن يەنە بىر نەچچە، ئاندىن توكۇرلاپ يېغىشقا باشلىغان چىلان دانىلىرى سۇ بېتىنى قاپلاپ كەتتى. يولۇچى بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرى قارىۋىدى، چىلان دەرىخىنىڭ توم غولىغا يامىشىۋالغان كىچىك بالا ئۇنىڭغا ئالاقزادە قاراپ تۇرۇپتۇ. بالا، مونۇ چېرىك كىيىملىك "بۆجى"دىن قورقىنىدىن، ئۆزىنى يوپۇرماقلار دالدىسىغا يوشۇرماق بولسىمۇ، ئۇنىڭ قوغۇن ـ تاۋۇز شالتىقىدا ئالا ـ تاغىللاشقان پۇلتىماق قوسىغى ۋە چاك ـ چاك يىرىلىپ، بۇلغارا چېپىمدەك بىر ئىلىك قېلىنلاشقان تاپانلىرى ئوپ ـ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بالا نېمە سەۋەبتىندۇر، تولاراق

بېشىنى يوشۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئەتەك، ئېتەكدىكى چىلانلار كاشىلا قىلمىغاندا، تېخىمۇ ئۇستۇن ياماشقىلى بولاتتى ــ دە! بالا بېشىنى يوشۇرىمەن دەپ، ئېتەكتىكى چىلانلارغا ئېگە بولالماي قالدى ــ چىلانلار مۆلدۈردەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

باشقا چاغلاردا سوپسوپياڭ ئوخشاش شاقتىن ــ شاققا ئاتلاپ، مېڭىنىڭ ئەڭ ئۇچىدىن ئۇزۇپ يەيدىغان مونۇ شۇمتەك، چېرىك كىيىملىك كىشىنى كۆرۈشى بىلەن پۇت ــ قوللىرىنى دەھشەت تىترىگى بېسىپ، يۇقىرى ئۆرلەش بۇ ياقتا تۇرسۇن، تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، ئۆگزىدىن تاشلىغان بىر باغ بېدە سىياقى، يەرگە پوككىدە چۈشتى. ئۇ باللارچە مۇغەمبەرلىك ئىشلەتتىمۇ ياكى راستىنلا تېلىقىپ قالدىمۇ، ئىككى قولىنى چېۋىسىغا قىسىۋېلىپ، كىرپىگە ئوخشاش تۈگۈرلىنىپ يېتىۋالدى.

يولۇچى بالىنى شۇئان تونۇدى، تونۇغاندىمۇ، ئۇنىڭ بېشىدىن تونۇدى ۋە:

ــ سەنمىدىڭ، ۋاي! ــ دېدى قاقاقلاپ كۈلگەن يولۇچى، ــ كىم چېغى دەپتىمە. تۇر ئورنۇڭدىن، شىتىلە! ــ ئۇ، بالىنىڭ بىقىنىغا ئاستا نوقۇدى؛ لېكىن تازچاق قىمىر قىلمىدى.

ــ قوپاۋ ــ ۋا، كېمىكى ھەييا! بېكا دۈبۈرۈپقا تېپەك يەيسەن جۇما!

ــ ... ماۋۇ پاخشەكنى قاراڭلا، ــ داۋام قىلدى يولۇچى، ــ قوتا ئېشەك سېغىزغاندىن مۆككەندەك يېتىۋالغىنىنى... ــ دېدى ــ دە، بالىنىڭ بېشىغا كەپلەپ كىيىۋالغان كۈلتۈك شەكلىدىكى پوستۇما تۇماقنا قولىنى تەككۈزە ــ تەككۈزمەي، ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان بالا ئىككى قولى بىلەن تۇمىغىنى مەككەم بېسىۋالدى. ئۇنىڭ تورپاقنىڭ كۆزىدەك يوغان، ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆزلىرىدىن ئىزا ــ ئەلەم ياشلىرى تۆكۈلىدىغاندەكلا مۆلدۈرلەپ تۇراتتى.

ــ يوغىناپ كېتىپسەن جۇما، ھۇررەك! ــ دېدى، ئەمدى ئالاھىدە مېھرىبانلىق بىلەن بالىنىڭ مۈرىسىنى پەپىلىگەن يولۇچى.

قۇۋ تازچاق كۆزىنىڭ قىرىدا يولۇچىغا قاراپ، ئۇنى تونۇۋالدى.

ــ ئىھ... سەلىيكامما، ھارمىغايلا!

يولۇچىنىڭ چېرىك بولماي، ئۆز يۇرتدىشى بولۇپ چىققىنىغا تازچاق خۇشاللىقىدىن مەڭدەپ قالدى.

ــ قورقۇپ كەتتىڭما، ھوشۇمەت؟

بالا جاۋاب بېرىش ئورنىغا سەلەينى ئۆلچەپ پىچىدىغاندەك، ئايىغىدىن بېشىغىچە چەنلەپ چىقتى ـ دە:

ـ ما ئەپتىڭنى كۆرسە خۇماخانىنىڭ ئاغزىغا ئۇچۇق چىقىدۇ جۇما! ـ دەپ پىسىڭگىدە ھەييار كۈلكىسىنى كۈلدى تازچاق ۋە مۇغەمبەرلىك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى مەنىلىك قىسىپ قويۇپ، يول بويلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ كۈن تەپتىدە قىزىغان يۇمشاق توپىغا خۇددى تامغا باسقاندەك ئىزلار قالدۇرۇپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولدى.

يولۇچى بولسا، تازچاقنىڭ كەينىدىن بىر پەس تىكىلىپ تۇردى ـ دە، ئاندىن چېرىك كىيىملەر تېخىچىلا "بۆجى" كۆرۈنىدىكەندە دېدى ـ دە، ئىلدام قەدەم تاشلاپ، كوچا بويلاپ كەتتى.

چىلانزاردىكى سەيلىخانىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا يېقىلغان گۈلخان يورۇقىدا ئەتراپتىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى قەھرىۋادەك تاۋلىنىپ، بۆلەكچىلا گۈزەل تۈسكە كىرگەن ئىدى. گۈلخاننى چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇشقان قىز ـ چوكانلارنىڭ مەڭزلىرى ئوت تەپتىدە ئەڭلىك سۈركىگەندەك قىپ ـ قىزىرىپ، ئۇلارنىڭ تۇم قارا كۆزلىرى بولسا، يۇلتۇزلاردەك چاقناپ، ھۆسنى ـ مۇھەببەت ۋە شات ـ خۇراملىقتىن دېرەك بېرىپ تۇرۇپتۇ. قىزلار چاچلىرىنى قىرىق بىر تالدىن ئۆرۈگەن ۋە بىر خىل چىمەن دوپپا، ھەممىسى دېگۈدەك ئاق شايى كۆڭلەك، چىلتەك جىيەك كەمزۇل، ئۈشۈقنى بېسىپ تۇرىدىغان رەڭلىك بوسۇرما كىيىشكەن. چوڭلار بولسا، سېكىلەكلىرىنى ياڭىقىغا چۈشۈرۈپ، ئۆرۈك يېلىمىدا قاتۇرغان چاچلىرىنى تۇم قىلىپ ئىككىگە ئايرىپ ئۆرۈگەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جالا، بەزىلىرى چاچتەڭگە قاداشقان ۋە پۇتلىرىغا كېپىش ـ مەسە، باشلىرىدا كۆچا كۆپىسىدىن تىكىلگەن كىچىككىنە دۇم تۇماقچە. قىز ـ چوكانلارنىڭ ھەممىسىلا بويۇنلىرىغا قەھرىۋا ياكى مونچاق ئېسىشقان. يىگىتلەر ـ ئالدى ئوچۇق ئاق يەكتەك، بادام دوپپا، بەللىرىدە رەڭمۇ ـ رەڭ پوتا باغلىشىپ، ئاياغلىرىغا پوپۈچ ياكى توقۇلما چابوتاي كىيىشكەن. ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ بەسلەشكەندەك بىر خىل ياسىنىشىغا قارىغاندا، كۆڭۈللۈك بەزمە ياكى باراۋەتتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

ـ جورىخانلار جەم! ـ دەپ ئېلان قىلدى، قاشلىرى بىر ئىلىكچە كەڭ، قويۇق قارا بۇرۇتلۇق يىگىت. ئۇنىڭ سالماقلىق سۆز قىلىشى ۋە تەمكىنلىك قىياپىتىگە قارىغاندا "يىگىت بېشى" ئىكەنلىكى مەلۇم ئىدى.

ـ خۇماخان يوقا! ـ دېگەن تاۋۇش چىقتى قىزلار ئولتۇرغان سىرىمدىن.

ـ راست ـ راست. خۇماخاننى كۈتەيلى!

ـ شۇنداق قىلايلى...

ـ نامايىش... زەينەپ بارىدا كاككۇك يوق، كاككۇك بولغاندا ـ زەينەپ، ـ دېدى يىگىت بېشى. سەلەي ئولتۇرغان سىرىمنى ئىما قىلىپ بۇ سۆزدىن كېيىن شۇنداق كۈلكە كۆتۈرۈلدىكى، چىلان دەرەخلىرىنى قونالغۇ قىلغان تۇمۇچۇقلار گۈررىدە كۆتۈرۈلگەن پېتى تەرەپ ـ تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىشتى.

ـ ئىنساپ قىلار، ـ دەپ باشلىدى خونچىدەك دولان دېپىنى تۇتقان چوكان، ـ ئۇچ يىللىق جۇدالىق ئاسانمىكىن، پاھ ـ پاھ...

شۇ ئارىدا كەچكى تىنىق ھاۋادا جاراڭلىغان ناخشا ساداسى ئاڭلاندى. مۇڭ ـ مۇھەببەتكە تولغان خۇش نەپەسنىڭ تەسىرىدىن ھەممە سېھىرلەنگەندەك جىم بولۇشتى ـ دە، ناخشا ساداسى ئاڭلانغان تەرەپكە تىكىلىشتى.

قارا ـ قارا قاشلىرى
مېنىڭ يارىمنىڭ چاچلىرى،
سۈيى تاشقان بۇلاقتەك
تۆكۈلەمدۇ ياشلىرى؟
بوستان چاچ بالا،
قويىندا ئانار...

ناخشىنىڭ ئەۋجىگە بىر نەچچە قىز قوشۇلغان بولسىمۇ، خۇماخاننىڭ خۇش نەپىسى ئالايتەنلا ئايرىلىپ تۇراتتى. ماھىر غەزەلخان بۇ قىز ناخشىنى پومزەك قاڭقىتقاندەك، بىمالال ئېگىز ـ پەس ئوينىتاتتاندا، تىڭشىغۇچىنىڭ يۈرەك تارلىرى جىغىلداپ، قەلبى تەۋرەنمەي مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە! تامغا زەدىۋال تارتقاندەك، گۈلخاننى چۆرىدىشىپ

ئولتۇرۇشقان رەڭمۇ ـ رەڭ كىيىملىك قىز چوكان، يىگىتلەر خۇماخاننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىشىپ، روھلىنىپ ـ جانلىنىپ كېتىشكەن ئىدى. بەزى قىزلار خۇشاللىقىدىن خۇماخاننى كۈتۈپ ئېلىش ئۈچۈن چاچ پۆپۈكلىرىنى جاراڭلاتقان هالدا ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگرەشتى.

ـ قىزلارنىڭ تاجى ـ نىشانى كەلمەكتە! ـ دەپ ئۇنلۇك ۋارقىرىدى يىگىت بېشى. سەلەي تەرەپكە قاراپ ئىما قىلىپ. سەلەي بولسا، بېشىنى تېخىمۇ تۆۋەن ساڭگىلىتىپ، يۈرىكى ئۇرغۇپ كېتىدىغاندەك، ئىككى قولى بىلەن كۆكسىنى مەككەم بېسىۋاپتۇ. ئۇنىڭ چوغدەك قىزارغان يۈزىگە قاراپ، ئۇيغۇر يىگىتلىرىگە خاس نازۇك نومۇسچانلىق ۋە هايا ئەكس ئېتىپ تۇرغانلىقىنى سېزىش قىيىن ئەمەس ئىدى...

دولان يېزىلىق نەيچى يىگىت سەلەينىڭ داڭقىنى ئەتراپتىكى يېزىلاردا ئاڭلىمىغان ئادەم يوق دېسىمۇ بولىدۇ. ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ "گۈلى" هېسابلانغان سەلەي چېرىككە مەجبۇري رەۋىشتە تۇتۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، خېلى زامانغىچە مەشرەپ ـ بەزمىلەر سوغۇقلىشىپ، ئەسنەك ۋە ئۈگدەك بېسىپ يۈردى. خۇماخاننىڭ سەلەي نېيىگە تەڭكەش خۇش ئاۋازىمۇ يېتىمسىرەپ، بىر مەزگىل جىمىپ، ئۆزى بولسا، شېخى سۇنغان گۈل مىسالى سولۇشۇپ ـ سۇلتىيىپ قالغان ئىدى. بەزمىخانىلار سەلەينىڭ يوقلىغىنى بىلىندۈرمەسكە قانچە تىرىشسىمۇ، لېكىن تۇزى كەم ئاشقا ئوخشاش، سەلەينىڭ يوقلۇقىدىن بەزمىنىڭ چولتىلىقى چولتا ئىدى. تۇنۇگۈن توساتتىنلا سەلەينىڭ يېزىدا پەيدا بولۇپ قېلىشى دوست ـ يارەنلەرنى چەكسىز خۇشال قىلىپ، يېزىدا خۇش كەيپىيات هاسىل قىلغان ئىدى. سەلەينى كەپتۇ، دېگەن خەۋەر بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا پۈر كەتتى. يىراق ـ يېقىن، ئېتىز ـ ئېرىق، باغ، ئوت ـ ياشلىقلاردا ئىشلەۋاتقان ئاغىنە ـ بۇرادەر دوستنى كۆرۈشكە يۈگرەشتى. بالىسىنىڭ ئامان ـ ئېسەن كېلىش خۇشاللىقىدا قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەي، سەنتىرەكلەپ يۈرگەن تاجىخان ئاچامنىڭ ساندۇق تېگىدىكى يىققان ـ تۈككىنى: يەل ـ يېمىش، مېۋە ـ چېۋىلىرى ئارقى ئۈزۈلمەي كىرىپ چىققۇچىلار ئالدىغا سېلىنغان داستىخانغا تۆكۈلۈپ تۇردى. توي ـ مەرىكىگە ئايلانغان بۇ خۇشاللىق ئۈچرىشىشتا ئۈچ يىللىق ئېغىر جۇدالىقنىڭ هەسرىتى، خۇشاللىقى

ئارىلىشىپ ، ئۇتتۇرىغا تۆكۈلۈپ ، ئاخىرى "كەنچاندا" بەزمىگىمۇ ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى ."بازاردا مىڭ كىشى – كۆڭۈلدە بىر كىشى" دېگەندەك ، شۇنچە كىرىپ ـ چىققان ئادەملەر توپى بەند بولغان سەلەيىنىڭ كۆڭلىدىن خۇماخان كېچەتتى . خۇماخان كەلمىدى ، دىدارلاشمىدى ؛ لېكىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ يۈرەك تۈيغۇلىرى غايىۋانە ئۇچرىشىپ ، ۋىسال شەربىتىنىڭ كەيپىنى سۈرۈشەتتى...بۈگۈنكى بەزمىگە خۇماخانىنىڭ ئەتتەي كېچىكىپ كېلىشىمۇ تۇمەن مىڭ ئەقىدە ۋە شېرىن تۇيغۇلار بەلگىسى ئىدى .

خۇماخان باشلىق بىر توپ قىز سەيناغا كىرىپ كېلىشكەندە ئاسماندىكى چولپان چاقنىغاندەك بولۇپ كەتتى . خۇماخان بەئەينى بۇلبۇلگويا ؛ ئۇنىڭ ئۇچىسىغا قونۇپ كەلگەن ئېتىكى كەڭ ، تىك پۈرمە ياقىلىق گۈلۋەر كۆينىگى بىلەن پۇشقىغى قارا ئەتلەس شاپتۇلا چېچەكلىك باستۇرمىسى ، يۈزلۈكىگە ئۆقا چېكىلگەن تۇمشۇقى سەل ـ پەل دوناي ، پەس ئۆكچىلىك باشمىغى ، دولقۇنلىنىپ تۇرغان كۆكسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا يۇلتۇز كەبى چاقنىغان كۆز مونچاق تىل تۇمارى ، چۆچۈرىدەك قۇلاقلىرىدىكى قۇشقاچ تىلى ئەمگى ، ماڭلىيىنى قىيا يېپىپ تۇرغان ئۇنچە دوپپىسى ۋە گۈل نوتىسىدەك ئىنچىكە ئۆرۈلگەن قىرىق بىر تال چېچى – مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەن ئەپسانىۋى گۈزەللىك بۇلبۇلگويانى ئەسلىتەتتى . ئۇنىڭ بۇلماق يۈزى بىلەن تاغ بۆلجۈرگىنىدەك لەۋلىرى چوغدەك قىزارغان ، شەھلا كۆزىدە بولسا – ۋىسال ئۇچقۇنى يالتىراپ ، شۇنداق ئوماق قىياپەتكە كىرگەن ئېدىكى ، بەزمىخانىلارنىڭ يۈرەكلىرى بىئىختىيار ئېغىپ كېتىشتى . سەلەي بىلەن خۇماخان ئۇنىسىز ـ زۇۋانسىز ؛ لېكىن كىرپىكلىرىنى قالقان قىلىشقان ھالدا ئاستىرتىن كۆز تاشلىشىپ ، تۇيغۇ ـ ھېسسىياتلىرىنى ئىزھار قىلىشقا ئۈلگۈرۈشكەن ئىدى . دېمىسىمۇ ، مەھبۇب ۋە مەھبۇبە ئۈچۈن داستانلار تىزىشنىڭ نېمە ھاجىتى بولسۇن؟ ئۇلار بىر قاراش ياكى ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن سىر ـ ئەسرارلارنىڭ ئىزھار قىلىشالايدىغۇ!

– سەلەي! – دېدى يىگىت بېشى ، ھەممىسىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش مەقسىتىدە . – رەسمىي ـ يوسۇنىمىز بويىچە سەن باش مېھمىنىمىز . شۇڭا ، بەزمىنىڭ قىزىشىغا ئاتاپ گۈلخانىغا بىر قۇچاق ئوتۇن تاشلايسەن جۇمۇ .

– "بارىكاللا"، "بەللى" دېگەن تاۋۇشلار ياڭرىدى چۇشمۇ-چۇشتىن. نېمە قىلارىنى بىلىشمەي تۇرۇشقان سەلەي ۋە خۇماخان ۋاراڭ-چۇرۇڭ قاينىمىغا ئارىلىشىپ كېتىشتى. خۇماخان يانمۇ-يان تۇرغاچقىمۇ، سەلەي يوغان بىر دۇۋە توغراق ئوتۇنىنى قۇچاقلىدى-دە، دەس كۆتۈرۈپ، گۇلخان ئۈستىگە تاشلىۋەتتى. گۇلخاندىن مىڭلىغان ئوت ئۇچقۇنلىرى پۇرقىراپ، ئاسماننى ئوت يۇلتۇزلىرى قاپلاپ كەتتى ۋە قورۇق قاقشال ئوتۇن هايال قىلماي لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلاپ، سەيلىگاھ كۈندۈزكى كۈندەك يورۇپ كەتتى.

– يارايسەن، سەلەي چوڭ. ختاي مومىسىنى ئۈچ يىل يېگىنىڭ بىلەن، قۇۋۇۋەتىڭدىن قالماپسەن، – چاقچاق قىلدى راۋاب تۇتقان پاكار يىگىت.

– باشلايلىمۇ، جورىلار! – ۋارقىرىدى يىگىت بېشى. مەشرەپ قائىدىسىگە ئۆگەنگەن ئۇلپەتلەر تەرتىپ بويىچە ئۆز جايلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى.

– بولدىلا، دېپىڭنى قاچانغىچە قاقلايسەن، ئانارخان! – دېدى تاقەتسىزلەنگەن چوكانلارنىڭ بىرى.

– مۇنىسىغا ھەشقاللا، خېنىم. مەشرەپ دېگەن تۇتيا بولۇپ كەتتىغۇ! ئوبدانراق قاقلايلى، داپ سازىغا نېمە يەتسۇن! – دېپىنى چېكىپ قويدى سۇزمە قاش چوكان.

– خەپشۇك، جورىلار! قېنى باشلا، داۋۇت! – دەپ، بەزمە باشلاشقا رەسمىي ئىجازەت بەردى يىگىت بېشى. مىلتىقنى بەتلەپ، ئېتىشقا ھازىر تۇرغان ئوۋچى مىسالى، ساتارىنىڭ سىمىنى تەڭشەپ، تىزىغا قوندۇرۇپ ئولتۇرغان داۋۇت قىل سۇرمىنى ساتار سىملىرىغا يالاتقاندا، "راك" مۇقامى ئېيتىلىشىدىن خەۋەر بەرگەن سادا ياڭرىدى. دېمەك، "بەزمەئىي جەمشىت" بولۇشىدا شۈبھە يوق.

شتاب ئەيلەپ يۇرەردە ناز-ئىستىغنالىرىڭ باردۇر.
قايان بارساڭ مېنىڭچۇن شورىشى – غوۋغانلىرىڭ باردۇر.
ھەمىشە ۋەدىگە لايىق چىقار شولدۇر گۇمانىمكىم
مۇدام ئەي نازىنىڭ بېگانىدىن ئەشنالىرىڭ باردۇر...

تەمكىنلىك ساتار ئاق ساقال بوۋاي نەسىھەت قىلغاندەك، مۇڭلۇق سادا چىقارسا، لەۋەن راۋاب گۈل بەرگىگە قونۇۋېلىپ، خەندان ئۇرغان بۇلبۇل مىسالى پەدىدىن پەدىگە ئاتلاپ شوق سايرىماقتا ئىدى. مۇقام ئېيتىۋاتقان داۋۇتنىڭ نەپىسى سازغا جىپسىلىشىپ، بارغانچە يۇقىرى پەدىگە كۆتىرىلدىكەن، مەشرەپخانىلارنى سېخىرلاپ، خىيالىي مۇھىت، ساماۋى دولقۇنلار ئىچىدە ساياھەت قىلدۇراتتىدە، بىرلىرىنى ئۇمىد ۋە ئارزۇ، بىرلىرىنى بولسا — قايغۇ ـ ھەسرەت دېڭىزىغا غەرق قىلماقتا ئىدى.
مۇقام ئايىغلىشىپ، پەدە يۆتكەلدى. بۇ قېتىم داپ ئالدىغا ئۆتۈپ، يورغا ئاتتەك تاقىلداپ ماڭدى. ئەمدى ھېلىقى سۇزمە قاش چوكان نازۇك بويىنىنى ئىككى يان تاشلاپ، ھەممىگە ئىشارەن يېنىك تەبەسسۇم قىلدى ـ دە، دولان سەنىمىنى باشلىۋەتتى. دولان سەنىمى سەنئەت گۈلزارىنىڭ تاكامۇللاشقان بىر پۈتۈن نەغمە مۇچىسى بولۇپ، ئۇ خىلمۇ ـ خىل نەغمە ۋە ئۇسسۇل پەدىلىرى، شۇنىڭدەك ھايات مەنبەسىدىن ئېلىنغان چوڭقۇر مەناغا ئېگە قوشاقلار ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقتىن، ئۇنى قائىدىسى بويىچە ئىجرا قىلىش، پەقەت بەزمە قايىنىمىدا پىشقان تەجرىبىلىك سازەندىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. مانا، سۇزمە قاش چوكان ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا سەنەمنى باشلاپ ماڭدى؛ باشقىلار مۇلايىم ئىتائەتچانلىق بىلەن ئۇنىڭغا ئەگەشتى:

سەكرەپ چۈشتۈم خەندەككە،
ئەرزىم ئېيتىپ پەلەككە.
ۋاپاسىزنىڭ قىلغىنى
ئورناپ كەتتى يۈرەككە...

دولان سەنىمى باشتىن ـ ئاخىر ئۇسسۇللۇق نەغمىدىن ئىبارەت. شۇڭا، ھە دېگەندىلا ئوتتۇرىغا چۈشۈش لازىم ئىدى. لېكىن بۈگۈن بەزمىخانىلار بىر ـ بىرىدىن ھېيتىقاشتىمۇ، سەنەمنىڭ ئىككىنچى غەزىلى ئېيتىلغاندىلا، ئۇسسۇلچىلار قىمىرلاشتى.

ۋاي، ۋاي، ۋاي...

بەگلىرىم بەگلىكتە ئەزسە ،
دورغىسى ئالۋان بىلەن ،
ئاخۇنۇم پەتىۋا قىلىپتۇر ،
راستى يوق يالغان بىلەن...

يىگىت بېشى ۋە يەنە بىر لەۋەن چوكان سەيناغا چۈشتى . ھەر ئىككىلىسى قوللىرىنى ئەدەپلىك ھالدا مەيدىسىگە قويۇپ ، تۆت ئەتراپقا ئېگىشىپ ، سالام بېجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ، بىر ـ بىرىگە دەلمۇدەل تۈرۈشتى ـ دە ، ئوڭ پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇشتى ۋە قوللىرىنى تەڭلا ھاۋاغا كۆتۈرۈشتى ـ ئۇسسۇل باشلاندى .
ئۇچۇش ئۈچۈن قانات ـ قۇيرۇقلىرىنى شىمايلاپ تۇرغان قۇشلار مىسالى ، باياتىن تەلپۈنۈپ ئولتۇرۇشقان مەشرەپخانىلار كەينى ـ كەينىدىن سەيناغا چۈشۈشكە باشلىدى . بۇ خىل جۈپلەر بارا ـ بارا كۆپىيىپ ، سەينا چوڭ ئۇسسۇل قاينىمىغا ئايلىنىپ ئۇلار گۈلخاننى دۆۋىر قىلىشىپ ئوينىماقتا .
غەزەلخانلار بارغانچە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ ، ھەر مىسرانىڭ ئاخىرىدا: "ھو ـ ھو ـ ھو ، ھەي ـ ھەي ـ ھەي" ، ـ دېگەن قوشۇمچىنى ئالاھىدە ئۇرغا بىلەن قەيت قىلىشاتتىدە ، دەل مۇشۇ ئۇرغىدا ئۇسسۇلچىلار ئۆز جۈپتى بىلەن چاپراس بولۇشۇپ ، ئىككى ياڭاقتىن قاس چىقارغاندەك ، مەيدىلەر سىلىق چىرمىشىپ ، چاق پىلەكتەك چەرخ ئۇرۇشاتتى ۋە بۇ مۇرەككەپ جەۋلانغا ماسلاشقان كۈچلۈك "دوست ،دوست!" ساداسى ھاۋانى ياڭرىتاتتى . پەدە بەشىنچى قېتىم يۆتكەلدى . ئەمدى ، يىگىتلەر بىر قانات ، قىز ـ چوكانلار بىر قانات سەپ تارتىشتى . بۇ ئارىدا كېلىشىۋالغاندەكلا ، ئۇسسۇلچىلار ھالقىسى سەلەي ۋە خۇماخاننى ئارىغا ئېلىۋالدى .
ـ گۈل ـ چىمەن ، گۈل ـ چىمەن! ـ دېسە يىگىتلەر ، ـ باغچىمەن ، باغ ـ چىمەن! ـ دەپ ۋارقىراشتى قىزلار . دېمەك ، سەلەي بىلەن خۇماخان چىمەنلىكتىكى كېپىنەكلەر مىسالى قانات قېقىپ ئويناشلىرى ، باغدىكى بۇلبۇللار سىياقى خەندان ئۇرۇشلىرى لازىم .
ـ بوش كەلمە ، سەلەي چوڭ!
ـ ھارماڭ ، بەللى ـ بەللى ، خۇماخان!

سەلەي ئەرلەرگە خاس ئەرەنچە، سالماقلىق باساتتى ۋە ئىككى قولىمۇ مەردانە ھەرىكەتلىنەتتى. ئۇ دەم قۇرغۇيدەك تۇركەشلىنىپ قۇيۇلسا، دەم ماي تارتىپ دانلىغان خورازنى ئەسلىتەتتى. خۇماخان بولسا، بۆدۈنىدەك يىنىك ئاياق تاشلاپ، سەلەيگە تۇتۇق بەرمەتتىدە، ئۇنىڭ قىرىق بىر تال ئۆرۈلگەن چاچلىرى ئەۋرىشىم بويىغا چىرمىشىپ كېتەتتى. ئىككىسى تولاراق بېقىشىپ ئويناشتى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ سىرلىق تەبەسسۇمى، مەنىلىك قاش ئېتىشلىرى ۋە جىلۋىلىك كىرپىك قېقىشلىرىدا ھىجران – مۇھەببەت، ئارزۇ ـ ئارمان، ئەقىدە ـ تەمەننا ۋە ھەتتا تەنە ـ تاپىلارمۇ قىلىنىدىكەن، بۇ خىل ئىختىراسلىق جىلۋىلەر كۆزەتچىلىرى مەشرەپخانىلارنىڭ زەۋقى ـ شەۋقىنى قوزغاپ، ئۇلار ئىختىيارسىز دوست تارتىپ، چاۋاك ئۇرۇشاتتى. سازەندىلەرمۇ بوش كېلىشمىدى. ئۇلار تېخىمۇ ئەۋرىشىم جىلۋىلەر تەلەپ قىلىدىغان پەدىلەرگە ئۇرماقتا. غەزەل بىر قىنىدا ئېقىۋاتقان سۇدەك قويۇلماقتا.

سېنى دېدىم ئاھ،
سېنى دېدىم ئاھ...
سېنى تاپماي ئۆلەر ئىدىم،
ئەمدى تاپتىم ئاھ...
قەشقەر ھاۋاخان،
كۇچا زىباخان،
سەن جاناننى بەرمەسمەن،
دوست، دوست، خۇماخان...

بەزمە بارغانچە بەسلىشىش ۋە ماھارەت چوققىسىغا ئۆرلىمەكتە. ئەمدى ئەۋرىشىم ئۇسسۇل پەدىلىرىگە جىپسىلاشقان ھالدا ھازىر جاۋاپلىقنى تەلەپ قىلىدىغان بېيىتلار ياڭراشقا باشلىدى.

سەلەي: خېنىم ـ خېنىم، جانان خېنىم،
بېيىت ئېيتاي تىڭشا، خېنىم.
ئوتتۇز ئوغۇل گۇۋاھ، خېنىم،

ئاشىقىڭمەن، خۇما خېنىم...

خۇماخان: يىگىت ــ يىگىت، جانان يىگىت،
بېيىت ئېيتاي تىڭشا، يىگىت.
خەلقى ــ ئالەم گۇۋاھ، يىگىت،
مەن ھەم كۆيگەن خۇما، يىگىت.

سەلەي: جامالىڭنى توسما، خېنىم،
شامال بولۇپ قاچما، خېنىم،
شامال بولۇپ قاچساڭ خېنىم،
كۆكسۈم بىلەن توساي، خېنىم.

خۇماخان: جانغا جانان داۋا، يىگىت،
ئېسىپ ئالسام تۇمار، يىگىت،
تاقىقا چىقسام دۇل ــ دۇل، يىگىت،
باقىقا كىرسەم بۇلبۇل يىگىت.

سەلەي: دەريا بولۇپ ئاقساڭ، خېنىم،
بېلىق بولۇپ ئويناي، خېنىم،
چىراغ بولۇپ يانساڭ، خېنىم،
پىلىك بولۇپ ياناي، خېنىم...

بەسلىشىپ ئېيتىشىشتىن يېڭىلگەن بىر نەچچە جۈپلەر سەپتىن چىقىپ، نەچچىسى يېڭىلاندى؛ لېكىن خەلق قوشاقلىرىغا باي ھەمدە ئۇلارنى دەلمۇدەل تىزىپ ئېيتىشقا ماھىر سەلەي بىلەن خۇماخان ئىككىسى ئېيتقانسېرى ۋە ئوينىغانسېرى ئېچىلىپ، دوستلىرىنى ھاياجانغا سالاتتى، چۈنكى بۇگۈنكى خاسىيەتلىك كېچىدە تېپىشقان ياش قەلبلەر ئاددىي غەزەل ئەمەس، ئىشقى ــ مۇھەببەتنى كۈيلىشەتتى. بەزمە داۋام قىلماقتا. تەۋرەنگەن قەلبلەردىن چىققان ئوتلۇق سادالار بەزمىنى تازىمۇ ئۇلغايتىپ،

گۈركىرەپ ئېقىۋاتقان دەريا ئۆركىشىگە ئايلاندۇرغان ئىدىكى، بۇ دىلرابالىق قايىنمى ئىچىدە قوش يەلكەنگە ئوخشاش سەلەي ۋە خۇماخانلار سەيلە قىلىشماقتا...

*   *   *

قىسقا تۈن بىر يەرگە بېرىپ، مەڭدىگەن خورازلارنىڭ دەسلەپكى چىللىشى، ئۇ يەر ــ بۇ يەردىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى. كۈندۈزى كۆتۈرۈلگەن توپا ــ چاڭ ۋە تونۇر، تۈرخۇنلاردىن چىققان ئىسلارمۇ تۈپسىز ئۈپۈققا سىڭىپ، قاياقلارغىدۇر غايىب بولۇشقان ــ ھاۋا چايدەك تىنىق ئىدى. تۈمەن ــ مىڭلىغان يۇلتۇزلار بۇگۈن كېچە چىلانزار كوچىسىنىڭ سەيناسىدا جاراڭلىغان نەغمە ــ ناۋا، ئۇسسۇل ــ سامالاردىن بەھرىمەن بولغان ئىدىكى، ئۇلار خۇددى مۇھەببەت شەربىتىنىڭ كەيپىنى سۈرگەن جانان قىزلاردەك خۇما كۆز، نۇرانە كىرپىكلىرىنى يەر ــ زېمىنگە قادىشىپ، جەۋلان قىلىشماقتا ئىدى. ئاندا ــ ساندا لەيلەپ يۈرگەن ئاق داكىدەك بۇلۇت پارچىلىرىنى چۇمبەل قىلىۋالغان ئاسمان "قىزى" ئاي بولسا، كۈندەش چوكانلارغا ئوخشاش، خۇماخانىنىڭ ھۆسنى ــ جامالىغا رەشقىسى كەلدىمۇ ياكى بولمىسا مونۇ بىر جۇپ دىلكەش سەلەي ۋە خۇماخانىنىڭ ۋىسال ــ دىدارىغا ھەسەت قىلدىمۇ ــ كېچىچە كىرپىك قاقماي، چىلان دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى دالدىسىغا يوشۇرۇنۇپ، ئۇلارنى مارىلاپ يۈردى ۋە ئاخىرى ھارغان قىياپەتتە ئۆز ئۇۋىسىغا كىرىپ، بۇلۇت ياستۇققا بېشىنى قويدى. مانا، ئەمدى يۇلتۇزلار مەلىكىسى نازىنىن چولپان سۇمبۇل چاچلىرىنى تارىغان، سۇبھى ــ سادىق بىلەن ئويناشقان ھالدا جىلۋە قىلىپ چىقىپ كەلدى ــ دە، تاڭ بەلگىسىنى بەردى.

سەيناغا يېقىلغان گۈلخان بولسا، سۇسلىشا ــ سۇسلىشا ئالدىن چوغ، ئاندىن كۈلگە ئايلىنىپ، سەھەر سەلكىنىنى سورۇشقا باشلىدى. تاڭ سەھەرنىڭ تاتلىق ئۇگدىشى باسقان مەشرەپخانىلار ھەر قايسى ئۆز جۇپتى ۋە دوستى بىلەن يېتەكلىشىپ، ئۆيلىرىگە تارقىلىشقا باشلىدى. سەلەيگە ھاردۇقمۇ يەتكىنى، مۇگدەكمۇ باسقىنى يوق. ئۇنىڭ رايىچە بولغاندا،

بەزمىنى گىرە قىلىۋېتىپ، قايتىدىن باشلىسا ۋە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاۋەتسە نە قەدەر شادىمانلىق بولاتتى! ئامال قانچە، ئەتىدىن كەچكىرگىچە ئەمگەك قىلىدىغان دوستلارنى تۇتۇپ قېلىش ئورۇنسىز...

سەلەي بوسۇغىدىن ئاتلا ـ ئاتلىماي، كېچىچە ئۇنى كۈتە ـ كۈتە ئەندىلا كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنغان ئانا بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ـ جېنىم بالىمەي، ئەندىلا ياندىڭىزمۇ؟

ـ تېخىچىلا ئۇخلىمىدىڭمۇ، ئانىكام؟

ـ ئۇيقۇ كەلگەيمۇ، قوزام... ئۇھە، ئۇھە... قورسىقىڭ ئاچقاندۇ، چاي قاينىتاي. ـ ئانا يۆتەلگەن پېتى ئىككى قولىنى تىرەجەپ ئورنىدىن تۇردى.

ـ يېتىۋەر، ئانىكا، يېتىۋەر، ـ دېدى ـ دە، ئويۇقتىكى ساپال تاۋاقتا ئۇيۇتۇلغان قېتىقنى ئېلىپ، دەم ئالماستىن ئىچىۋەتتى سەلەي.

ـ توختا، بوتام، توختا، سوغ قېتىقنى قۇرۇق ئىچمە، پۆرە پۇشۇرۇپ قوياپتىم...ئۇھە، ئۇھە...

ـ ياتساڭچۇ، ئانىكا، ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، ئاۋارە بولما. قارىغىنا، يۆتىلىڭ قوزغىلىپ كەتتى، ـ دېدى ـ دە، كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك، ئانىسىنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ، ئورنىغا ياتقۇزدى سەلەي.

ئوغلى بىلەن بىر دەم بولسىمۇ ئارامخۇدا مۇڭدىششىقا تەشنا ئانا بالىنىڭ قولىدىن مەككەم تۇتۇپ، ئۇنىڭ كۆزىگە تەلمۈردى. سەلەي قولىنى ئاستا بوشاتتى ـ دە، ئۆيدىن چىقىشقا تەمشەلدى.

ـ ئاللىكام... يەنە نەگە شىمايلىنىسەن، ئوغلۇم؟

ـ ئىشىككە چىقىپلام...

ـ ياق، ياق...ئۇھە... ئولتۇرغىنا، سەلەي كىچىكىم. ـ ئانا سەلەينىڭ پېشىنى تىترەك قوللىرى بىلەن مەككەم مىجىغلىدى ۋە سۇس تاۋۇشتا، ـ ئول ـ تا... ـ دەپ پىچىرلىدى.

ـ ئىشىككە چىقىپلام كىرەي، ئانىكا...

ـ ماۋۇ سېلىپ قويغان ئوراندا پىشكە بولسىمۇ قىڭغايساڭچۇ... قېشىڭدا يېتىپ، تىنىغان تىنىقىڭنى ئاڭلاي... تەرىڭنى پۇراي، قوزام...

ـ بولدىلا ئانىكا، بىر چۆرگىلەپ كېلەي، ـ ئانىنىڭ قولىدىن بوشاندى ـ

دە ، ئىشىككە ئېتىلدى سەلەي .
ــ ئەتىما خۇدايىمنىڭ كۈنى بارغۇ . .ئۆھۆ . .
سەلەي ئانىسىنىڭ يىغا ئارىلاش چىققان ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدى . ئۇ شۇ تاپتا كۈچلۈك ، جەزىبىلىك قۇدرەت تەسىرىدە ئۆزىنى تالاغا ئاتقان ئىدى .
*　*　*

خۇماخاننى ئۆزىتىپ كەلگەن دوستلىرى ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر دەم كېلە ـ كېتە پاراڭلىشىپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئەتە ئاخشام بولىدىغان "چىلىم" ئويىنىغا قوشنا يېزىلارنىڭ داڭلىق سازەندە ، ئۇسسۇل ـ غەزەلچىلىرىنى تەكلىپ قىلىشقا كېلىشىپ ، ئۆيلىرىگە تارقىلىشقان ئىدى .
ــ خۇماخان ، ــ دەپ ۋارقىرىدى كوچىنىڭ ئۇ قانتىغا ئۆتۈپ ، ھاۋاخان ئىسىملىك قىز ، ــ ئاگا بول جۇمۇ ، قۇرغۇيۇڭنى باشقىلار ئۇندەككە ئالمىسۇن يەنە!
خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن قىزلار ھاۋاخاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، پاراقلاپ كۈلۈشتى .
ــ خاتىرجەم بول ، ھاۋا! ــ دېدى خۇماخان كۈلكە ئارىلاش ، ــ مېنىڭ قۇرغۇيۇم ئاسانلا ئۇندەككە كەلمەيدۇ!
قىزلارنىڭ قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق كۈلكىسى تىنىق ھاۋادا دولقۇنلىنىپ ، يېزا چېتىدىكى مازارنىڭ ئېگىز گۇمبىزىگە ئۇرۇلغاندا ، ھەيۋەتلىك ئەكسى سادا ياڭراپ كەتتى . قىزلار بولسا ، ھايال قىلماي ، سەھەر سۈكۈناتىغا سىڭىپ كېتىشتى .
دولان يېزىسىنىڭ يەتتە ياشتىن ـ يەتمىش ياشقىچە ، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى دېگۈدەك سەلەي بىلەن خۇماخاننىڭ ساپ مۇھەببىتىنى بىلىشىدىغان . بىرسى ــ يىگىتلەر ئىپتىخارى ، يەنە بىرسى ــ قىزلار تاجى بۇ ئىككى ياشنىڭ بەختلىك بولۇشىغا ھېچ كىم ھەسۇتخورۇش قىلمايدىغان . ئەكسىچە ، ئۆز يېزىسىدىن تەل ـ تۆكۈز پەرزەنتلەر ئۆسۈپ ـ يېتىشكەنلىكىگە خۇرسەن بولۇشاتتى .
ئەركىسىز ، مەھكۇم ، بېقىندى خەلقنىڭ خۇشاللىقى مۇقىم بولماسلىقى

تەبىئىي ھادىسىغۇ! يالغۇز چۈجىنى سا ئېلىپ كەتكەندەك، تاجىخان ئايلامىنىڭ كۆز نۇرى، كۆڭۈل خۇشى، يالغۇز ئوغلى سەلەينى چېرىككە ئەسكىرىي ئالۋاڭغا تۇتۇپ، يىراق جايغا ئېلىپ كېتىشتى. يالغۇز ئوغۇل ئائىلىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ ھادىسە تاجىخان ئايلامىنىڭلا ئەمەس، يۇرتداشلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، ھۆكۈمدارلارغا نىسبەتەن نەپرەت ئوغىسىنى قايناتقان ئىدى. بۇ جۇدالىقنىڭ ئېغىر سالمىغى خۇماخاننىڭمۇ بېشىغا چۈشكەن ئىدى. بالاغەت پەللىسىنى ئەندىلا ئاتلىغان ۋە مۇھەببەت شەربىتىنى تېخى تېتىپ ئۈلگۈرمىگەن خۇماخان سەلەي كەتكەندىن كېيىن دەردتە كۆيۈپ، ئەلەمدە پۇچۇلغان ئىدى.

ئۇنىڭ ئارامۇ جان غەزەللىرى، جاراڭلىق خۇش كۈلكىلىرى جىمىپ قالغان، دىلرابالىق ھەسرەت ـ پىغانغا ئالمىشىپ، زەپىرەڭدەك سارغىيىشقا باشلىدى.

سەلەي كېتىپ، ئۈچ يىل داۋامىدا نە ئۆلۈك، نە تىرىكتىن خەۋەر بولمىدى. ئۇنى ئەسكىرىي ئالۋاڭغا ئالغان ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى نىمە سەۋەبتىندۇر، سەلەيدىن ئۈچۇر بېرىشنى خالىمايتتى. ھۆكۈمرانلارنىڭ مانا شۇ خىل نەپسەنەيەتلىكى ۋىجدانىنى ئازابلاپ، زەردىنى قاينىتاتتى. لېكىن خۇماخان كۈتتى. ئۇ پاك مۇھەببىتىگە، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغان ھالدا سەلەينى كۈتتى. يۇرتداشلىرى، تەڭتۇشلىرى سەلەي بىلەن خۇماخاننىڭ گېپى تېشىلىپ قالغان چاغلاردا: "بىچارە خۇماخان... تەلىيى ئېچىلمىغان لەۋەن خۇماخان..." دەپ ئېچىنىشاتتى ۋە ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولغۇسى كېلىشەتتى. مانا، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، سەلەينىڭ ئامان ـ ئېسەن كەلگەنلىكى ھوشۇر تازچاق ئارقىلىق چاقماق تېزلىكىدە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ، يېزىغا پۇر كەتتى ـ دە، خۇشال بولمىغان ئادەم قالمىدى. خۇش خەۋەرچى ھوشۇرەكنىڭ ئېتىكى تۇخۇم، تاتلىق ـ تۇرۇمغا توشقاننىڭ سىرتىدا، خۇماخان تازچاقنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، ئۆز قولى بىلەن تىككەن بادام دوپپىنى كىيگۈزۈپمۇ قويدى.

...خۇماخان دوستلىرىنىڭ قارىسى يۇتكىچە ئىشىك ئالدىدا تۇردى ـ دە، ئاندىن ئۇدۇل باققا كىرىپ، ئۆز قولى بىلەن پەرۋىش قىلغان گۈلزارلىققا قەدەم قويدى. بۇ چاغدا گۈل شەيداسى بۇلبۇل كۆلچەك بويىدىكى مەجنۇن

تالنىڭ شېخىغا قونۇۋېلىپ، كېچىلىك ئۈيقۇدىن بىزار، سەھەردە غۇنچىنىڭ چېچەك ئېچىشىغا ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ، خەندان ئۇرماقتا ئىدى. بۇلبۇلنىڭ ئارامبەخش سايرىشى خۇماخاننىڭ جۇشقۇن ئۇرۇپ تۇرغان قەلبىنى تېخىمۇ تەۋرىتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئىغزىدىن بېئىختىيار قاچاندۇر بىر چاغدا سەلەي بىلەن بىرلىكتە ئېيتقان غېرىپ ـ سەنەم داستانىدىن مونۇ پارچىنى لەرزان، لېكىن بۇلبۇلغا تەڭكەش قىلغان ھالدا تەكرارلىدى:

بۇلبۇلى بىچارىسەن، گۈل ئىشقىدا پەريادە قىل،
ئاشىقى سەرگەشتە بولساڭ، ئۈيقۇنى بىدارى قىل...

بەلكىم، پۈتكۈل ئالەمدە خۇماخاندىن بەختلىك ئىنسان يوقتۇر. ئۇ يارىنى تاپتى. ئۇنىڭ يارى سەلەي دەل مۇشۇ مەزگىلدە باقىا كىرىپ، بۇلبۇلنىڭ سايرىشىنى تاماشا قىلىۋاتىدىغاندۇر. بەلكىم، خۇماخاننىڭ بېغىدىكى بۇلبۇل سەلەينىڭ بېغىدىكى بۇلبۇلنىڭ مەشۇقىدۇر. كىم بىلىدۇ، سەلەي بىلەن خۇماخاننىڭ دىدارلىشىش شەنىگە بېغىشلاپ، بۇلبۇللارمۇ دىلرابالىقنى كۈيلەيدىغاندۇر...

توساتتىن، بۇلبۇلغا ياندىشىۋاتقاندەك، نەي ساداسى ياڭرىدى. خۇماخان تېلىقىپ قالغاندەك داڭقېتىپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەپ كەتتى. نەي، شۇ نەي... شۇ دىلرەبا نەي... دەسلەپكى مۇھەببەتمۇ، ئېزگۈ ئارمان، كۆڭۈل شاتلىقى ۋە ياشلىق ـ گۈزەللىكنىڭ خەۋەرچىسىمۇ شۇ نەي...

خۇماخان ئىككى قولى بىلەن كۆكسىنى مەككەم باسقان ھالدا خېلىغىچە قىمىرلىماي، نەي ساداسىغا قۇلاق سېلىپ تۇردى ـ دە، بىردىن كوچا بويلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى. نەي ساداسى بارغانچە مۇڭلۇق، دولقۇنلۇق قويۇلاتتى ۋە خەلقى ـ ئالەمگە: "بۇ سادا يارىمنىڭ ساداسى. يارىمنىڭ پىغانى..." دېگەندەك ھاۋا گۈمبىزىدە جاراڭلاتتى.

تۈگمەن كايوسىغا ئولتۇرۇپ، نەي چېلىۋاتقان سەلەي نوردىن قۇيۇلۇۋاتقان سۇ زەربىدە شىددەتلىك پىرقىراۋاتقان چاقپەلەككە تىكىلىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ

لەۋلىرى جانانىنىڭ لەۋلىرىدىن مۇھەببەت شەربىتىنى سۈمۈرگەندەك، نەي روجەكلىرىگە چاپلاشقان. ئىچكى تەۋرىنىش بولسا، بەئەينى سەدەپ دانىلىرىغا ئوخشىغان قەترىلەرنى چاچرىتىپ، قىنىغا پاتماي غۇيۇلداۋاتقان چاقپەلەكنى ئەسلىتەتتى.

باياتىن ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ ئاران ـ ئاران تىنىق ئېلىپ، ئۆزىنى تەسلىكتە تۇتۇپ تۇرغان خۇماخانىنىڭ بارلىقىنى نەيچى يىگىت سەزگىنى يوق.

ئەگەردە نونىڭ گۈركىرىشى بىلەن چاقپەلەكنىڭ ۋىڭىلدىشى بولمىغاندا، خۇماخانىنىڭ دۈپۈلدەپ سوققان يۈرەك تېپىشىنى ئوچۇق ئاڭلار ئىدى.

مۈرىسىگە يۆمشاق، لېكىن ئىنتايىن ھارارەتلىك قول تېگىشى بىلەن چۆچۈپ كەينىگە باقتى سەلەي ۋە: "خۇما!" دەپ ۋارقىرىۋەتتى. خۇماخان سەلەينىڭ بويىنىغا ئېسىلدى ـ دە،

گىرە سېلىۋالدى ۋە شۇئان سۆيگۈ شەيدالىرىنىڭ چوغدەك لەۋلىرى سۆزسىز ـ ئۈنسىز جۈپلىشىپ، يالقۇنلۇق تىنىقلار بىر پىيالىگە قۇيۇلدى.

ئىككى تەن مىسلىسىز ھۇزۇر، تەرىپسىز كەيپ ۋە شەۋق لىباسىغا ئورالغان ھالدا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق چىرمىشىپ كېتىشتى... ئاخىر ئۇلار بىر

نەرسىنىڭ شەپىسىدىن چۆچۈگەندەك، قۇچاقلىرىنى تەڭلا ئېچىشتى ـ دە، خۇددى دەسلەپكى ئۇچراشقاندەك، شاتلىققا تولغان كۆزلىرىنى تىكىشكەن ئىدى.

ـ جېنىم سەلەي، مېنىڭ سەلىيىم... ـ خۇماخان نوقۇتتەك ئاپئاق بىلەكلىرىنى يېيىپ، سەلەينىڭ بويىنىغا يەنە ئېسىلدى ۋە بېشىنى

ئۇنىڭ كەڭ كۆكسىگە چاپلىدى. سەلەي بولسا، كۈچلۈك قوللىرى بىلەن خۇماخانىنىڭ تۇتامچە كېلىدىغان بېلىنى مەككەم قىسىپ باغرىغا باستى.

ـ سەلەي، سەلىيىم... ـ دەيتتى خۇما تىترەك ئاربىلاش پىچىرلاپ، ـ ئەمدى ئۆلسەكمۇ ئايرىلمايمىز...

# II باب

سەلەينىڭ يېزىغا قايتىپ كەلگىنىگە خېلى ۋاقىت بولسىمۇ، نېمە
سەۋەبتىندۇر، قولى ئىشقا بارماي يۈردى. يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى
ۋە دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئۇنى بىر ـ ئىككى قېتىم چاقىرتىپ
كېلىپ، ئىشلەپ چىقىرىش كوئوپېراتسىيېسىگە ئەزا بولۇپ كىرىشنى
ياكى بولمىسا، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىدارىسىدە كاتىپ بولۇشنى تەكلىپ
قىلغان ئىدى. سەلەي ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قەتئىي رەت قىلمىسىمۇ، بەزى
سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، كېيىنگە سوزۇپ كەلدى. ۋېلاخۇنغا ئوخشىغان
يېقىن دوستلىرىغا بولسا: "مېنى ئىشلە دەپ تولا دېلىكەي قىلىشما.
كۆڭلۈم خالىمىسا ئۆلۈپ بېرەيمۇ"، ـ دەپ كەسكىن جاۋاب قىلغاچقا،
ئۇلار بۇ ھەقتە ئارتۇقچە ئوسماقچىلاپ ئولتۇرماي، دوستىنىڭ رايىچە
بولۇشاتتى.
بەلكى، ئۇنىڭ ئىچكى تۇيغۇلىرى بېشىغا چۈشىدىغان قارارسىز
كۈلپەتلەرنى سەزگەندۇ. ياكى پىسەنتىگە سىغمايدىغان مەۋجۇت
ھادىسىلەردىن
كېلىپ چىققان بىزارلىق تۈپەيلى قولى ئىشقا بارمايدىغاندۇ. ھەر ھالدا،
سەلەينى تەشۋىش ئارىلاش بىپەرۋالىق چۇلغىۋالغان ئىدى. گەرچە ئۇ
ئانىسىنى
كۆرۈپ كۆڭلى تىنىپ، خۇماخان بىلەن دىدارلىشىپ ۋىسال پىراقى
قېنىپ، دوست ـ يارەنلىرىگە قوشۇلۇپ، ئۇلار بىلەن ئۆتكۈزگەن بەزمە ـ
مەشرەپلەردە
شاتلىققا چۆمۈلسىمۇ، يەنە ئۇنىڭغا نېمىدۇر يەتمەيدىغاندەك تۇيۇلاتتىدە،
كۆڭۈل غەشلىكى تەشۋىشكە ئايلىنىپ، بىزارلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە
قىينىلاتتى. ئۇ خۇماخان بىلەن ئۇچراشقاندا ھەممىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى
بەخت قۇچىقىدا ھېس قىلىدىغان. ئەمما بۇ دىلراباللىق ئۇنىڭ نەزىرىدە
ئۆتكۈنچى
ھادىسىدەك، غايىب رەقىبلەر ئۇلارغا قەست قىلىپ، جۇدالىق كۈلپەتكە

دۇچار قىلىدىغاندەك سىزىلەتتى . "ماڭا نېمە يېتىشمەيدۇ زادى؟ ـ دەيتتى ئۇ بەزىدە ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ ، ـ ئانام ئالدىمدا هايات ، ۋاپادارىم خۇماخان مەن ئۈچۈن شەيدا ، دوست ـ يارەنلىرىم بولسا ، ئەتراپىمدا پەرۋانە . . .

" راست ، مۇنداق قارىماقلىققا سەلەي هەممە جەھەتتىن تەلتۆكۈس ـ بەختىيار ئورتاق ئەركىنلىك ، شەخسى خاھىش ئورنىنى مەجبۇرىيەت ۋە قىسىنچىلىق ئىگىلەپ ، مانا ـ مانا ئۆتە ـ ئۆگۈن قانداقتۇر بالايىئاپەت كاساپەت ئۇنى ، خۇماخاننى ـ هەممىنى هالاكەتكە دۇچار قىلىپ ، سۆيۈملۈك دولان

يېزىسىمۇ ئورنى ـ ئىزدىن يوقىلىپ ، خارابىلىككە ئايلانغاندەك كۆرۈنەتتى سەلەيىنىڭ كۆزىگە .

سەلەيدىكى مەنئۇى ئۆزگىرىش ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كەلگەندىن بۇيان بولغان ئەمەس . بەلكى ، ھەربىي سەپتە يۈرگەندە ، خۇسۇسەن كەسكىن سىياسىي ۋەزىيەت مەزگىلىدە پەيدا بولۇپ ، ماۋچىلار ئىجرا قىلىۋاتقان ساختا مىللىي سىياسەتكە قانداق گۇمانلىق قارىسا ، شەخسىي ئىستىقبالىغىمۇ شۇنداقلا شەك كەلتۈرىدىغان بۆلىۋالدى . ئەمما ، بۇ خىل ئىچكى كەچۈرمىلىرىنى خۇماخانغىمۇ ، دوستلىرىغىمۇ ئىزھار قىلىپ ، ئورتاقلاشقىنى يوق ، چۈنكى بۇ پىكرى قارىمۇ ـ قارشىلىقلار تېخى بىر تۈگۈنگە تۈگۈلۈپ قارارىنى تاپمىغان قىياس يىغىندىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى . بىلىم سەۋىيىسى تۆۋەن ، سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ئاڭ ـ سېزىمى ئىنتايىن چەكلىك ، هايات تەجرىبىسىمۇ تېخى خام سەلەي مەۋجۇت ۋەزىيەتكە تولۇق باها بېرەلمەسلىكى تەبىئىي . ئۇ هەق ، ناهەققە ئېتىقاد قىلىپ ، هەممە هادىسىلەرنى شۇ ۋىجدان تارازىسىدا ئۆلچەشنى بىلەتتى ـ خالاس .

ـ كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا بېشىڭنى قوشاپ قويسام ـ گۆرۈمدە تىنچ ياتاتتىم ، بالام ، ـ دېدى خىيالچان ئولتۇرغان ئوغلىنىڭ ئالدىغا چاي قويغان ئانا .

ـ ئالدىرىما ، ئانىكا ، ـ دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى سەلەي .

سەلەينى ئۆيلەپ قويۇش تاجىخان ئايلامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇمىدى بولغاچقا ، بۇ ھەقتە كۈنى نەچچە قېتىم گەپ قوزغىلاتتى .

ـ جاهاننىڭ رەپتارىدىن قورقاپ يۈرىمەن . . .

تاجىخان ئايلام سۆزىنى ئاياغلاشتۇرالماي، قېقىلىپ كەتتى. "سېنىڭمۇ
غەم ـ ئەندىشەڭ بار ئىكەندە، بىچارە ئانام... راست، ھازىرقى
ۋەزىيەتنىڭ ئاقىۋىتىدىن ھەممەيلەن قورقۇشى تۇرغان گەپ"، ـ دېگەن
خىيال كەچتى سەلەينىڭ كۆڭلىدىن.
ـ سېنى تېۋىپلارغا كۆرسەتمىسەم بولمىدى، ئانىكا، يۆتىلىڭ كۈچىيىپ
كېتىۋاتىدۇ، ـ دېدى ئۇ گەپنى باشقا ياققا بۇراپ.
ـ مېنىڭ كېسىلىم تۈزىلەر ئەمەس. غېمىم سېنىڭدە، ئۆھۆ، ئۆھۆ...
ـ ئەنە، يەنە باشلاندى. ئۆزۈڭنى كايىتمىغىنا، جېنىم ئانىكام... مەندىن
غەم قىلما، مەن چوڭ بولۇپ يولۇمنى تاپىمىغۇ.
ـ كېلىن كۆرسەم دەپتىم... ـ ئانا بۇ قېتىم تېلىقىپ قالغاندەك قېقىلىپ
كەتتى.
قىرىق يېشىدىن تارتىپ سىل كېسەلگە مۇپتىلا بولغان ئانىسىغا داۋا
يوقلىغىنى سەلەي ياخشى بىلەتتى. پەقەت، ياخشى
كۈتۈم بولغاندىلا ئۆمرىنى بىر قەدەر ئۇزارتىشقا بولاتتى. قېنى شۇ
ئىمكانىيەت؟
ئۇنىڭ قولى قىسقا. ئانىنى ياخشىلاپ داۋالاشقا چامى كەلمەيدۇ. ھەتتا
گۆشلۈك تائام بىلەن قامداشقىمۇ ماجالى يوق... سەلەي
ئۆزىنى مېھرىبان ئانىسى ئالدىدا ئەيىبلىك كىشىدەك خىجالەتمۇ
بولىدىغان.
ـ ئاز چىداپ تۇر، ئانىكا. مەن ئۆزۈمنى ئوڭلاپ ئالاي. ئالدىڭدا
كېلىنىڭمۇ بولار...
ـ ئۇھ... ـ ھاردۇقى چىققاندەك، چوڭقۇر تىنىق ئالدى ئانا.
سەلەي چاينى قۇرۇق سۇمەردىدە، ئورنىدىن قوزغالدى.
ـ يەنە نەگە؟ ـ چۆچۈگەندەك سورىدى تاجىخان. ئۇنىڭغا سەلەي
ئۆيدىن چىقىپ كەتسە، قايتىپ كىرمەيدىغاندەكلا سېزىلەتتى كېيىنكى
كۈنلەردە.
ـ ۋېلاخۇنغا يولۇقىدىغان ئىشىم بار ئىدى، ـ دېدى ھويلا ئوتتۇرىسىدا
توختىغان سەلەي.
ـ خۇداغا ئامانەت... ئۆھۆ، ئۆھۆ...

كوچا بويلاپ چوڭقۇر خىيالدا كېتىۋاتقان سەلەي ئاندا ـ ساندا ئۇچراشقان كىشىلەرنىڭ سالام ـ سائىتىنى ئاڭلىماي ئۆتۈپ كېتەتتى .
ئۆتكەن ئاخشام يېزىلىق "ئاكتىپلار" يىغىنىغا سەلەينىمۇ تەكلىپ قىلىشقانىدى . رايوندىن كەلگەن ۋەكىلنىڭ سۆزىگە قارىغاندا
"شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەمگە" ئىچكى خىتايدىن چىقىدىغان ئاھالىنى داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش بىلەن بىللە ،
ئۇلارغا ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ بىرسىنى بوشىتىپ بېرىش ۋە ئۆي جاھازلىرىنىمۇ "سېنىڭ ، مېنىڭ" دېمەستىن تەڭ ئوتاق پايدىلىنىش لازىمىمىش .
"خوپ ، ـ دەيتتى شۇ مەسىلە ئۈستىدە ئاخشامدىن بۇيان مۇلاھىزە قىلغان سەلەي ، ـ ماكانسىز خىتايلار كۆچۈپ چىقسا چىقسۇن ،
يېرىمىز كەڭ ، قۇچىقىمىز ئوچۇق . تەييار يەر ، جايغا ئېگە بولۇشماي ، ئۆزلىرى يەر ئېچىپ ، سۇ چىقىرىپ ، ماكان سېلىپ ، ئاندىن
كۆچۈپ چىقسا كىمنىڭ دەردى... ئاستا ـ ئاستا بىزلەرنى سىقىپ چىقىرىپ ، ئالگەدەن قىلماقچىمۇ ، يە؟ تېخى "قارشى چىققۇچىلار ،
نارازىلىق قىلغۇچىلار ـ مىللەتچى ، ئەكسىل ئىنقىلابچى بولارمىش..."
ـ ۋەي ، يۇرتداش ، ـ دېگەن تاۋۇش سەلەينىڭ گادىرماچ مۇلاھىزىلىرىنى بۆلۈۋەتتى . ئۇ چۆچۈگەندەك ، كەينىگە قارىۋېدى ، ئەپكەشلىك
باداڭغا يۇك ـ تاقىنى سېلىپ كۆتۈرگەن ، ئۇچىسىدا نەچچە يېرىگە ئالا ـ بۇلا ياماق چۈشكەن كۆينەك ـ تامبال ، پۇتىدا كەندىردىن توقۇلغان چاباتاي ،
يالاڭۋاشتاق خىتاي يىگىتى ھىجىيىپ تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ كەينىدە بولسا ، باش چوققىسىنىڭ تۈكى قالمىغان ، ياز بولسىمۇ ، يىرتىق كونا چاپان كىيىپ ،
پاختىلىق ئىشتاننىڭ پۇچقاقلىرىنى پاقالچاقتىن بوغۇۋالغان ئۆشكىنىڭ تۇۋۇقىدەك كىچىك پۇتلىرىدا لاتا خەي ، يۈز ـ كۆزى ئاغىچا يۇغۇچتەك قورۇلۇپ كەتكەن قېرى موماي ئارانلا ئۆرە تۇراتتى . ئۇ ئىككى تىرىك جان ئىگىلىرى سەلەينىڭ كۆزىگە خۇددى يېڭىلا گۆردىن چىققان ئەرۋاھلاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى .
ـ خۇماخان دېگەننىڭ ئۆيى قايسى؟ ـ خىتايچىلاپ سورىدى سەلەيدىن

ھىجىيىپ تۇرغان خىتاي يىگىتى.
ـ نېمە قىلاتتىڭ؟ ـ دېدى خۇماخاننىڭ ئىسمى چىقىش بىلەن يۈرىكى جىغغىدە قىلغان سەلەي.
ـ ئانام ئىككىمىزنى شۇلارنىڭ ئۆيىگە تەقسىم قىلىشتى.
سەلەي جاۋاب بېرىش ئورنىغا، مونۇ كۆزىگە بۇلاڭچىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىغان خىتايغا تىكىلىپ قاراپلا قالدى. شۇ تاپتا 1950 ـ يىلى، ئەتىياز پەسلى "يەرلىك خەلققە ياردەم" دېگەن باھانە بىلەن "خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ" بىر تۇركۇم ئەسكەرلىرى باشقا يېزىلار قاتارىدا دولان
يېزىسىغا كېلىپ، زىرائەتلەرگە "ياردەم" قىلىشقانلىقى؛ ئەل قاتارى ئىككى ئەسكەر سەلەيلەرنىڭ كۆكتات تېرىيدىغان يېرىنى يۇمشىتىپ، چۆنەك ـ كەيزىلەرنى قىرلاپ بەرگەنلىكى سەلەينىڭ كۆز ئالدىغا تىكلەنگەن ئىدى. "قاراڭلار بۇ نەيرەڭۋازلارنى، ـ دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، ـ ياردەم قىلىمىز دەپ پوستىمىزغا كىرمەكچىكەندە بۇ كەشى ئوغرىلىرى... ھىم، شۇ چاغدىن تارتىپ قايسى ئۆيگە قانچە ئادەم سىغدۇرۇشنى چەنلىگەن ئىكەندە!.." گۇمان، پەرەز ئېغىر كەلدى، ئەتىمالىم، سەلەينىڭ پېشانىسىدىن سوغ تەر ئېقىشقا باشلاپ، چىرايى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئىدى.
ـ نېمىشقا جاۋاب قىلمايسىز ياكى سىز بۇ يېزىلىق ئەمەسمۇ؟ ـ تەكرار سورىدى خىتاي.
ـ نېمىشقا بۇ يېزىلىق بولمايدىكەنمەن؟ ئۇقۇپ قوي: بىز ئەبەدىلئەبەد مۇشۇ دىيارنىڭ ئادىمى بولىمىز! ـ كەسكىن جاۋاب قىلدى سەلەي.
ئۇ ھەر بىر ئىبارىنى خىتايچە ئۇرغۇ بىلەن قەيت قىلدىكى، خىتاي يىگىتى ئۇنىڭ خىتايچىنى ئەركىن سۆزلىشىگە ھەيران قالدى.
ـ ئۇنداق بولسا، خۇماخانلارنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ بىرىڭە، يولداش. قاراڭا، ئۇزۇن يولنى باسقان ئانام ئاران ئاياق ئۆرە تۇرىدۇ.
ـ ئەستاغپۇرۇللا... ـ دېدى سەلەي ئۆيغۇرچىلاپ. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ مۇقەددەس ئىسمى ـ خۇماخان، مونۇ ياچۇەكتەك چەكچىيىپ
تۇرغان خىتاي يىگىتىنىڭ ئاغزىدا تەكرارلانغانلىقىغا غىجىغى كېلىپ، ھەستى قاينىغاندى. سەلەي بىردىن جىددىي رەۋىشتە شۇنداق دېدى:

ـ سىلەرگە تۇراق ماكان كېرەك بولسا، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىڭلار.
ـ ياق، ـ دېدى ختاي چانىقىدىن چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ـ تەشكىلىنىڭ تەقسىماتىنى بۇزالمايمەن. بەلكىم، سىزنىڭ ئۆيگە باشقىلار بارار.
ـ باشقىلار؟!
ـ سىزنىڭ ئىسمىڭىز كىم؟
ـ سەلەي! ـ خالا ـ خالىماس جاۋاب بەردى سەلەي.
ـ سە ـ لە ـ يى؟ ـ دەپ كالپۇكلىرىنى تامشىدىدە، قوينىدىن ماۋ زې ـ دۇڭنىڭ سۈرىتى چۇشۇرۇلگەن قىزىل مۇقاۋىلىق دەپتەرچىنى
ئېلىپ ۋاراقلاپ، ـ سىلەرگە شاگىي ئىسىملىك قىز بىلەن دادىسى...
ـ نىمە، نېمە؟! ـ ختاي يىگىتنىڭ سۆزىنى كېسىۋەتتى سەلەي. ئۇ ئۆلۈم ھۆكۈمىنى ئاڭلىغان كىشىدەك، داڭقېتىپ قالدى.
ـ بىز ـ ھەممىمىز خۇنەن ئۆلكىسىدىن...
ـ قەيەردىن بولساڭ بولۇۋېرىشكىن، قېنى ھېلىقى ماڭا بۆلۈنگەنلەر؟
ـ ئۇلار تېخى يولدا. لېكىن تىزىملىرى بۇ يەردە...
ـ بولدى، بولدى! ـ دېدى ـ دە، خۇماخانىلارنىڭ ئۆيىنىمۇ كۆرسەتمەستىن مېڭىپ كەتتى سەلەي. ئۇنىڭ كەينىدىن ئوق ئېلاندەك بېشىنى
شىنتايتىپ قاراپ قالغان ختاي: "توختا، سەن بىلەن يىغىندا سۆزلىشەرمىز"، ـ دېگەندەك قولىنى شىلتىپ، قېرى ئانىسىنى
يېتىلىگەن پېتى، كوچا بويلاپ كەتتى.
"ھارۋىدا يۈرۈپ توشقان ئالىدۇ"، ـ دەپ بىكار ئېيتمىغان ئىكەندە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز. ۋاي مەككارلارەي... سوڭىنى پاتۇرۇپ ئالغۇچە
مۇرىمىزنى راسا پەپىلەپ، ئەندىزە سىرتىمىزدىن ئۆي ـ ماكانىمىزنى تەقسىملەڭ. ھا، ھا، ھا!" ـ ئاچچىق ھەسرىتىدە ئەسەبىي كۈلۈشكە باشلىدى
سەلەي يولدا كېتىۋېتىپ.
ـ "توختا توختا!" ـ دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، ـ قىزلار بار ئۆيگە يىگىتلەرنى، يىگىتلەر بار ئۆيگە ـ قىزلارنى تەقسىملەشتە نېمە مەقسەت

بارىكىن؟" سەلەيىنىڭ يۈرىكى ئېغىپ، ئەنسىز دۈپۈلدەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ يادىغا يېقىندىلا "شىنجاڭ گېزىتى"دە ئېلان قىلىنغان

"نىكاھ ئەركىنلىكى" ناملىق ماقالە چۈشتى. ماقالىدا ختايلار يەرلىك مىللەتكە، يەرلىك مىللەتلەر ــ ختايلارغا نىكاھلىنىشقا دەخلىسىز

دېيىلگەنىدى. ھەتتا توسقۇن بولغۇچىلارنى جازالاش ئاگاھلاندۇرۇلغان. "ھە، ھە! ئەمدى چۈشىنىشلىك بولدى. بۇ ئەركىنلىك ئەمەس، ــ

مەككارلىق ھەتتا زورلۇق..." سەلەيىنىڭ قەلبىدىكى گۇمان ھالىتىدىكى پەرەزلەر شەكىللىنىپ، رېئال ھالەتكە ئايلىنىدىكەن، ۋىجدانى

ئازابلىنىپ، ئۆزىنى قويار جاي تاپالماي قالدى. ئۇ ئېغىر كۆچۈرمىلەردىن قېچىپ كېتىۋاتقاندەك، قەدىمىنى چاپسانلىتىپ، ۋېلاخۇننىڭ

ھويلىسىغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كىرىپ كەلگەن ئىدى.

ئىخچامغىنا باغچىسىدىكى كۆكتاتلىققا سۇ قويۇۋاتقان ۋېلاخۇن سەلەينى كۆرۈشى بىلەن كەتمىنىنى چۆنەك قىرىغا تىكلەپ قويدى ـ دە، خۇشخۇيلۇق بىلەن:

ــ كەل، كەل سەلەي چوڭ. يېڭىلا كۆڭلۈمدىن كېچىۋېدىڭ، ــ دەپ دوستىنىڭ ئالدىغا كەلدى. سەلەي جاۋاب بېرىش ئورنىغا ئىنتايىن

ھەۋەس ۋە سەرەمجانلىق بىلەن پەرۋىش قىلىنغان كۆكتاتلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ھېلىراقتىكى غەشلىكى تارقالغاندەك بولدى، ئەتىمالىم، باغچىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى.

بىر سېرىمدا جالا پوچاق، قىيىق پوچاق، ماش پوچاق؛ ئىككىنچى سېرىمدا تەرخەمەكلەر قومۇشتىن ياسالغان تەمسىگە ياماشقان بولۇپ،

غۇچچىدە چۈشۈپ كېتىپتۇ. قەغەزگە سىزىلغاندەك تەپ ـ تەكشى چۆنەكلەردە بولسا ــ ئاشچامغۇر، تۇرۇپچامغۇر، پالەك، ئاقسۇتكە، سەۋزە ـ پىياز،

چەلەڭبەيخا؛ كىگىز ئورنىدەك ئۈچ كەيزىدە پەمىدۇر، چەيزە ـ لازىلار ئادەمنىڭ زوقى كەلگۈدەك ئايىنغان.

ــ سەيچى تۇڭگان قېرىنداشلاردىن ئۆتۈپ كېتىپسەن جۇمۇ، ۋېلى چوڭ،

ــ دېدى دوستىنىڭ ئىشچانلىقىدىن مەمنۇن بولغان سەلەي.

ــ راستىنى ئېيتسام: سۇ تۇتۇپ، چۆنەك قىرلاپ بەرگىنىم بولمىسا،

بۆلارنى چىمەن ئۆستۇرگەن .

ـ راستلا ، چىمەن نەدە؟

ـ ئۆلارنى بۇگۈن چۈچۈك بۆيا كولاشقا ئېلىپ كېتىشتى .

ـ ھەجەپ ، سىنى ئاپىرىشماپتا؟

ـ ئاپارمامدىغان . باشلىقمدىن بىر سائەتكە سوراپ كەلدىم . قارىغىنا ، كىچىك بالىدەك تەلپۈنۈپ تۇرغان ئوتياشلارنى سۆسىز قانداقمۇ تاشلايسەن؟

ـ ئوتياشلار بولۇقكەن . كۈزلۈككە ھوسۇلۇڭنى كوپىراتسىيە تارتىپ ئالمىسا

ـ ئۇغۇ تۇرغان گەپ . شۇندىمۇ تاغا تېگى بىر نېمە قالسا قىشلىق

ئوزۇق بولۇپ قالار . يۈر ، ئۆيگە كىرەيلى .

ـ رەھمەت . مەشەدە پاراڭلىشايلى .

ئىككى دوست چۆنەك قىرىغا ئولتۇرۇشقان بولسىمۇ ، پاراڭنى نېمىدىن باشلاشنى بىلىشمەي ، بىر پەس جىم بولۇشۇپ قېلىشتى .

ـ بىر ئىشىنىڭ بېشىنى تۇتساڭ بولاتتى ، ـ دەپ سۆز ئاچتى ۋېلى . ـ ئۇستۇڭدىن پىكىر بارلىقى مەلۇم .

ـ ئۇھ... نېمە قىلسام بولدىكىن .

ـ بىزگە قوشۇل . ياكى ، خىتاي تىلىنى بىلگەندىكى ، تەرجىمان بولساڭ...

ـ تەر ـ جى ـ مان؟! ـ ۋېلاخۇننىڭ تەكلىپىگە ئاچچىقى كەلدى سەلەينىڭ ، ـ ھېلىقى كۆيدۈرگە زايىرنىڭ كەسپىنى قىل دەپسەندە!

ـ تەرجىمانىنىڭ ھەممىسى زايىر زاغۇندەك بولاتتىمۇ . ياق ، بۇ پىكرىڭ خاتا ، سەلەي چوڭ .

ـ مەسىلە ئۇنىڭدا ئەمەس . كۆڭلۈم ھېچ نەرسىنى تارتمايدۇ . راستىنى ئېيتسام ، ھېچ نەرسىگە ئىشەنمەس بولۇپ قالدىم...

ۋېلاخۇن ھەيران بولغاندەك دوستىغا قارىدى . سەلەي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، تاماكا ئوراشقا كىرىشتى .

ـ بۇ يېقىندىن سىنىڭدە قانداقتۇر ئۆزگىرىش بارلىقىنى سېزىپ يۈرىمىز .

ـ سېزىپ يۈرىمىز؟

ـ ھە ـ ئە! دوستلاردىن سىر يوشۇرغان ياخشى خۇلۇق ئەمەس . ياكى بىزگە ئىشەنمەمسەن؟

ـ تەنەڭنى قوي . ئۆزۈممۇ ئوي ـ پىكرىمنى يىغىپ بىر قارارغا كېلەلمەي

يۈرىمەن .

ـ گېپىڭگە زادىلا چۈشىنەلمىدىم جۇمۇ .

ـ ئۆزۈمنى قەپەس ئىچىگە چۈشۈپ قالغاندەكلا سېزىمەن .

ـ ھەجەپ ، ـ دېدى دوستىنىڭ ئىچكى ھالىتىگە ئانچىۋالا چۈشەنمىگەن ۋېلاخۇن ، ـ ئادەمنى بۆرۈقتۇم قىلماي ، كۆڭلۈڭدىكىنى تۆكمەمسەن .

ـ ئۆزۈڭ ئەتراپىڭدا نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىنى سەزمەمسەن؟

ـ نېمە بولاتتى؛ ئالەم دۈم بولۇپ كەتمىگەندۇر؟ ـ مىيىقىدا كۈلدى ۋېلاخۇن .

ـ ئۈرۈمچىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن چوڭلىرىمىزنى "ئوڭچى" ، "مىللەتچى دەپ ھۆكۈمەت ئىشىدىن چەتلەشتۈرۈپ جازالاشتى . ۋىلايەت ، ناھىيىلىك كادىرلىرىمىزنىڭ بېشىغا ھەر تۈرلۈك سىياسىي قالپاقلارنى كىيدۈرۈپ ، ئۇلارنىمۇ تېرە ـ پېرەڭ قىلىشماقتا . ئەمدى ، ئاستا ـ ئاستا يېزا كادىرلىرىنىڭ بېشىدا تۈگمەن تاش ئوينىمايدۇ دەمسەن؟ ـ سەلەي سۆزلەيدىكەن ، ئۇنىڭ يۈزى تاتىرىپ ، قوللىرى ئەسەبىي تىترەتتى .

ۋېلاخۇن چالا ساۋاتلىق يىگىت بولسىمۇ ، يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدىن بۇيان ھەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئىشلىرىغا قاتنىشىپ ، مەلۇم دەرىجىدە "كۆزى ئېچىلغان" يېزا ئاكتىپلىرىنىڭ بىرسى ئىدى .

يەر ئىسلاھاتىدا تۆت مو يەر ۋە بىر ساپانغا ئېگە بولغان بۇ ياللانما دېھقان ئاشۇ "كۆرەش مېۋىسى"نى كوئوپېراتسىيىسگە قوشۇپ ، شۇنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ ئىشلەيتتى ۋە ئاق كۆڭۈل بۇ يىگىت ماۋچىلارنىڭ رەزىل سىياستىنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە ئانچە سىنچىلاپ زەن قويماي ، پەقەت ، ئەمگەك بىلەن مەشغۇل بولغاچقا ، بەزى نەرسىلەردىن خەۋەرسىز ئىدى . سەلەينىڭ سۆزلىرى ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويدى .

ـ بىز يوقسۇل ـ گادايلىنى نېمە قىلار؟ كۆلەڭگەڭدىن قورقۇپ يۈرمە ، دوستۇم .

ـ مەنمۇ باشتا ئاشۇلارنىڭ بىرەر گۇناھى بار دەپ ئىشەنگەن . ئەمدى ئۇنداق ئەمەسلىكىگە كۆزۈم يەتتى . كورلىدا مۇئەللىملەرنى ، ھەتتا ئون تۆت ، ئون بەش ياشلىق ئوقۇغۇچىلارنىمۇ "يەرلىك مىللەتچى"

دەپ ئەيىبلەپ سولاۋاتسا، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش
لاگېرلىرىغا پالاۋاتسا، كۆڭلۈڭگە گۇمان چۈشمەي، شەيتان چۈشەمدۇ؟ ــ
سەلەي ئورنىدىن چاچراپ تۇرغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.
ــ باشتا: "سىلەرگە ياردەم قىلىپ، قەددىڭلارنى كۆتۈرىمىز" دەۋېدى،
ئەمدى يەر سۇ بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۆي ــ بىساتلارغىمۇ تەگىشىپ
بولۇشماقتا.
ئەتە ــ ئۈگۈن ئۆيۈڭدىن ھەيدەپ چىقارمىسا...
ــ ئاستا ــ ئاستا، ــ سەلەينى توختاتتى ۋېلاخۇن. ــ مېنى نېمە قىل
دەيسەن؟
ــ نېمە قىلىشنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئىچىمدىكى دەردىمنى ساڭا
ئېيتماي، كىمگىمۇ ئېيتاي، دوستۇم. ــ سەلەي ئېغىر ھاردۇق يەتكەن
ئادەمدەك،
لاسسىدە ئولتۇردى. ۋېلاخۇنمۇ چوڭقۇر ئويغا پاتتى. ئىككى دوست
ماۋچىلار شىنجاڭغا كىرگەندىن (1949 ــ ي.) بۇيانقى ئەھۋاللارنى،
مۇشۇ كەمگىچە ماۋغا ئىشىنىپ، بۇلارغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى؛ ئاخىر ــ
ھېساپىتا كۆتكەن ئۈمىدلەرنىڭ ئەكسىچە روي بېرىشكە يۈز تۇتقانلىقىنى
خىياللىرىدىن كەچۈرىدىكەن، قانداقتۇر تۇيۇقسىز، چۈشىنىكسىز گۇمان ــ
ئەندىشىلەر ئۇلارنىڭ قەلبىنى چۇلغاپ، ئازابلىناتتى. لېكىن، نېمە قىلىش
كېرەكلىكىنى بىلىشمەيتتى. گەرچە ماۋچىلارغا نارازىلىق كەيپىياتى
تۇغۇلغان بولسىمۇ، تېخى ئۇلاردا ئوچۇق قارشى چىقىش، باشقىلار بىلەن
بىرلىشىپ تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسىتىش نىيەت ۋە قەتئىيەتلىك
تىكلەنمىگەن ئىدى. بەلكىم، ئاتا ــ سەۋىيىسى كامچىلىق قىلىدىغاندۇر
ياكى جۈرئەت ــ شجائىتى يېتىشمىگەندۇ ــ ھەر ھالدا، ئۇلارنىڭ ئىچكى
نارازىلىقى تېخى تېشىغا تېپىپ چىققىنى يوق...
* * *

تاۋۇت يوپۇغىدەك، ئۇستى برىزېنت بىلەن قاپلانغان ئاۋتوماشىنا ئويمان ــ
دۆڭ يولدا توپا ــ چاڭ توزۇتۇپ، ئىلدام كەلمەكتە. شوپۇرنىڭ
چاپاق قاينىغان كۆزلىرى، قاسماقلاشقان جاۋغىيى ۋە تەر قېتىپ

كىرلەشكەن يۈزىگە قارىغاندا يولۇچىلار ھېچ يەردە توختىماي، تۈن قېتىپ
كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم. شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ھەربىي كىشى تاتىلىق
ئۈيقۇ ۋەسۋەسىدە مۈدۈرۈپ چايقىلىدۇدە، دەم شىلىلىسىنى
يۆلەنچۈككە، دەم دوقا ماڭلىيىنى تۈتقىغا ئۇرۇۋۋالىدۇ ۋە قان ئۈيىغان
كۆزلىرىنى قىيا ئېچىپ، شوپۇرغا ئالىيىپ قويىدۇ. ئۇ ھارۋىنىڭ
چاقى بېسىۋالغاندەك، ئوتتۇرىدىن بەلدەم پاناق بۇرنىدا دەم ئالالمىسا
كېرەك، ئەتىمالىم، پاقىغا ئوخشاش ئاغزىدا دەم ئالاتتى ۋە قېپىدىن
چىقىرىپ، يالڭاچ تۈتۈپ ئالغان مائۇزېرىنى پوكىنىغا مەككەم بېسىۋاپتۇ.
ئەمدى كوزۇپقا جايلاشقان، كۆلرەڭ ئەسكىرىي كىيىملىك، بەش
نەپەر چېرىك بولسا، ماشىنا ھەر سىلكىنگەندە پومزەكتەك قاڭقىشىدۇدە،
كېچىسى كۆزەت، كۈندۈزى ئەمگەك قىلىدىغان
بۇ "قورالىلىق دېھقانلار"، پاڭشىڭ ئۇخلىشىپ كېلىشمەكتە. چېرىكلەر
قاتارىدا بېشىغا تىيەنجىڭ شلياپىسى، ئۇچىسىغا "كادىر چاپىنىنى"
كىيىپ،
كۆزىگە قارا كۆز ئەينەك تاقىۋالغان پاكار بويلۇق بىرلا كىشى ئۇخلىماي
ئولتۇراتتى. ئۇ كوزۇپنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۈگۈچەكلىنىپ، ئىككى پۇتىنى
قۇرۇق بالونغا تىرەجەپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ماشىنا
يوپۇغىنى قايرىپ ئەتراپقا كۆز تاشلىغىنىغا قارىغاندا يول باشلىغۇچى ئادەم
ئىكەنلىكى بايقىلاتتى.
ئاۋتوماشىنا دولان يېزىسىنىڭ چېتىغا يەتكەندە ھېلىقى كۆز ئەينەكچان
ئادەم ئىرغىپ تۇردى ـ دە، برېزېنت يوپۇقنى قايرىپ، بېشىنى چىقاردى ۋە
خىتايچىلاپ: "كەلدۇق" دەپ ۋارقىرىدى. خىيالدا كېتىۋاتقان شوپۇر
ئاڭلىمىدى. "كەلدۇق، يەتتۇق..." دېگەن تاۋۇش تەكرارلاندى. دۇمباق
چالغاندەك، كابىنا ئۈستى گۈمبۈرلەپ كەتتى ـ ماشىنا توختىدى.
ـ كەلدۇق، سوجاڭ ـ دەپ كابىنكىنىڭ ئىشىگىنى ئاچتى كۆز ئەينەكلىك
كىشى ۋە "ھى ـ ھى..." دەپ ئورۇنسىز ھېجايدى. سوجاڭ ئۇخلاپ
قاپتۇ.
ئۇنى ئويغىتىشقا پېتىنالمىغان كۆز ئەينەكلىك كىشى شوفېردىن مەدەت
كۈتۈپ، ئۇنىڭغا شەرەت قىلدى. شوفېر گۈدوكنى نەچچە قېتىم قاتتىق

باسقاندىن كېيىنلا ، سوجاڭ كۆزىنى ئېچىپ چۆچىگەندەك:
ـ نېمە ئىش؟ ـ دەپ سورىدى ، ئەسنەك ئارىلاش .
ـ يېزىغا كەلدۇق ، سوجاڭ . ۋاي ، ۋاي... يۈز ـ كۆزىڭىز تازىما توپا بولۇپ كېتىپتا! ـ دەپ يانچۇغىدىن قول ياغلىق چىقىرىپ ، ناھايىتى چاققانلىق بىلەن
سوجاڭنىڭ يۈزىنى سۈرتۈشكە باشلىدى كۆز ئەينەكلىك كىشى . ئۇنىڭ بۇ يالاقچىلىغى ياقمىدى ، ئەتىمالىم ، ئۇنىڭ قولىنى قېقىۋەتتىتە ، يەرگە
چۈشۈپ ئەسنەك ئارىلاش كېرىلگەندىن كېيىن ، كۆزوپىتىن چۈشۈشكە باشلىغان چېرىكلەرگە:
ـ قۇراللارنى بەتلەپ ، تەق بولۇڭلار! ـ دەپ بۇيرۇق قىلدى سوجاڭ . ئۇنىڭ ھېلىلا ماكچايغان كەشىدەك يۈزى بىردىن جىددىي تۇسكە كىرگەن ئېدى .
ـ باشلاپ ماڭ ، زايىلى ، ـ بۇيرۇق قىلدى كۆز ئەينەكچانغا ۋە جاۋاپ كۈتمەيلا ، كابىنكىغا قايتىدىن ئولتاردى .
ماشىنا سەلەيلەرنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىغان چاغدا تاجىخان ئايلام ھويلا ـ ئارامنى سۈپۈرىۋاتاتتى . سائدە دىل ئايال ئەسكەرىي
كىيىملىكلەرنى كۆرۈپ ، سەلەينىڭ خىزمەتداش دوستلىرى دەپ ئويلىغاچقا خوشال بولۇپ ، مېھمانخانىنىڭ ئىشىگىنى ئېچىشقا ، كۆرپە سېلىشقا
يۈگۈرگەن ئېدىيۇ ، بىراق تەكەللۇپسىز "مېھمانلارنىڭ" بىرسى ئۇنىڭ ئالدىدىن توراۋالدى .
ـ سەلەي قېنى؟ ـ دەپ سورىدى كۆز ئەينەكلىك كىشى .
ئاڭ ـ تاڭ بولغان تاجىخان ئايلام قارا كۆز ئەينەك تاقىغان مونۇ سۈرلۈك ئادەمدىن باشتا ئەيمەنگەن بولسىمۇ ، ئۇنىدىن زايىر ئىكەنلىكىنى تونۇپ ،
كۆڭلى تىنغاندەك بولدى ـ دە:
ـ ئاتىكامەي ، زايىر چوڭ...
ـ لولىلىغىڭنى قوي ، دەللە! سەلەي قېنى دەيمەن؟ ـ ئۇ تاجىخان ئايلامنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ ، تاپانچىسىنى يالىڭاچلاپ ، ئىككى چېرىكنى

ئەگەشتۈرۈپ، ئۈيگە بېسىپ كىردى. قالغان ئۈچ چېرىك كۆزەتتە قالدى. سوجاڭ بولسا، سىگارىنى توغرا چىشلەپ، ساتىراشنىڭ ئۆزىنىڭ غادىيىپ
تۇرۇپتۇ.

كىچىچە سۆيگۈ كەۋسىرىنىڭ شەربىتىنى ئىچىپ، مۇھەببەت كەيپىنى سۈرگەن ۋە ھازىر ئىشقى قۇچىقىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان سەلەي، چۈشىدە دىلبىرى خۇماخان بىلەن بىرلىكتە ۋىسال ئالىمىنى سەيلە قىلماقتا ئىدى...

ــ تۇرە، ئوغرى! ــ دەپ سەلەينىڭ يانپىشىغا بىرنى تەپتى زايىر. قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان سەلەي "ئۇھ" دەپ سول يېنىغا ئۆرۈلدى. ئۇ چۈشىدە خۇماخاننى قوغلاپ كېتىۋاتىدۇ. خۇماخان قانداقتۇر تىلسىم چاتقاللىققا كىرىپ، غايىب بولدى. سەلەي ۋارقىرىسا ئاۋازى چىقماي، يۈگۈرەي دېسە پۇتلىرى كۆيىشىپ، ئورنىدىن قوزغۇلالماي ئاۋارە بولماقتا... كەينى ــ كەينىدىن تەككەن تەپكىلەردىن كېيىنلا: "خۇما...خوش"، ــ دەپ چاچراپ

ئورنىدىن تۇردى سەلەي... نىمە ئالامەت! بۇلار كىم؟ سەلەي ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيتى؛ ئۇنىڭ كۆزى تورلىشىپ، زايىر بىلەن چېرىكلەر قوش كۆرۈنۈشكە باشلىدى. سەلەي قولىغا كويزا، پۇتىغا تىزلىك سېلىنىغانلىغىنى، ئۆينى تىنتىپ، ئوڭتاي ــ توڭتاي قىلىۋېتىشكەنلىگىنىمۇ ئاڭقىرالمىدى.

ئۇ ئەس ــ ھوشىنى تۇيۇقسىز يوقاتقان ئادەمدەك، كۆزلىرىنى پاقىراتقان پېتى ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. پەقەت، تۆت ئايىغىنى بوغۇپ، سويۇشقا ھازىرلانغان

قوي سىياقى، پۇت ــ قوللىرىنى ماتاپ، ماشىنىنىڭ كۇزوپكىسىغا تاشلىغان چاغدىلا ئېسىنى يىققان ئېدى سەلەي ۋە دەل شۇ ئاندا ئانىسىنىڭ

"با ــ لام..." دېگەن يۈرەكنى ئەزگىدەك نالىسىنى ئاڭلاپ، غەزەپلىك يۇلقۇندىدە، يەلكىسىدىن بېسىپ ئولتارغان ئىككى چېرىكنى ئوڭدىسىغا يىقىتىۋەتتى.

"ئانا!" دەپ تەلپۈندى سەلەي. لېكىن چېرىكلەر ئۇنىڭ بېشىغا تاغارنى قاپلاپ يىقىتتىدە، كۇزوپنىڭ بۇلۇڭىغا نىقتاپ، يەنە ئۈستىگە ئولتىرىشتى.

ماشىنا كەينىدىن خېلە يەرگىچە ئەگىشىپ كەلگەن ئانا، ئىككى قولىنى ئۇزۇن سوزۇپ، "با ـ لا ـ م..." دېگەن پېتى ھالسىزلىنىپ، تويا ئۈستىگە سۇنالىپ يىقىلدى. بۇ دەھشەتلىك پاجىئەنى ئۆز ئىشى بىلەن بەنت بولغان يېزا ئاھالىسى تۇيماي قالدى. پەقەت دەل ـ دەرەخلەر دالدىسىدىن مارىشىپ تۇرۇشقان ھوشۇر تازچاق بىلەن ئۇنىڭ ئىككى جىيلىگىلا پاجىئەنىڭ گۇۋاچىلىرى بولۇپ قېلىشتى خالاس!

يۈز كىلومېتىردىن ئوشۇق مۇساپىدىكى شەھەرگە يېتىپ كەلگىچە نىمجان بولۇپ قالغان ئېدى سەلەي.

كەندىر ئاغامچا بىلەن ماتالغان بۇ تۇتقۇننىڭ قېچىپ يېتىشىدىن قورققان بەش نەپەر چېرىك يول بويى ئۇنىڭ يەلكىسىگە مىنىشىپ كېلىشتى.

قىمىر قىلىدېكەن، مىلتىق پەينىگى بېشىغا تېگەتتى. ماشىنا سىلكىنگەنسىرى كەندىر ئاغامچا تېنىگە تېخىمۇ كىرىشىپ، قان تومۇرلىرىنى

بويۇنتۇرۇقتتىدە، تېنى ئۇيۇشۇپ، زىڭىلداپ ئاغراتتى، دېمى بوغۇلاتتى.

ئۇنى ئۆلۈك ھالىتىدە ماشىنىدىن چۈشىرىشتى. چالا ئۆلۈك ھالەتتىكى سەلەيگە سۇ سېپىپ، ئۇسسۇزلۇق بېرىپ ھوشىنى ئەينىگى كەلتۈرگەندىن كېيىن، زىندان باشلىغىغا تاپشۇرۇشتى. بويىنغا ماجان ئاسقاندەك بىرەر يۈز ئاچقۇچنى ئېسىۋالغان گۇندىپاي سەلەينى كۆتىرىپ دېگىدەك مەخسۇس زىندانغا ئاپاردىدە، ئىشىكنى ئېچىپ، ئىچىگە ئىشتىرىۋەتتى. تۇرخۇندەك تار، تۇم قاراڭغۇ بۇ تىرىكلەر گۆرىنىڭ ئۇزۇنلىغى بىر غۇلاشچە، كەڭلىگى يېرىم غۇلاشچە بولۇپ، خېچىر تۇۋۇغىدەك روجەكتىن چۈشۈپ تۇرغان غۇۋا يورۇقتىن ھاشارەت، بۇرگە ـ چۈسا ئۇۋىسى، يەرگە سىلىنغان ئەسكى كىگىز بىلەن نىجاسەت چېلىگىنى ئاران پەرىق قىلغىلى بولاتتى.

سەلەي ئىككىنچى كۈنى ئاران ئەس ـ ھوشىنى يىغالىدى. ئەنە شۇ دەقىقىدىن باشلاپ دەھشەتلىك زىندان ھاياتى باشلانغان ئېدى.

* * *

ـ سىز مەسلىنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە چۈشەنمىگەن ئوخشايسىز،

تەرجىمان، ــ دېدى ۋىلايەتلىك جامائەت بىخەتەرلىكىنى ساقلاش باشقارمىسىنىڭ

بۆلۈم باشلىقى ۋاڭلى.

ــ چۈشەنمەمدىغان، ئەلۋەتتە چۈشەندىم، ھۆرمەتلىك كوجاڭ.

ــ مەسىلەن؟

ــ سەلەي ھۆكۈمەتكە چىش ـ تىرنىقى بىلەن قارشى ئۇنسۇر.

ــ خا ـ خا ـ خا! ــ ۋاڭلى كۈلگەن پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. چۈنكى زايىرنىڭ سەلەينى "ھۆكۈمەتكە قارشى ئۇنسۇر" دەپ دەلىللىمەكچى بولغانلىقى

ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقەتەن كۈلكىلىك تۇيۇلدى. ۋاڭلى ئوخشاش ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ھەممىلا كىشى گۇمانلىق ئۇنسۇر ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز جاسۇسى زايىرنىڭ مۇلاھىزىسى ۋاڭلىقى كۈلكىلىك تۇيۇلغان ئىدى.

ــ مۇبادا، ــ دېدى ۋاڭلىنىڭ خاھىشىنى قوغلاشقان زايىر، ــ سەلەي ئۈستىدىن بېرىلگەن مەلۇماتلار كاملىق قىلىدىكەن...

ــ توختا! ــ ئورنىغا قايتا ئولتۇردى بىردىن ئۆڭى ئۆچكەن ۋاڭلى، ــ سەلەي ۋە مىڭلىغان شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ بىزگە نىسبەتەن نارازىلىقىنى دەلىللەپ ئاۋارە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق!

ــ ھە ـ ھە... مېنىڭ كۆرسەتكەنلىرىم توغرا چىقىپتۇ ـ دە! ــ خۇشال بولدى زايىر، ۋاڭلىنىڭ كىنايىسىگە چۈشەنمەستىن.

ــ خې! ــ دەپ بۇرنىنى كەردى ۋاڭلى ۋە ئۇنى يەۋېتىدىغاندەك گۆلەيدى.

ــ سەن خىتاي مەكتىپىدە يۈز يىل ئوقۇساڭمۇ، ئۇلۇغ خىتاي مىللىتىنىڭ ئەخلاقىنى قوبۇل قىلالمايدىغان ئوخشايسەن! ئىسست، ئىسست... سەنلەرنى ئادەم قىلىمىز دەپ سەرپ قىلىنىۋاتقان ئەقىل ـ پاراستىمىز...

ۋاڭلىنىڭ غەزىپىدىن قورققان زايىر ئىككى پۈكلىنىپ، بېشى يەرگە تېگەي دەپلا قالدى.

ــ سەلەينىڭ سوۋېتلار سويۇزىنى ياقلايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ــ تۇيۇقسىز سوئال بەردى ۋاڭلى، زايىرغا خېلى قادىلىپ تۇرغاندىن كېيىن. مۇنداق مۇرەككەپ سوئال بېرىلىشىدىن بىخەۋەر زايىر، تېخىمۇ مەڭدەپ

كەتتى . شۇڭا نېمە دېيىشىنى بىلمەي ، تاشپاقىدەك ، بېشىنى يوشۇرۇشقا باشلىدى .

ــ سەلەيىنىڭ دادىسى سوۋېتلار سويۇزىغا بارغانلىقى راستمۇ؟

ــ ھە ــ ھە ، راست! ــ دەپ بېشىنى كۆتۈردى زايىر .

ــ مەسىلىنىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى بىر قەدەر روشەن بولسا كېرەك ، مەرھەمەتلىگىم ، ــ دېدى زاڭلىق ئارىلاش ۋاڭلى ۋە سىگارېتىدىن بىر تالنى چىشلىدى ــ دە ، يەنە بىرنى زايىرغا تاشلىۋېدى ، كۆكنەك پاقا ئىلغاندەك ، سېگارىنى ھاۋادىلا تۇتۇۋالدى ئۇ .

ــ سەلەيىنىڭ دادىسىنىڭ يېرىم ئۆمرى ئورۇسلار يېرىدە ئۆتكەن ، ــ دېدى ۋاڭلىغا سەرەڭگە يېقىپ بېرىۋېتىپ ، جاسۇس .

ــ سەن سىناقتىن ئۆتكەن ئىشەشلىك كىشى... توختا ، تولا مىشىلدىماي گېپىمنى تىڭشا!

ــ خوپ ــ خوپ...

ــ بىز ، ــ دېدى ، ئاۋازىنى پەسەيتكەن ھالدا ۋاڭلى ، ــ شىنجاڭدا سوۋېتلار سويۇزىنى ياقلىغۇچى كىشىلەرنىڭ بولۇشىنى خالىمايمىز . ئۇقتۇڭمۇ؟ خا ــ لى ــ ماي ــ مىز! ــ ئۇ قالدۇق سىگارتىنى كۈلدانغا بېسىپ ــ بېسىپ يانچىدىدە ، سۆزىنى يەنە قىلدى: ــ رۇسلار تەسىرىنى شىنجاڭ زېمىنىدىن قومۇرۇپ تاشلىمىغۇچە خاتىرجەم بولالمايمىز ، خا ــ تىر ــ جەم... ئەندىغۇ چۈشەنگەنسەن؟

ــ چۈشەنمەمدىغان ، كوجاڭ . مەنمۇ ئورىسلاردىن مەرەزدىن قاچقاندەك قاچىمەن ، ــ دەپ ۋاڭلىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى زايىر .

ــ مانا شۇنداق مۇلاھىزە قىلغىنىڭ ياخشى . لېكىن قۇرۇق مۇلاھىزە كۇپايە قىلمايدۇ . سوۋېت تەسىرىگە قارشى كەسكىن كۈرەش قىلىش كېرەك . سەن... ــ ۋاڭلى ، كانىيىغا ئۇستىخان قاپلاشقاندەك ، قاقىلداپ كەتتى ــ دە ، ئېغزىدىن ئوشۇقتەك خەپرۇك ئۇرغۇپ گىلەمگە چۈشۈۋېدى ، زايىر قول ياغلىقى بىلەن شاپىدە سۈرتۈۋېتىپ ، ياغلىغىنى يانچۇقىغا سېلىۋەتتى .

ــ سىڭىلچە ، ــ داۋام قىلدى ۋاڭلى ، ئۈزۈلۈپ قالغان سۆزىنى ، ــ سەلەيىنى قولغا ئېلىش بىلەنلا مەسىلە ھەل بولارمۇ؟

زايىر يەنە ھودۇقۇشقا باشلىدى . لىڭتاسما مىجەزلىك خىتاي ئەمەلدارى

بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا ئىنتايىن ھوشيار بولۇش زۆرۈرلۈكىنى تەجرىبىدە چۈشەنگەن زايىر يەنە قورساق تىڭشاپ قالدى. بەلكى ئۇنى سىناۋاتىدىغاندۇر؟ ئىككى دۆلەتكە دائىر مەسىلىگە بايقاپ پىكىر بەرگەن ياخشىدە! يېقىندىلا "سۈلەن لوداگا" (سوۋېتلار سويۇزى چوڭ ئاكىمىز) دەيدىغان ئەمەسمىدى؟ بۇ شوئار ئورنىدا ئېيتىلىدىغان ئىبارىلەر زايىرنىڭ قۇلىقىدىن تېخى كەتكىنى يوق. "ئەجەبا، — دېگەن گۇمان كەچتى زايىرنىڭ كۆڭلىدىن، — بۇ قانداق ئۆزگىرىش؟ سەۋەن گەپ قىلىپ قويۇپ، بۇ ئىككى كالاننىڭ تاپىنىدا چۇمۇلىدەك چەيلىنىپ كەتمەيلى...

— دېمەك ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتىيا! ياكى سەنمۇ ئورۇسلارغا مايىلمۇ؟

— ياق، ياق...مېنىڭ تېنىم خەنزۇ قېنى بىلەن يۇغۇرۇلغان. مېنىڭ ساداقەتلىگىمنى ئەمەلىيەتتە كۆردىڭىزغۇ، ھۆرمەتلىك كوجاڭ، — دەپ يادا ۋە ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىبارىلەرنى قوشۇشقا باشلىدى زايىر.

— ياخشى. پائالىيىتىڭدە ساداقەتلىكىڭ بارلىقىنى بىلىمەن. بىراق، يالغۇز ساداقەتلىك ئازلىق قىلىدىغۇ.

— جېنىم پىدا! — كۆكسىگە ئۇردى جاسۇس.

— شۇنداق، دەپ باشلىدى ۋاڭلى، — ساڭا ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن مەخپىي سىرنى ئېيتىۋاتىمەن. ئەمما لېكىن، سىر ساقلاپ، جانپىدالىق بىلەن ئىشلىمەيدىكەنسەن، ئۇ چاغدا ئۆزۈڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ئەۋلادىڭ كۆكۈم ـ تالقان بولىدۇ.

— چۈشىنىمەن، — دېدى جاسۇس. ئۇ تورغا قەۋەت ـ قەۋەت ماتالغانلىغىنىمۇ ياخشى بىلەتتى.

— ساڭا ئىككى مۇھىم تاپشۇرۇق بېرىمىز.

— مەن تەييار! — دەپ ئورنىدىن تۇردى جاسۇس.

— ئولتۇر! — ئەمىر قىلدى ۋاڭلى. — سەن ئۆز خادىمىمىز. شۇڭا سەن ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بولۇشۇڭ كېرەك.

— ئەلۋەتتە، كوجاڭ، ئۇلۇغ جۇڭخۇا پۇقراسى بولغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن، — دەپ ئۆز ساداقەتلىكىنى قەيت قىلىشقا ئالدىرىدى جاسۇس.

— ئۆزۈڭگە مەلۇم، شىنجاڭدا سوۋېتلار سويۇزىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك.

ئوچۇقراق ئېيتقاندا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ سوۋېتلار سويۇزىغا نىسبەتەن ئىشەنچى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. — ۋاڭلىنىڭ مۇشۇ ئىبارىلەرنى سۆزلەۋېتىپ قاتاڭ يۈزى تېخىمۇ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى زايىر ئوچۇق سەزگەچكە، تۈيدۈرماسقا سىلىپ:

— مېنىڭمۇ مۇشۇ خاھىشقا ئىچىم پۇشىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— شۇن ـ داق... — دېدى ۋاڭلى ئاز ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، — بۇ ھالەت بىزنىڭ سىياسىتىمىزگە قارشى كېلىدۇ. ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئەلۋەتتە، كوجاڭ.

— سەن، بۈگۈندىن ئېتىبارەن سۈلەن پەرەس ئۇنسۇرلارنى نازارەت قىلىشىڭ كېرەك، دوستۇم.

— خوپ.

— يەنە بىر مۇھىم مەسىلە: ئاز كۈندە ئۆلكە بويىچە خەلق كوممۇنىسى قۇرۇش ھەرىكىتى ماڭىدۇ. مانا شۇ ھەرىكەتكە نارازى بولغۇچىلارنىمۇ جىددىي نازارەت قىلىپ، تازىلاش لازىم. بۇ ئىككى ۋەزىپە ناھايىتى مۇھىم بولغاچقا، پەقەت ساڭا ئوخشىغان ئىشەشلىك كىشىلەرگە تاپشۇرۇشقا توغرا كەلدى، چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەنمەمدىغان، ھۆرمەتلىك كوجاڭ.

— ئەمدى، قول ئاستىڭدىكى كىشىلەرنى يەنە بىر قېتىم تاسقاپ چىقىش زۆرۈر. خۇسۇسەن سوۋېتقا مايىللار بولسا، ۋاقتىدا پىيىنى قىرقىغىن. — ۋاڭلى ئىچىدىكى سىرىنى ئاداپنى بوشىتىپ، يېنىكلەشكەن ئادەم سىياقى، ئەركىن نەپەس ئالدى ـ دە، زايىرغا قول سۇندى. ئۇ يەنە زايىرغا بىر مۇنچە چۈشەنچە، تاپشۇرۇقلارنى بەرگەندىن كېيىن، — ئەسلىدە سەلەينى قاماقتا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان دەلىل ـ ئىسپاتلار بولمىسىمۇ، ئۇ — سېنىڭ رەقىبىڭ بولغاچقا، قاماقتا ئالدۇق. يولۇڭغا پۇتلىكاشاڭ بولغان سەلەي يۇلۇپ تاشلاندى. ئەمدى، ھېلىقى نازىنىن خۇماخان سېنىڭدە! — يالغان كۈلكە ئارىلاش زايىرغا تەمەننا قىلدى ۋاڭلى ۋە: — دەرىجەڭنىمۇ پات ـ يېقىندا كۆتۈرىمىز، دەپ قوشۇپ قويدى.

— شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتقا كىر دېسەڭلارمۇ تەييار ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرىمەن!

— دەپ ئورنىدىن دەس تۇردى جاسۇس. لېكىن بۇ قۇۋ جاسۇس ۋاڭلىنىڭ

ئۆزىنى ئالگەدەن قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، ئاچ كۆزلۈكى، ۋىجدانسىزلىقى ئۇنى قەبىھ پەسكەشلىككە دەۋەت قىلىپ، ساتقۇنلۇققا ئاپىراتتى. ۋاقلى بولسا، سىرتقى قىياپىتىدە زايىرنىڭ سۆزىگە مەمنۇنىيەت ئىزھار قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئىچىدە: - "ۋاي مۇناپىغەي...رەزىللىكىڭ سالپىيىپ تۇرغان ئۇششۇق يۈزۈڭدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ" - دەپ نەپرەتلەندى. ئۇ زايىرنى كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك، مۇرىسىنى پەپىلگەندىن كېيىن، تارتمىسىنى ئېچىپ ئىككى قۇتا ئالىي سۈپەتلىك گۈلچاينى ئالدى:

- ياخشى دوستلار بىر چىشلەم ناننىمۇ بۆلۈپ يېيىشى لازىم. مانا، بۇ چايگۈلى خۇددى ئىپاردەك خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ. بۇ چاينى تويىڭىزدا چوكىنىڭىز خۇماخان تەۋەررۈك قولى بىلەن دەملەپ بېرەر، ئېلىڭ! - دەپ سۇندى ۋاقلى، تۇرۇپلا سەندىن - سىزگە ئۆتۈپ.

قان بەدىلىگە كەلگەن بۇ خىل "مۇكاپاتلارنى" تالاي قېتىم ئېلىپ ئۆگەنگەن زايىر "ئېلىڭ" دېگەن سۆزنىڭ "ئي" ھەرپى ئېغىزدىن چىقا-چىقمايلا، كوچاڭنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

* * *

كېيىنكى كۈنلەردە زايىرنىڭ تەرجىمانلىق پائالىيىتىدىن كۆرە جاسۇسلۇق ھەرىكىتى ئەۋج ئالغان ئىدى. ئۇ بۇ "تىجارىتىدىن" ياخشى نەتىجە چىقىرىش يولىدا ھەر قانداق رەزىللىك ۋە پەسكەشلىكتىن قايتمايتتى. ئەتىدىن تاكى كەچكىچە يەر-جاھاننى تىمىسقىلاپ، كىرمەيدىغان تۆشۈكى، پۇرىمايدىغان روجىگى قالمايتتى. ئىككى ئادەم پاراڭلىشىپ تۇرغان جاينى، خۇددى تېزەك چۈنىنغا ئوخشاش ئەگىگىنى-ئەگىگەن. بەزىدە ئېيتىلمىغان چاي، چىللىمىغان توي-تۆكۈنلەرگىمۇ ئوغرى مۈشۈكتەك كىرىپ كېلىدىغان؛ كېچىلىرى بولسا، چىرىغى ئۆچمىگەن ئۆيلەرنىڭ پەنجىر-دېرىزىلەرىگىمۇ كېلىپ، بويلىشالمىسا، ھېمىشەم ئېلىپ يۈرىدىغان ياغاچ خىشنى قويىندىن چىقىرىپ، پۇتىغا قويۇپ، قۇلاقنى پەنجىرىگە ياقاتتى. ھۆركىگەن چىلبۆرىلەرنى ئەسلىتىدىغان ئۇن نەچچە ياردەمچىلىرى زايىرنىڭ جىنايى قىلمىشىنىڭ ياردەمچىلىرى

بولۇپ، ھەممە "تاپاۋەتكە" تەڭ شېرىك ئىدى.
كوجاڭدىن يېڭى تاپشۇرۇقلارنى ئېلىپ چىققان زايىر "زۇغۇي" ئالەمنى يالغۇز ئۆزى سورايدىغاندەك، كوچىغا سىغماي قالدى. قارا كۆز ئەينەك تاقىغان، تەلەتى سۆرۈن بۇ كۆكلى قارىنى يىراقتىنلا تونۇغان ئادەملەر نەپرەت ئوقۇشۇپ، ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشىدۇ. ئەنە، ئۇجمە شېخىغا يامىشىپ ئۇجۇم يەۋاتقان ئۇششاق بالىلاردىن بىرسى: "زايىر زۇغۇي، كېلىۋاتىدۇ"، دەۋېدى، قۇرغۇيدىن ئۈركۈگەن قۇشقاچلار مىسالى ھەممىسى ئۆزلىرىنى يەرگە ئېتىشتىدە، پىتراپ قېچىپ كېتىشتى. ئىسمى چالا-پۇلا قۇلىقىغا ئاڭلانغان زايىر ۋېلسىپىتنى چىپ توختىتىپ، قېچىپ كېتىۋاتقان بالىلار ئىچىدە ئىككىسىنى تونۇغانلىقتىن: "يىرتىق ئىشتان - توقاڭنىڭ ئاۋۇ ياماق كۆڭلەك - مالىك مۇئەللىمنىڭ ھارىممىسى... توختا، سەنلەرنىڭ ھېسابىڭنى ئاتاڭلاردىن ئالمىسام شوۋەكلەر..." دەپ كوتۇلداپ قويۇپ، دەپتىرىنى چىقىرىپ، نېمىلەرنىدۇر بەلگە قىلىپ قويدى-دە، تار كوچىغا بۇرالدى. زايىر جاسۇسلار ئۇۋىسى بولغان پاشاخان ئىسىملىك ئايالنىڭ ھويلىسىغا كىرە-كىرمەي، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىققان ئاق پىشما ئايال:
- بۇ نېمە قىلىقلىرى غوجام. مېنىڭ ئۆيۈم كۆرۈنگەنگە چۆكىدىغان دەڭمېدى؟ - دەپ داتلاشقا باشلىدى.
- ۋايىسما! ئۆيۈڭنى بىر ئاز دەڭ قىلىمىز. تولا ئۇخلاپ قاپىقىڭ قالماق ئېتىنىڭ نوخۇنىسىدەك دوقا بولۇپ كېتىپتۇ. يۈگۈر، بىر دەم شامالداپ كەل!
- توۋا دېدىم...بۇ قانداق گەپ؟ سىلىنى دېمىسەم، بۇ "شامگو"دا چاشقان باقاتتىمۇ؟
- تولا كوتۇلدىما، مونۇنى ئالدە، كۆزۈمدىن يوقال!
زايىر قولىدىكى تۈگۈنني پاشاخانغا بېرىۋېدى، نەپسخور ئايالنىڭ بالا كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. ئۇ:
- رەھمەت، غوجام... قەدرىمگە سىلىدىن باشقا كىممۇ يەتكەي، ۋاي جېنىم بالىخان... - دېدى-دە، نازلىق تولغىنىپ، كۆزدىن غايىب بولدى.
زايىر ئۆيگە قەدەم قويۇشى بىلەن ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان تۆت

"ماشكا" ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇشۇپ سالام بېرىشتى .
ـ ئولتۇرۇش! ـ خىتاب قىلدى ، قاپىقىنى تۇرگەن پېتى تۆرگە چىقىپ ، قېلىن كۆرپىگە ئولتۇرغان زايىر .
"ماشكىلار" بىر ـ بىرسىگە مەنىلىك قاراشتى ـ دە ، غوجىسىنىڭ ئەلپازىدىن يامانلىق كۇتۇپ تۇرۇشتى .
ـ ئولتۇرۇش دەيمەن ، گۇيتوزىلار!
ـ نېمە بولدىلا ، زايىر چوڭ؟ بۇگۇن سول يانلىرىدىن قوپۇپتىلا جۇمۇسىلا!
ـ دېدى ھېمىت "قۇماي" ئىسىملىك بىرسى . ئۇ نېمىشقىدۇر
تەرخەمەك ئوخشاش بۇرنىنىڭ ئۇچىنى چىمدىپ قويدى .
ـ ۋاالقىلما ، ھېلى دۇبۇرەككە تېپىك يەيسەن! سەن پاقا ئاالماس قۇمايالرنىڭ كاساپىتى ماڭا تەگدى...كوجاڭدىن بىر تاغار ئازار يېدىم .
ـ ئۆلۈپ بېرەمدۇق بۇ جاڭگۇيدىلەرگە؟ ھېلىمۇ ، گوداڭنىڭ ئىتلىرىغا ئوخشاش سوكۇلداپ يۇرۇپتىمىز! ـ دېدى يەنە بىرسى .
ـ ئۆلۈپ بېرەمدۇق؟ ـ تەكرارلىدى ئېغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ زايىر ،
ـ ۋا ، سەنلەرنىڭ ئىشت يېمەس ئۆلۈكۇڭنىڭ نېمە كېرىكى بار ئىدى؟
ـ سەپرا بولۇپ كېتىپتىال ، زايىر چوڭ . تاپشۇرۇق بولسا ، بىرما ـ بىر ئوتتۇرىغا تۆكسىلە ، تولا چېچىلماي ، ـ دېدى ھېمىت ۋە ئادىتى بويىچە كالپۇكى
مىتىلداپ كەتتى .
ـ مونۇنى ئوقۇش ، شۇۋىچىال! ـ دېدى ـ دە ، بىر بەت قەغەزنى تاشالپ بەردى زايىر .
تۆت "ماشكا" تەڭال قول سوزۇشتى . قەغەزنى بالدۇر تۇتۇپ ئالغان بىرسى پەنجىرىگە يېقىن كېلىپ ، دۇدۇقالپ ئوقۇشقا كىرىشتى:
ـ قېرىنداشالر ، ۋەتىنىمىزنىڭ سادىق ئوغۇل ـ قىزلىرى! ئانا ماكان ، ئەزىز يېرىمىز زۇلۇم ئاستىدا كۆيمەكتە! . . ئاچلىق ، يالىڭاچلىقتا سەرسان بولۇپ ،
ئازاب ئوقۇبەتتە مىڭلىغان قېرىنداشالر تار زىندانالردا ، تاغۇ ـ تاش ، چۆل ـ باياۋانالردا ھاالك بولماقتا...تىنچ ئائىلىلەر ، گۇزەل شەھەرلەر ، باغ ـ بوستان
يېزىلىرىمىز خانۇ ـ ۋەيران بولماقتا! بۇ دەھشەتلىك پاجىئە ،

بالايىئاپەتلەرنىڭ سەۋەبكارى كىم؟ ئەلۋەتتە، ئايرىم شەخسىلەر ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن
بىر تۇركۇم ۋەتەن ئاسىلىرى...ئۇلار خەلقنى ئازدۇرۇپ، قايسى يولغا باشلىماقچى؟
ئەۋلاد ـ ئەجداتلارنىڭ نارەسىدە سەبىيلەرنىڭ، بىگۇناھ ھالاك بولغان قېرىنداشلارنىڭ ئاھۇ ـ پىغانلىرى، كۆز ياشلىرى سەنلەرنى، ئەي ۋەتەن ئاسىلىرى،
كۆيدۇرۇپ، كۇل قىلغۇسى!.. ئويغىنايلى قېرىنداشلار!
قۇللۇق ـ زۇلۇمغا قارشى ئاتلىنايلى! ياۋۇز دۇشمەنلەرگە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتەيلى!
خائىن، ساتقۇن، مىللىي ئاسىلارغا ئۆلۈم!"
ۋەرەقىدىكى ئۆتكۈر سۆزلەر جاسۇسلارنىڭ يۈرەكلىرىگە نەشتەر بولۇپ سانجىلغاچقا، ئۇنلىرى ئىچىگە چۈشۈپ، باشلىرى ساڭگىلاشتى.
ـ قورقۇشما جورىلار، مەن بار. بۇ تەشۋىقاتچى خۇمسىلارنىڭ ئانىسىنى ئۇچتۇرپاندا كۆرسىتىمىز، ـ دەپ كۆكسىگە ئۇردى زايىر؟
ـ كىمدۇر بۇنى يازغان تايىنلىق ھېلىقى سۆزمەن مۇئەللىملەردۇر؟
ـ ئوقۇغۇچى شوۋەكلەرمۇ يامان ئىقلىم...
ـ ھەممىدىن يامىنى ئاشۇ ئۇنسۇرلار! ـ دېيىشتى "ماشكىلار" كەينى ـ كەينىدىن.
ھەققەتەنمۇ، ۋەرەقىلەرنى بىر گۇرۇھ ستۇدېنتلار يېزىپ، تارقاتقان ئىدى.
ـ پالچى مومايلاردەك، ئۆيدە ئولتۇرۇشۇپ قۇرۇق پال ئېچىشماي، ئاشۇ تەپرىقچى ئوغرىلارنىڭ شىللىسىدىن تۇتۇش، ئوغۇل بالا بولۇشساڭ! ـ دەپ
ۋايىسدى ئاچچىقى كەلگەن زايىر.
ـ ئۈچ كۈن مۆھلەت. ئۈچ كۈنگىچە ئاشۇ ئۇنسۇرلاردىن بىرەرسى توغرا چۈشمەيدىكەن، ھەر قايسىڭنىڭ مەندىن كۆرىدىغىنى بار!
ـ خوپ، زايىر چوڭ. ئاۋۋال گالنى مايلىغىدەك بىر نەرسە بەرمەمدىلا؟ قۇرۇق چاق چۆرگىلىمەيدۇ ئەمەسما!
ـ ۋاي خۇمپەرلەرەي...قارچۇغىدىنما بىتەر ئالىمەن بولۇپ كېتىشتىڭ.

ھېلىمۇ توڭگۇز بودىغاندەك سەنلەرنى بوداپ ئادا بولۇپ كەتتىم... مېنى غاجىلاپ قوتۇر قىلىۋېتىشتىڭ شوۋەكلەر!

ــ ھاي، سەل چۈشەيلۇك، غوجام. تاپان تەرىمىزنىڭ ئەجرى ئۈچۈن لايىقىدا كوجاڭنىڭ ئىلتىپاتىنى كۆرسەك يامان بولماس.

ــ ئالدىراشما، گەكسىلەر، ئاۋۋال ئىشنى پۈختىلاپ، پۈختىلاپ، ئاندىن تېگىشلىك ھەققىڭنى بېرىمەن.

ــ بەرسىلە، بەرسىلە، زايىر چوڭ، نەپسىمىز تاقىلداپ كەتتى... ــ دېيىشتى جاسۇسلار، قاغا باللىرىدەك تەڭلا چۇرقىرىشىپ.

ــ ئېلىشە! ــ دەپ بىر بولاق ئاقچىنى يانچۇقتىن چىقىرىپ، بۆلۈپ بەردى زايىر. ئۇلار ئاقچىنى بۆلۈشۈپ ئالغاندىن كېيىن، كىملەرنى پايلاش ئۈستىدە خېلىغىچە مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىرى يۈزلىگەن كىشىلەرنى "قارا تىزىم" غا ئېلىشىپ، تارقىلىشتى. زايىر بىلەن ھېمىت "قۇرماي" ئىككىسى ئايرىلىپ قېلىشتى.

ــ سېنىڭ بۇ ئىشلاردا خېلى تەجرىبەڭ بار، ھېمىتاخۇن ئاكا، ــ دەپ باشلىدى زايىر سىلىقلىق بىلەن، ــ سەن تالاي ــ تالاي باشلىقلارنى قولدىن چىقىرىپ،

تالاي زامانلارنىڭ ئوڭدا ــ دوڭدا بولغىنىنى كۆرگەن ئادەم سەن. سەن كۈچ چىقارمىساڭ، كوجاڭنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، پالاكەتنى باشقا كىيىپ ئالمايلى يەنە!

ــ مۇشۇ جاڭگۇيدىلەرگە ئىشلەپ، چاچلار ئاقىرىپ، چىشلار سارغايدى، يەنە نېمە قىلىپ بېرىمىز بۇ تويمۇغۇرلارغا؟

ــ ساداقەتلىك بىلەن ئىشلەشنى...

ــ قويساڭا، مۇشۇنداق پىزىلقتىن تويۇپ كەتتىم...سەل چەككە دەسسەپ قويغان يالغۇز ئوغلۇمنىڭ مېھرىدىن كېچىپ، تۇتۇپ بەردىمغۇ، ھە؟ ئەمدى قېرى ئانامنىڭ بويندىن باغلاپ دارغا ئېسىپ بەرسەم سادىق ئادەم بولىمەنمۇ، بۇ زۇغۇيلارغا؟

ــ ئاستا، ئاستا، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟

ــ ماقۇل، ماقۇل. يەنە نېمە قىلىپ بەرسەك بولار؟

ــ مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم باشقا ئىش.

ــ گۆزخۇرۇش قىلماي ئېيتساڭچۇ، نېمە دېمەكچى بولىسەن؟
ــ سوۋېتپەرەسلەرنىڭ تىزىمىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى...
ــ نېمە دېدىڭ؟! ــ يىگى تاپشۇرۇقنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ھېمىت.
ــ بۇ مەسىلە ھازىرچە ناھايىتى مەخپىي ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىدۇ. سەن، مەن ئوخشىغان سىناقتىن ئۆتكەن شەخسلەرلا بۇ سىردىن خەۋەردار بولۇشىمىز ۋە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشىمىز شەرت ئىكەن، ئۇقتۇڭمۇ؟
ــ ئۇھ... ــ دەپ چوڭقۇر تىنىق ئالدى تەجرىبىلىك جاسۇس ھېمىت،
ــ بىزنى سىناپ يۈرمىگەي يەنە؟ بۇ توقسان تۈرلۈك نەيرەڭگە دۇمباق چالىدىغان مۇغەمبەرلەرنىڭ قوسىغىدىكىنى كىم بىلىپتۇ. ئاگا بولايلى، زايىر چوڭ!
ــ مەنمۇ قورقۇپ قالدىم. تۈنۈگۈن سوۋېت ھۆكۈمىتىنى ئاغزىغا پاتماي ماختاپ يۈرۈشەتتى، بۈگۈن ئۇلارغا قارشى ھەرىكەت باشلىغىنى قانداق گەپ دەيمەن ــ دە! بۇ سىياسەتنىڭ تەكتى نەگە سوقۇلىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن...
ــ سوۋېتپەرەس، ــ دەپ تەكرارلىدى ھېمىت خىيالچان، ــ مۇبادا راستىنلا سوۋېتپەرەسلەرنى تىزىمغا ئالىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ قارا نىيەتلەر تىزىم ئاستىغا چۆكۈپ قالار... ئازغىنا سېزىمى بار، ئاق ــ قارىنى پەرق قىلالىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا سوۋېتنى ياقلايدىغۇ، يە بۇلار ھەممىلا ئادەمنى تورغا چۈشەرمەك بولۇشتىمۇ؟ ياللا...
ــ ئاغزىڭنى يۇم...تاپشۇرۇقتىن باش تارتماقچى بولامسەن؟
ــ دېگەن گېپىڭنى قارا، زايىر چوڭ. سەن تېخىچىلا سىياسەت دەرياسىنىڭ لېۋىدە پىرقىراپ يۈرۈپسەندە! ئىسىت... بىزگە باشلىق بولۇپ قالغىنىڭ. جاسۇسلۇق قالپىقنى بېشىڭغا كىيدىڭمۇ، ئۆلۈپ قۇتۇلماقتىن باشقا چارە يوق!
ــ ئۇنداق بولسا، ئارىسالدى گەپ قىلىسەنغۇ؟
ــ ئىككى دۆلەت ئىشى سېنىڭ ئويدىكام ئوينىڭ ئەمەس جۇمۇ! سەن، مەن ــ چۈمۈلە، پىللار ئايىغىدا چەيلىنىپ قېلىشىمىز ئاسانلا ئىش.

ئويلىنىپ ئاياق ئال، زايىر چوڭ.

ـ خوجايىنلار سوگىدىن ماگماسقا چاره قانچه؟ غىلڭ قىلدىڭ، ئۆزۈڭنى ئۇ ئالەمدە كۆرسەن...

ـ گەپ شۇ يەردە. بىزدەكلەرنىڭ قەلبى شۇلارنىڭ قولىدا...

ئىككى جاسۇسنىڭ سۆھبىتىنى پاشاخان سەتەڭ ئۇزۇۋەتتى.

ـ ئاللا غوجىكام... تېخىچىلا ئولتۇرۇپسىلەردە؟ ـ دېدى ئۇ يالغان كۈلۈپ ۋە زايىرنىڭ ئالايغانلىقىنى بايقاپ، ـ خۇش ياقمىسا كۆزۈڭلاردىن نېرى بولاي.

ـ ياق، ياق، ئولتۇرسىلا، خېنىم. خەير، زايىر چوڭ. مېنىڭ ئىشىم بار ئىدى. كېيىن ئۇچرىشارمىز، ـ دەپ چىقىشقا جابدۇندى ھېمىت.

ـ ئولتۇرسىلا، غوجام، ئاچچىق چاي دەملەپ بېرەي، كەچ كىردى ئالدىرىمىسىلا، ـ ئۇنىڭ ئالدىنى تۆردى پاشاخان.

ـ قويۇپ، بەر! ـ دېدى ئاچچىق ئارىلاش زايىر.

ـ كەپ تۇرسىلا، غوجام. زايىر چوڭنىڭ دوستلىرىغا ئىشىكىم ھېمىشەم ئوچۇق، جۇمۇسىلا.

ـ رەھمەت، خېنىم.

زايىر ھېمىت بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا: "ئەتە مۇشۇ مەزگىلدە سايىباغدا ئۇچرىشىمىز"، ـ دەپ ئاستا پىچىرلاپ قويدى.

## III باب

ھەر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى كورلا دەرياسى تەرەپتىن سوقىدىغان دەريا شامىلى، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يېنىككىنە تەۋرىتىپ، توپا ـ چاڭنى قاياقلارغىدۇر قوغلاپ كەتكەچكە، ھاۋا تازىلىنىپ، يېزا ئىچى سالقىن تارتىپ كېتەتتى. ئەتىدىن كەچكىچە ئېتىز ـ ئېرىقلاردا ئېغىر ئەمگەك قىلىپ ھاردۇق يەتكەن يېزا خەلقى پېشايۋان، سۇپا ـ كاتلار ئۈستىدە سۇنايلىنىپ، ساپ ھاۋا ئاستىدا ھاردۇق ئېلىشاتتى.

بۇگۈن نەپەسنى بوققىدەك تىنچىق – يوپۇرماقلارنىڭ يىقىملىق شىلدىرلاشلىرى، سالقىن شامالنىڭ يېنىك پەپىلەشلىرى چېپىپىدە توختىغان.

ئاسمان مانانلىشىپ، يېزىنى دىمىقتا ۋە ئېغىر قاراڭغۇلۇق پەردىسى بېسىۋالغان. يېزىلىق ھۆكۈمەت، مۇھاپىزەت ئەترەتلىرى ئورۇنلاشقان بىنادىن باشقا يېزىدىكى ھېچ بىر ئۆيدە چىراغ يورۇقى كۆرۈنمەيدۇ. بەلكىم، قاتتىق نورما تۈزۈمى بويىچە: بىر ئايدا جان بېشىغا بېرىلىدىغان ئۈچ يۈز گرام مايىنى ئاياپ چىراغ يېقىشمىغاندۇر؟ ياكى بولمىسا، ھەر كۈنى دېگۈدەك: "ئەڭ، ئەڭ ئۇلۇغ داھىي" ماۋ زې – دۇڭ تەرىپىدىن "ئىجاد" قىلىنىپ، مەجبۇرەن ئىجرا قىلىنىشقا تېگىشلىك تۈرلۈك – تۈمەن سىياسىي كۆرسەتمىلەرنىڭ ئاجايىپ بىر نۇسخىسى: "كېچىسى ئاي ۋە يۇلتۇزلار نۇرىدىن توغرا پايدىلىنىپ، يېقىلغۇنى تېجەش..." شوئارىغا بىنائەن چىراغ مېيى "ئىقتىساد" قىلىنىۋاتقاندۇ؟! بەلكىم،

"كانايغا يوق، سۇنەيگە نەدە" دېگەن خەلق تەمسىلىگە رىئايە قىلىشتىمىكىن تېخى بۇ ماۋ "زامانىسىنىڭ" جاپاكەش دېھقانلىرى...

ھەر ھالدا يېزىنى ۋەھىم قورقۇنچى ۋە قاراڭغۇلۇق دەھشىتى بېسىۋالغاچقا گۆرىستان ھالىتىدىن پەرق قىلىش تەس ئىدى. خۇماخاننىڭ كۆڭلىمۇ شۇ قاراڭغۇ تۈن مىسالى پەرىشان ۋە غەمكىن. سەلەي تۇتقۇنغا ئېلىنغاندىن بۇيان يۈرەك – باغرى سەكپارە بولغان بۇ ئەلتەك قىز تاغدىنمۇ ئېغىر جۇدالىق ھەسرىتىنى چەكمەكتە ئىدى. "سەلەي نېمە گۇناھ قىلىپتۇ؟ نېمىشقا ئۇنى سولىدى؟.." دېگەن سوئاللارنى قايتا – قايتا تەكرارلاتتىدە، ۋۇجۇدىنى ئەسەبىي تىترەك بېسىپ، ئۆزىنى قويار جاي تاپالماي، باغنى بىر ئايلىنىپ چىقاتتى ياكى ئۆزىنى كات ئۇستىگە ئېتىپ،

دۇم چۈشكەن پېتىچە ئۆكسۈپ – ئۆكسۈپ يىغلاتتى. دوست – يارەنلىرى بولسا، ئۇلار بىر تەرەپتىن سەلەيگە ئېچىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن خۇماخاننىڭ

بېشىغا چۈشكەن دەردى – ھەسرەتكە ھەمنەپەس بولۇشۇپ، ئۇنىڭ

كۆڭلىنى ئاۋۇتۇپ، بەزىدە دىللىرى ئېرىپ، خۇماخان بىلەن تەڭلا پىغانلىق ياشلا
ر تۆكۈشەتتى. بۈگۈن يەنە شۇ ئادەتتىكىدەك، قەلبىنى ئەلەم ۋە غەزەپ چىرمىغان خۇماخان: "ياق، يىغا ـ زاردىن ھېچ ھاسىل چىقماس...
ھەرىكەت قىلىش كېرەك..." دېدى ـ دە، ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىققان پېتى، قاراڭغۇلۇقنى تىلىپ، مەھەللىنى يۇقىرىلاپ كەتتى.
ئۆستەڭ چىپپىشىدا ئۆلگۈدەك ھارغان، دەرمانسىز پۇتلىرىنى ئاران ـ ئاران يۆتكەپ، نەچچە يەردە توختاپ، مەشاقەتلىكتە ئۆيگە يېتىپ كەلگەن
سادىق بوۋاي خۇماخاننىڭ يوقلىغىنى بىلىپ، ھەيران بولدى. ھەيران بولدى ئەمەس، ئاتىلىق كۆڭلىنى تەشۋىش باسقان ئىدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي،
ياغاچ ھاسىسىغا تايانغان ھالدا ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا موم ياغاچتەك قېتىپلا قالدى. خۇماخاننىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى ھالىتى سادىق بوۋاينىڭ بېلىنى
تېخىمۇ مۈكچەيتىۋەتكەن ئىدى. كۆزىنىڭ ـ نۇرى، دىلىنىڭ ـ ئارامى يەككە ـ يېگانە قىزىنىڭ توساتتىن غەم ـ غۇسسىگە مۈپتىلا بولۇشى
قېرى ئاتىنىڭ ئۆمرىدە ئىنتايىن ئېغىر ھالەت بولغاچقا، سادىق بوۋاي تامامەن گاڭگىراپ قالدى. كۆپلىگەن ئىسسىق ـ سوغلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن،
ئالتە پەرزەندىسىنى بېۋاقىت دەپنە قىلىپ، نەچچە قېتىملاپ ئىسسىق ياشلارنى تۆككەن ئاتىنىڭ خۇماخاندىن باشقا كۆڭۈل خۇشى بولغايمۇ؟ ئۇ خۇماخاننىڭ گۈزەل قىياپىتىدىن ئاشۇ قازا تاپقان ئالتە نەپەر بالىسىنىڭ مېھرىنى، ھېمىشەم كۈلۈپ تۇرىدىغان چولپان كۆزىدىن بولسا ـ تېخى بۇلتۇرلا
ۋاپات بولغان ئۆمۈرلۈك جۈپتى ئازنىخاننىڭ قەدىردانلىغىنى كۆرەتتى ـ دە، ئەنە شۇنداق مېھىرلىك تۇيغۇلار ئاتا ئۈچۈن كۈچ ـ قۇۋۋەت، روھى بايلىق ئىدى.
ھاياتىنى يالغۇز قىزى ئۈچۈن بېغىشلىغان سادىق بوۋاي سەلەي بىلەن خۇماخانلارنىڭ مۇھەببىتىنى بىلىدىغان ۋە ھەر دائىم: "بەختلىك بولۇڭلار،

جېنىم باللىرىم. تىرىگلىگىمدە ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويسام ــ مۇرادىمغا يېتەتتىم..." دەپ، ئايەت ئوقۇغاندەك، مۇشۇ ئىزگۇ ئاززۇ ــ ئارمانلىرىنى

ئېغىزىدىن چۇشۇرمەي سۆزلەپ يۈرىدىغان. ئەمدى بولسا: "هاي ئۇياتسىزلار، سەنلەرگە ياش باللار نېمە گۇناھ قىپتۇ؟ مال ــ مۇلكىمىزنى تالاشتىڭ،

ئەندىزە جېنىمىزنى بۇلاپ ــ تونىماقچىمۇ سەنلەر! مۇنداقمۇ زالىم هۆكۈمەت بولامدۇ، ئېگەكىم..." دەپ زارلايدىغان بولۇپ قالدى. سامانىدەك سارغىيىپ،

شامدەك ياداشقا باشلىغان خۇماخاننىڭ بېشىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، ئۇنىڭغا چامى يېتىشىچە تەسەللى بېرىپ، قەھەتچىلىك زامانغا قارىماي،

قەيەرلەردىندۇر بىر ــ ئىككى گىردە نان ياكى ئۇچ ــ تۆت چاقماق قەنت تېپىپ كېلىپ، خۇماخاننىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇتۇشقا تىرىشىدىغان. ئاتىسىنىڭ

مېهرى ــ شەپقىتىدىن تەۋرەنگەن خۇماخان سادىق بوۋاينىڭ بويىنىغا ئېسىلاتتىدە، تېخىمۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتەتتى. ئاتا بولسا، ئاستا ۋە چەكسىز

دىلكەشلىك بىلەن: "يىغلىما، قىزىم... يىغ ــ لى ــ ما..." دەپ ئاران ــ ئارانلا پىچىرلاپ، بەرداشلىق بېرەلمەستىن، قىزىغا قوشۇلۇپ يىغلاتتى. ئۇنىڭ

هەسرەتلىك ياشلىرى يۈزىدىكى چوڭقۇر قورۇقلارنى بويلاپ، شالاڭ لېكىن تال ــ تال ئاپئاق ساقاللىرىغا يامىشىپ ئاقاتتىدە، خۇماخاننىڭ يۈزىنى

هۆللەشكە باشلىغاندىلا ئېسىنى يىغقان خۇماخان: "دادا، جېنىم دادىكام... يىغلىمىساڭا، مانا مەنمۇ يىغلىمايمەن..." دېگەن پېتى دادىسىنى

تېخىمۇ مەككەم قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ ئېتى قاچقان تارىمۇشتەك قاتاڭ يۈزىنى، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى قاپلاپ ئالغان ئۆڭكۈر كۆزلىرىنى سۆيۈشكە باشلايتتى.

بوۋاي قىزىنىڭ باللىق تەپتىدىن شۇئان تېتىكلىشىپ كېتەتتى. مانا قىزىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدىگەن سادىق بوۋاي هەر قانچە هارغىنىغا

قارىماي، ئۆستەڭ چىپىشىدىن قايتىپ ئۆيگە كەلمەستىن، قوشنا يېزىلارنى خېلى ئايلىنىپ، ئاران دېگەندە بىر دانە گىردە نان تېپىپ، خۇشال قايتقان ئىدى. ئەپسۇسكى، كۆندە ئۇنى كۈتۈپ ئالىدىغان قىزى يوق. سادىق بوۋاي

ئېسىغا بىر نەرسە كەلگەندەك، تۇرغان جايىدىن ئىلدام قوزغالدى ــ دە، باغنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ــ پۇچقاقلىرىنى قاراڭغۇدا سىيپاشتۇرۇپ يۈرۈپ، ئاختۇرۇپ

چىقتى ــ خۇماخان يوق! "خۇ ــ ما ــ رىم... نەگە كەتكەنسەن... يا خۇدا! قىزىم بىرەر بالا ــ قازاغا گىرىپتار بولمىغاندۇر..." دەپ زارلىغان پېتى بېشى قايغان

تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

* * *

ئىشتىن ھاردىمۇ ياكى قورساق ئېچىدىن ماغدىرسىزلاندىمۇ، يىگىت بېشى ۋېلاخۇن ئاستا لىڭشىپ ماڭاتتى. ئۇ ھويلىغا كىرىپ، ئۈستى ــ بېشىدىكى توپا ــ چاڭنى قېقىشتۇرغىنىچە، بىر قولىدا ئەندىلا يېشىغا تولغان ئوغلىنى كۆتۈرگەن، يەنە بىر قولىدا قۇمغان تۇتقان چىمەن پەيدا بولدى ۋە:

ــ بۈگۈن قەۋەتلا كەچ قالدىلا، ئاتىسى. نەۋاخ، ئوغلۇم ئىككىمىز يولىڭىزغا قاراپ كوچىغا نەچچە قېتىم چىقىپ كىردۇق.

ــ ھە... ــ دېدى ــ دە، ھەر كۈندىكىدەك، ئوغلىنى ئەركىلەتمەستىن، قولىنى چالا ــ بۇلا يۇيۇپ، كات تەرەپكە قەدەم قويدى ۋېلاخۇن.

ــ بالىنى ئېلىڭا، مەن ئاشنى ئىسسىتىپ كىرەي، ــ دەپ چىمەن بالىنى ۋېلاخۇنغا تۇتقازدىدە، ئوچاق بېشى تەرەپكە كەتتى. ئوغلان

دادىسىنىڭ قولىدىن ئۈزۈلۈپ چىقىپ كېتىدىغاندەك، تەلپۈنەتتى. "داد... دا ــ دا ــ دا ــ دا" دەپ نىمىلەرنىدۇر غۇدۇرىشاتتى، دادىسىنىڭ

خېلىدىن بېرى ئۆستىرا تەگمەي كىرلەشكەن يۈزىنى، چاڭگىلاشقان ساقال ــ بۇرۇتلىرىنى يۇمران قوللىرى بىلەن سىيپاتتى.

ــ شامىمۇ يوق. ئىككى ــ ئۈچ قوشۇقچە ماي قاپتۇ، چىراغ ياقمىدىم،

غودۇڭشىدى چىمەن جوزنى قويۇۋېتىپ. ۋېلاخۇن گەپ قىلماي،
ئوغلىنى تىزىغا ئېلىپ، قۇرۇق كۆرپىچىنىڭ ئۇستىگە ئولتۇردى. ئاڭغىچە
چىمەن مايسىز، گۆشسىز ئاش چامغۇرى سالغان قۇرۇق قوناق
ئېشىنى ساپال تاۋاقتا ئۇسۇپ، جوزا ئۇستىگە قويدى.
- كاشكى ئاي يورۇقى بولسىچۇ. بۈگۈن ئالەمنى قارا تۇنەك بېسىپ ئالىي.
باللنى ماڭا بېرىڭ.
ۋېلاخۇن ئوغلىنى ئانىسىغا بېرىۋېتىپ، چوڭقۇر "ئۇھ" تارتتى - دە، ئاشقا
قوشۇق سالدى. ئەتراپ جىمجىت. زەي يەرنى ماكانلىغان قارا
چېكەتكىلەرنىڭ خۇنۈك چىرىلدىشى ۋە ئانا قۇچىقىدا ئەركىن تېپىرلاپ
ياتقان ئوغلاننىڭ گۈگۈرشى بىلەن ۋېلاخۇننىڭ قولىدىكى
ياغاچ قوشۇقنىڭ ساپال تاۋاق لېۋىگە يېنىك ئۇرۇلۇشى ئاڭلىناتتى.
- بۈگۈن قاتىلاڭ كۈن بولغان ئوخشىمامدۇ، گەپ قىلىشقىمۇ چامىڭىز
قالماپتۇ، - دېدى چىمەن، سۈتسىز ئەمچەككە "ھۇجۇم" قىلىۋاتقان
ئوغلىنىڭ قولىنى سىلىكىۋېتىپ.
"قۇرۇق ئەمچەككە چاڭ سالما دەيمەن، تەنتەك! بۇ قۇرۇق خالتىدىن سۈت
چىقامدۇ، بالام؟ - دەپ قوشۇپ قويدى ئانا.
- بۈگۈن ئىككى كىشىلىك چام چاپتىم، - دېدى خىيالچان ھالدا،
چىمەننىڭ سوئالىغا جاۋابەن ۋېلاخۇن. ئاچ قورساقتا قۇرۇق ئاش تېتىپ
كەتسە كېرەك، ئەتىمالىم، تاۋاقتىن بېشىنى كۆتۈرمىدى.
- كىمگە بولاشتىڭىز؟.. تېچ، ياۋاش - ياۋاش، كۆكرىكىمنى يۇلۇپ
ئالامدىكىنە مونۇ بەڭۋاش! - دەيتتى چىمەن، ئۆزىنى ئاۋارە قىلىۋاتقان
ئاچ قورساق ئوغلىدىن زارلانغاندەك.
- سادىق بوۋايغا بولاشتىم. ئۇ بىچارە قېرى نامازدىگەر بولغاندا ھالىدىن
كېتىپ، ئۆستەڭ تېگىگىلا يىقىلىپ چۈشتى.
- بىچارە... - دېدى چىمەن ئېغىر خورسىنىپ، قېرى ئادەملەرگىمۇ
ئارام يوق بولۇپ كەتتى.
- بۇ زاماندا كېسەلمەن قېرى - چۆرىلەر بىلەن كىمنىڭ كارى؟
ئىشلىمىسە، ئىش نورمىسىنى تۈگەتمىسە تاماق يوق. ھەممىلا ئادەم
ئۆز قورسىقىنىڭ قۇلى بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ! - ۋېلاخۇننىڭ ئاۋازى

ئەمدى كۆتۈرۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى. ـ راستلا، خۇماخاننى يوقلىدىڭمۇ؟
ـ ياق. ئىشتىن گۆگۈم چۈشكەندە قويۇپ بېرىشتى. مونۇ تەلەيسىز شۇمتەك تولا يىغلاپ، ئۇتتۇر ئۆيگە يېنىپ كەلدىم. ـ خەپ... ـ دەپ نەپسىنى ئىچىگە تارتتى ـ دە، يانچۇقىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى ۋېلاخۇن. ئېرىنىڭ تاماكا ئىزلەشتۈرىۋاتقانلىقىنى سەزگەن چىمەن:
ـ تاماكا يوقمىدى؟ ـ دەپ سورىدى.
ـ كۆشكى بىر پۇل تاماكا ئەمدىلىكتە كۆزگە سۈرتكۈدەك تۈتىيا بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ، خوتۇن... ھېلىقى چاڭگىدىن ئازراق قىلىۋېدى، قەيەرگە قويدۇڭ؟
ـ خۇدا ساقلىغاي. چاڭگىنى تولا چەكسىچۇ، چاڭگا ساقال تەلۋە بولارمىش...
ـ خا ـ خا ـ خا! ـ قاقاقلاپ كۈلدى ۋېلاخۇن ۋە بۇ كۈلكىدىن غەش كۆڭلى يېرىلغاندەك بولدى.
ـ كۈلمەڭ، ـ دەپ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتى چىمەنمۇ.
ـ مونۇ مۇتتەھەملەرنىڭ ئازابىدىن ساراڭ بولساق بولارمىز، ئەمما، دەرەخ چاڭگىسىنى چەككەنگە ھېچ نەرسە بولماسمىز ـ دېدى ۋېلاخۇن غەمكىن ھالدا.
ئۇنىڭچە ئەمگەككە نەچچە قېتىم "ھۇجۇم" قىلىپ، ھېچ بىر سادا چىقىرالمىغان ئوغلان ئۇخلاپ قالدى. چۈنكى، ماۋچىلار ئېيتقانلىرىدەك: "ئازاد زاماننىڭ بەختلىك بالىلىرى..." ئانىلىرى ئىشقا چىققاندا ئېتىزغا بىللە چىقىپ، ئۇلار بىلەن تەڭلا قېقىلىپ سوقۇلغاچقا ھاردۇق يېتىپ، ئوچۇق ھاۋادىلا ئۇخلىشىپ قېلىشاتتى.
ـ سەلەي چوڭدىن ھېچ خەۋەر يوقما؟
ـ يوق. ـ قىسقىلا جاۋاب بەردى ۋېلاخۇن. ئۇ نېمىشقىدۇر يەنە چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى.
ـ بېكاردىن ـ بېكارغا ئادەم بالىسىنى سولاپ، ئازاپلايدىكەندە؟ قېنى بۇلارنىڭ: "كەمبەغەللەرنى ئازادلىققا چىقاردۇق" دېگەنلىرى؟ بىزگە بەرگەن ئازاتلىغى: مۇشۇ ئاچ ـ زارلىق، يالىڭاچلىق، خورۇشمېكىن؟
ـ ھەي... ـ دېدى خىيالدىن باش كۆتۈرگەن ۋېلاخۇن. ئۇنىڭ

چىشلىرى غۇچۇرلاپ، مۇشتۇملىرى قاتتىق تۈگۈلگەن، ـ نە كاشكى سەلەينىڭ
قىلچە گۇناھى بولسىچۇ... ئۇ ھەممىگە ياخشىلىق قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيتتى.
ـ زايىر زاغۇننىڭ چېقىمچىلىقى دەگا. ئۇ قارا نىيەت مۇناپىق خۇماخاننىڭ كويىدا يۈرەرمىش تېخى...
ـ ئىپلاس! ھازىرقى كۇندە زايىرغا ئوخشىغان ئىپلاسلار ئاز دەمسەن؟ ھەسسىنە، قولۇمدا بەش كۇنلۇك ۋاكۋپا بولسىدى، ئەڭ ئاۋاللا ئۆز
ئىچىمىزدىن چىققان مۇناپىقلارنىڭ جاجىسىنى بېرەتتىم، جۇمۇ!
ـ ئاستا، بايقاپراق...
ـ بۇ نەيرەڭۋازلار بېشىمىزنى تېگىپ، مەشەگە ئىلىپ كەلدى. ئەمدى نەگە ئاپارماقچىكەن؟
ـ گۇگشى دېگىنى باشقا بالا بولدى، ئېگەكىم...
ـ كۇچا، باي، بۇگۇرلەردە گۇگشىدىن قېچىۋاتقان ئادەملەرنىڭ سانى يوقمىش. ئىسسىق ماكاندىن بەزگەن بىچارىلەر چۆل ـ باياۋاننى قانداقمۇ پانالار.
ـ بى ـ چا ـ رىلە ـ ر...
ـ ھەممىدىن يامىنى، ـ داۋام قىلدى ۋېلاخۇن خۇددى يىغىنلاردا دەرد تۆككەندەك، ـ بوش قالغان ئۆيلەرگە ئىچكىرىدىن ئىلىپ چىققان
خىتايلار جايلىشىپ ئېلىشىپتۇدەك، ئەتە ـ ئۆگۈن بىزنىڭمۇ بېشىمىزغا شۇ ھالەت كەلمىسە تېخى. "سېنىڭ ـ مېنىڭ دېمەستىن، كۇلىدىن
چىققان قېرىنداشلىرىڭلارنى ئاراڭلارغا ئېلىڭلار..." دەپ قۇلاقلىرىمىزنى پۈشۈرغانلىرى مۇشۇ ئىكەندە؟ ۋاي، ساختىپەزلەرەي...
ـ بۇ مەككەرلەرنىڭ يۈز خىل ئالدام خالتىسى بارىكەن ئەمەسمۇ. بىزنى خۇددى ھودىكام تېشى قىلىۋېلىشتى ـ بىر دەم ئۇ خالتىغا، بىر دەم بۇ خالتىغا سېلىپ كولدۇرلاتتىدە؟
ـ نادانكەنمىز دەگا. كىم نېمە دېسە شۇنىڭغا ئەگىشىمىز.
ـ تېخى، سىياسەتكە سەللام شەك كەلتۈرگەن ئادەمنى سولاۋاتامىش.
ـ ئاغزىڭىزنى مەككەم يېپىڭ، جىم يۈرۈڭ. يائاللا... بۇ رودۇپايلارنىڭ

قولىغا تىرىك چۈشۈشتىن خۇدا ساقلىغاي. – زارلىدى چىمەن. ئاڭغىچە يانچۇقىنىڭ بۇلۇڭ – پۇچقاقلىرىنى قېقىشتۇرۇپ، توپا – ئەخلەت ئارىلاش بىر چىكىمچە تاماكا ئۇۋاقلىرىنى سامان قەغەزگە يۆگەۋېتىپ سورىدى ۋېلاخۇن:
– گۇگۇتىڭ بارمۇ، چىمەن؟
– ئۈچ – تۆت تاللا قاپتۇ. ئاي ئاخىرى نورما تەككىچە يەتمەيدۇ دەپ، قوشنىلاردىن تۇتۇرۇق ئەپچىقتىم، – موھتاجلىقتىن داتلاشقا باشلىدى چىمەن ۋە: – كۇلگە چۇچىلا كۆمۈپ قويدۇم، – دەپ قوشۇپ قويدى. ۋېلاخۇن يېشىغا يارىشا ئەمەس، قېرىلارغا خاس ئېغىرلىقتا ئورنىدىن تۇردى – دە، كۇلگە كۆمۈلگەن چۇچىلىنى لاخشىگىردا قىسىپ ئېلىپ، پۈدەشكە باشلىۋېدى، سەل لاۋۇلداپ كۆيگەن ئوت يورۇقىدا ئۇنىڭ بېجىرىم، تولۇق يۈزى خېلىلا ياداپ، ئېڭەك سۆڭەكلىرى پۇلتايغان، چوڭ كۆزلىرى ئويمانلىشىپ، بىر ئىلىك كەڭ قويۇق قاشلىرى تېخىمۇ ئۆسكىلەڭلىشىپ، ماڭلىينى تارايتقاندەك؛ كەڭ بەقۇۋۋەت يەلكىلىرى بولسا، كىچىكلەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. چىمەن ئېرىدىن كۆز ئالماي تۇرۇپ: "دەردكە چىدىماي، كۈندىن – كۈنگە يىگلەپ كېتىۋاتىدۇ..." دەپ پىچىرلىدى.
"گۇگۇتنىما نورما قىلىۋەتتى بۇ كېپەن ئوغرىلىرى. ئەمدى سۈنى، ھاۋانىمۇ نورما قىلىپ قويمىغىدى، – دەيتتى چۇچىلىنىڭ ئاچچىق ئىسىدىن ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ ۋېلاخۇن.
– قانداق قىلىمىز. باش ئامان بولسا، بۇ كۈنلەرمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتەر. تاشلىۋېتىڭا ئاۋۇ زەھەرنى، يۆتىلىپ كەتتىڭىز.
– ماۋ زې – دۇڭنىڭ بېشى ئامان بولسا، – دېدى يۆتىلى بېسىلغاندىن كېيىن ۋېلاخۇن، خاتىرجەم كۈن كۆرۈش يوق ئوخشايدۇ، خوتۇن! – ئۇ چىمەنگە يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ نازۇك بىلىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى. – بىز كۆرگەننى سەن كۆرمە جۇمۇ، ئىلى چوڭ...
– قاراڭا، دەپ پىچىرلىدى ئېرىنىڭ ئىسسىق تەپتىدىن بەدىنى بوشاشقا باشلىغان چىمەن، – بىچارە ئوغلان ئاچ قورساق بامالتىغىنى شۈمۈپ ئۇخلاپ قالغىنىنى. – سۆيۈملۈك جۇپتىنىڭ مونۇ ھالىتىنى ۋە ئىچكى

كەچۈرمىلىرىنى سەزگەن ئەر، ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەك بولدىمۇ ياكى بولمىسا، ئۆزىدە پەيدا بولغان قەتئىيەتلىكمۇ ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن:

ـ ياق، چىمەن! ھەر قانچە زۇلۇمغا بەرداش بېرەلەيمىز... ـ ئۇ ئاز توختاپ تۇردى ـ دە، شائىرىمىز لۇتپۇللا: "ئاخىرقى كۇرەشكە ئاتاپ قويدۇم ئوغلۇمنى" دەپ ئېيتقىنىدەك، سەن ـ مەن مونۇ ئېلى باتۇرنى ئاخىرقى كۇرەشكە ئاتاپ قويىمىز!

ـ شۇنى دەڭا، ـ دېدى ئېرىنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرىدىن تەۋرەنگەن چىمەن. ـ ھەر ھالدا، ئاغزىڭىزنى چىڭراق تۇتۇڭ، ۋېلەم... ـ چىمەن بېشىنى ۋېلاخۇننىڭ كۆكسىگە قويۇپ، يالۋۇرغاندەك ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

ـ سۇكۇت قىلىپ، نېمە دېسە "ماقۇل" دەپ، باش ئېگىپ يەتكەن يېرىمىز موشۇغۇ؟ ـ دېدى ۋېلاخۇن چىمەننىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، گومىنداڭچىلار لۇتپۇللا ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان مىڭلىغان ئەۋلادىمىزنى ئۆلتۇرگەن بولسا، مونۇ قوي كاللىسىنى كانارىغا ئېسىپ قويۇپ، ئىشت گۆشىنى ساتىدىغان رەڭۋازلار ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ كەتتىغۇ؟

ـ ئاللاھ دېدىم، ئاستا، ئاتىسى، ئاستا دەيمەن... بىرەتىسى ئاڭلاپ قالمىسۇن يەنە، ـ دەيتتى ئېرىنىڭ بارغانچە كۇچەپ كېتىۋاتقانلىقىدىن تەشۋىشلەنگەن چىمەن. لېكىن ئېرىنىڭ كېيىنكى كۇنلەردە كەسكىن ئۆزگەرگەنلىكىنى ۋە قانداقتۇر كەيپىيات ئاستىدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قورقۇمسىز، مەدەت بەرگۇچى مەرد يىگىت گەۋدىلىنىپ، ئېرىغا ئىشەنچى كۇچىيىپ، مۇھەببىتى تېخىمۇ چىڭىپ باراتتى. ئۇ ۋېلاخۇننىڭ قولىنى مەككەم تۇتتى. ـ يۇرۇڭا ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى. ئارام ئېلىڭ، تاڭ ئاتمايلا يەنە ئىشقا قوغلايدۇ.

ـ ئۆزىمىزگە گۆر كولىتىپ، ئۆزىمىزنى كۆمۇۋاتقىنىغا قاينىماي نېمە قىلىسەن؟ كۆزگە كۆرۈنگۇدەك كىشىلىرىمىزنىڭ پېيىنى قىرقىپ بولۇشتى! نۆۋەت ئەمدى سەلەيدەكلەرگە يەتتى. ئەتە ـ ئۆگۈن بىزگە ئوخشاشلارغا كەلمەيدۇ دەمسەن؟

ـ بولدى، بولدى، تولا قاينىماڭ دەيمەن. ـ يېلىنىشقا باشلىدى چىمەن ۋە ھە دەپ ئۆي تەرەپكە تارتىسمۇ، ھاياجانلانغان ۋېلاخۇن ئۇنى

سەزمەيتتى .

ـ بۇ دەردلەرنى ساڭا تۆكمەي كىمگىمۇ تۆكەتتىم، چىمىنىم. ئەمدى، ساڭىمۇ ئىشەش قىلىشقا بولمامدا؟

ـ بىرسى كېلىشۋاتقاندەك قىلىدۇ! ـ دېدى ئېرىنىڭ بىقىنىغا نوقۇپ چىمەن. ئاڭغىچە خۇماخان كىرىپ كەلدى.

ـ كەلسىلە، خۇماخان، هارماڭ، ـ دېيىشتى تەڭلا، خۇشال بولۇشقان ئەر ـ ئايال. چىمەن خۇماخاننى قۇچاقلاپ، چوڭقۇر مېھرىبانلىق سېزىم بىلەن

ماڭلىيىغا سۆيدى.

ـ ئۆيگە كىرەيلى، ـ دېدى تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ۋېلاخۇن ۋە چىمەننىڭ قولىدىن ئوغلىنى ئالماق بولۇۋېدى، خۇماخان:

ـ ماڭا بەرسىلە، بۇ كىچىك باتۇرنى سېغىنىپ كەلدىم، ـ دېدى ـ دە، چىمەننىڭ قولىدىن ئېلىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ يۇمران مەڭزىنى يۈزىگە ياقتى. چىراغ ياقماي يۇرۇپ كۆزلەر قاراڭغۇلۇققا كۆنۈكۈپ قالسا كېرەك، ئۇلار قاراڭغۇ دالاندىن تەنتىرەكلىمەيلا ئۆتۈشۈپ، ـ "مېھمانخانا" دەپ ئاتىلىدىغان

خانىغا كىرىشتى. تالانىڭ تىنجىقلىغىدىن ئۆي ئىچى سالقىن بولسىمۇ، زەي پۇرىغاندەك قىلاتتى.

ـ چىرىغىڭنى ياق، چىمەن، ئەتىكىنى ئاللاھغا قويدۇق.

ـ ياق، كېرىكى يوق، مەن هازىر كېتىمەن، ـ دېدى ماينىڭ قىسىنچىلىقىنى ئۇلاردىن كەم بىلمەيدىغان خۇماخان.

ـ بىز بىلەن قېرىشقاندەك، ئاينىڭ بۇلۇتلار كەينىگە كىرىۋالغىنىنى قارىمامدىغان. ماۋ يۇ ـ ئىشىنىڭ دانا رەھبەرلىكىدە چىراغ ياقماي، ئاي يورۇقىدا

ئولتۇراتتۇق ئەمەسمۇ! ۋېلاخۇننىڭ تەنىسىدىن ئۇچەيلەن راھەتلىنىپ كۈلۈشتى. شۇ ئارىلىقتا ئۆزىگە خاس چاققانلىق، لەۋەنلىك بىلەن چىراغنى ياقتى چىمەن. چىراغ يورۇقى بىلەن ئۆي ئىچىگە سىن كىرگەندەك بولدى. خانە ئىچىدىكى بىساتلار ئاددىي ۋە خېلى كونىرىغان بولۇپ، كېيىنكى

يىللار ئىچىدە يېڭى جاھازلار قوشۇلمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. چىمەن ئۇ يەر ــ بۇ يەردە پاختىسى پۈلتايغان قۇرۇق كۆرپىچىنى ئىككى قاتلاپ،

كونا كۆچا كىگىزى ئۈستىگە يايدىدە، ئىللىق تەكەللۇپ ئىچىدە:

ــ يۇقىرى چىقسىلا خۇماخان ــ دەپ تەكلىپ قىلدى ۋە ئوغلىنى ئالماق بولدى.

ــ ئاۋارە بولمىسىلا، چىمەن ئاچا. مەشەدىلا ــ سۇپا گىرۋىكىدە ئولتۇرسام بولدى، ــ دېدى خۇماخان. لېكىن ئېلىنى ئانىسىغا بەرمەي، باغرىغا بېسىپ ئولتۇردى.

ــ ھەجەپ ئوبدان كېلىپ قاپتىلا، سىڭلىم. مەنمۇ بۈگۈن بېرىپ كېلەي دېۋىدىم، ئۈلگۈرەلمىدىم، ــ دېدى ۋېلاخۇن. شۇئان ئۆي ئىچىنى

قانداقتۇر يوچۇن، چۈشىنىپ بولمايدىغان خىجالەتچىلىك كەيپىياتى ئوراپ ئالغاندەك بولدى. رەسمىي ــ يوسۇن بويىچە، چىمەن مۇنداق ھاڭۋېقىپ تۇرماي،

دەرھال جوزا قوياتتى. توغاچ، تاتلىق ــ تۈرۈملارنى تىزاتتىدە، ھەش ــ پەش دېگۈچە چاي قاينىتىپ، ئاچچىق ــ چۈچۈك سەي، ئەڭ بولمىغاندا تۇخۇم قورۇپ كىرەر ئىدى.

مانا، ھازىر ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك، ئىشىك تەرەپتە ئۆرە تۇرىدۇ ۋە يەر تېگىدىن

"نېمە قىلساق بولار؟" دېگەندەك، ۋېلاخۇنغا تەلمۈرگەندەك قارايدۇ. كاشكى ئالما ــ ئۆرۈك، نەشپۈت ــ شاپتۇلا بولسىچۇ...مېۋىلەر تېخى

پىشماي تۇرۇپلا سېۋەت ــ باداڭلارغا قاچىلاپ كۇلىغا ئېلىپ كېتىشكەن، ھەتتا قاغا جىگدىسىنىڭمۇ تېپىلمىغى تەس...

ــ گۇناھىڭدىن ئۆتتۈك، چىمەن ئولتۇر، ــ دېدى ياسالما كۈلكە ئارىلاش ۋېلاخۇن.

ــ چاي قاينىتاي دېۋىدىم، ئۆزىگە ئۆزى ئىشەنمىگەندەك، سۆزلىگەن چىمەن قىزىرىپ كەتتى.

ــ رەھمەت، ئاچا، ئاۋارە بولمىسىلا، دېدى خۇماخان، ھېچ نەرسىنى

سەزمىگەنگە سىلىپ .
ــ راستلا ، دېدى خۇماخانغا يانداش ئولتۇرۇپ ، چىمەن ، ــ سادىق تاغامنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ بۇ ئاي ، بۇ كۈنلەردە ئادەمنىڭ ئەس ـ ھوشىمۇ قالمىدىيا ، خۇدايىم...
ــ ياخشى ، رەھمەت .
ئۆي ـ ئىچىنى يەنە جىمجىتلىق باستى . ھەر ئۇچەيلەن كۆڭلىدە سەلەي ھەققىدە سۆز قوزغاشتىن ئەيمەنگەندەك بولاتتى . چۈنكى بۇ ھەقتە
نەچچە قېتىم گەپ تېشىلىپ رەنجىش ، خاپىلىق ۋە ئاخىرىسى يىغا ـ زارىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى ھەممىسىنىڭ يادىدا .
ــ كورلىغا چۈشۈپ ، سەلەيىنىڭ خەۋرىنى ئالاي دېۋىدىم! مونۇ ناكەسلەر زادىلا رۇخسەت بەرمەيۋاتىدۇ ، ــ دېدى ۋىلاخۇن خىجىللىق ئىچىدە .
ــ ئەگەر چۈشسىلە ، مەن بىللە چۈشىمەن . مۇبادا سىلىگە رۇخسەت بەرمىسە ، ئۆزۈم يالغۇز...
ــ يالغۇز؟! ــ چۆچۈگەندەك خۇماخاننىڭ سۆزنى بۆلدى چىمەن .
ــ يالغۇز بولسا نېمە بولۇپتۇ؟ ــ چىمەننىڭ سوئالىغا ھەيران بولغاندەك سورىدى خۇماخان . ئۆي ئىچى ئۇ قەدەر يورۇق بولمىسىمۇ ، خۇماخاننىڭ
مۇڭلانغان ، لېكىن ئاۋۋالقىدەكلا ئوت چاقناپ تۇرىدىغان خۇما كۆزلىرى ، خېلىلا يادىغان توغاچتەك يۈزىگە ياراشقان سېكىلەكلىرى ، خىيالچان
بادام قاپاقلىرى ۋە مايسىدەك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كىرپىكلىرى ئۇنى تېخىمۇ ئوماق ، يېقىملىق كۆرسىتەتتى . "ئىسست... ئادەم بالىسىنىڭ
رەشقى كەلگۈدەك شۇنداق گۈزەل قىز زايە بولۇۋاتىدۇ! ۋاي ، پەلەك..." دېگەن ئېچىنىشلىق ئارمان كەچتى چىمەننىڭ كۆڭلىدىن ، مونۇ ھالىغا
ئېچىنىپ ۋە ئۇنلۇك "ئۇھ" دېگەن پىغان چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى . بۇ ھال دەردلىك "ئاھ ـ ئۇھلار" شۇ كۈنلەردە مىڭلىغان
چىمەنلەرنىڭ يۈرەك قېتىدىن پارتلاپ چىقاتتى .
ــ بىر ـ ئىككى كۈن سەۋر قىلىپ تۇرسىلا ، سىڭلىم . مەن يەنە ئۇرۇنۇپ كۆرەي ، بەلكىم رۇخسەت بېرىپ قالار ، ــ دېدى ۋىلاخۇن .
ــ زاماننىڭ رەپتايى مۇنداق بولۇپ تۇرغاندا ، يالغۇز ـ يېرىم بارغان زادىلا كېلىشمەيدۇ . ئاندىن ، كورلىنىڭ نەردە تېنەپ ، كىملەرگە يېلىنىپ ،

ئاۋارە بولاتتىلا؟

– پارتىيە باشلىقلىرىغا ئەرزە بېرەي دېۋىدىم. – خۇماخان بۇ سۆزلەرنى قىلدىكەن، كۆز يېشىنى يوشۇرماق بولۇپ، ئېلىنى سۆيمەكچىدەك يۈزىنى يوشۇردى.

دوستىنىڭ ھالىغا كۆيۈنگەن چىمەنمۇ چوتا ياغلىقى بىلەن يۈزىنى تۆرىدى؛ ئۇنىڭ ئىككى مۇرىسى ئەسەبىي تىترەتتى. ۋېلاخۇننىڭ

بېشىمۇ بارغانچە تۆۋەنلىشىپ، يەرگە تېگەي – تېگەي دەپ قالدى. ئۇ يالغۇز خۇماخاندىنلا ئەمەس، ئەل – ئاغىنىلەر ئالدىدا دوستىغا تىك

تۇرۇپ ئارا بولالمىغانلىقى ۋە ئىككى ئايدىن بۇيان ئۇنىڭدىن ھال سوراپ خەۋەر ئالالمىغانلىقىدىن خىجالەت بولۇپ، ئۆلۈپ – ئۆچۈپ يۈرمەكتە ئىدى.

قانداق قىلسۇن؟ سەلەينى قاماققا ئالغان كۈنىلا ۋېلاخۇن باشلىق ئۇنىڭ ئاغىنە – بۇرادەرلىرىنى يېزىلىق "مۇھاپىزەت" مەھكىمىسىگە چاقىرتىپ، ئۇلارنىمۇ قىيىن – قىستاققا ئالغان ۋە ئادەمنىڭ ئېسىگە كەلمەيدىغان توقى – لەنەتلەر بىلەن سەلەينى ئەيىبلەش ئارقىلىق دوستلىرىنىڭ

يۈرەكلىرىنى مۇجۇپ قويۇشقان ئىدى. ھەتتا يالغۇز ئوغلىنىڭ دەردى – پىراقىدا ھەپتىگە قالماي ۋاپات بولغان تاجىخان ئايلامنىڭ جىنازا نامىزىغا يېزا خەلقى قورقۇپ كەلمىگەنلىكتىن، ئالتە – يەتتىلا ئادەم دەپنە قىلىشقان. جانغا پېتىپ، ۋىجداننى ئازابلايدىغان تەنە – تاپىلارچۇ تېخى...

"سەلەينىڭ قىلمىش جىنايەتلىرىنى ئېيتىپ بەرمىسەڭلار پارتىيىگە، ماۋ – جۇ – شىغا قارشى ئۇنسۇر ھېسابلىنىسىلەر..." دېگەن دوقلىرى

ۋېلاخۇننىڭ قۇلىقىدىن ھازىرمۇ كەتكىنى يوق. سەلەي توغرىلىق خۇماخانىنمۇ نەچچە قېتىم ئاۋارە قىلىنغان. لېكىن، سۈرۈن سوراقچى ئالدىدا زايىر زاغۇنىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ ئەدىۋىنى راسا كېلىشتۈرۈپ بەرگەن ئىدى...

ۋېلاخۇن نەچچە پاتمان يۈكنى كۆتەرگەندەك ئېغىر، دەھشەتلىك خىياللار سالمىقىدا ئېگىلگەن بېشىنى كۆتەردى.

– شۇ نەرسە ئېنىقكى، – دەپ باشلىدى ئۇ، – سەلەي سۈتتىنمۇ ئاق،

گۇناھسىز . ئۇنىڭ گۇنايى... ـ ۋىلاخۇن تامىغىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك ، گېپىنى يۇزۇۋەتتى . خۇماخان ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قارىدى . بۇ قاراشتىن "نېمە دېمەكچى سىز؟" ـ دېگەن سوئال ئەكس ئېتىپ تۇراتتى .

ـ سەلەي ، ـ داۋام قىلدى ۋىلاخۇن . ـ خەلقىمىز ئالدىدا ھۆرمىتى بار ، ياشلارنىڭ ئالدى بولغانلىقتىن ، خىتاي باشلىقلىرىغا ياقمايدۇ . مانا ، ئۇنىڭ گۇنايى! ـ دېدىدە ، ئۆز خۇلاسىسىدىن چۆچىگەندەك ، ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى . ۋىلاخۇندىكى بۇ خىل ھالەتنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقان خۇماخان ھەيرانلىقتا ئۇنىڭغا تىكىلدى . چىمەنمۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئېرىدىكى جىددىي ئۆزگىرىشكە ، ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ كەسكىنلىشىپ ، قورقماسلىقىغا ھەيران بولاتتىدە ، دەم ھەۋەسلەنسە ، دەم تەشۋىشلىنەتتى . ئۇ ھازىر ئېرىغا چۆچىگەندەك قارىدى .

ـ قانداق بولمىسۇن ، ـ دېدى ئۇننى ئارانلا چىقىرىپ خۇماخان ، ـ سەلەي قاراڭغۇ زىنداندا چىرىپ ياتسا ، بىز قول قوشتۇرۇپ تۇرساق بولماس...

ـ سەلەينى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمىزمۇ ، ـ قايتا ئولتاردى ۋىلاخۇن . ـ ئۇنى قانداق قىلىپ بولمىسۇن مونۇ گېزەندىلەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى تېپىشىمىز كېرەك .

ـ قانداقلارچە؟ ـ سورىدى چىمەن ، خۇماخان ئېغىز ئاچقىچە .

ـ قا ـ چۇ ـ رۇش...

ـ ئەشۇ تۆمۈر قەپەزدىنما؟ بۇ بەڭگىنىڭ خىيالى ئەمەسمېكىنە؟ ـ دەۋەتتى چىمەن .

ـ ئەمسە ، قۇرۇق ئەرزە بىلەن بوشاتماقچېدىڭمۇ؟ ـ تېرىككەندەك ، چىمەنگە تىكىلدى ۋىلاخۇن . ـ ئىلتىماس ، ئەرزە يازساڭ: "تەرەپدار" ، "ھىسداش" دېگەن قالپاقلارنى كىيگۈزىدۇ .

ـ زىنداندىن تىرىك قېچىشىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ ، ۋىلاخۇنكا ، ـ دەپ بېشىنى چايقىدى خۇماخان ـ تەۋەككۇل قىلمىسىز دەپ ، ئۆزەڭلار بالاغا گىرىپتار بولۇپ قالماڭلار ، دەپ قورقىمەن .

بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئۇلار خېلە ئۇزاق مەسلىھەتلەشتى . گوياكى

مەسلىھەتنى يەكۈنلىگەندەك .

- شۇن-داق... - دەپ ئاستا پىچىرلىدى خۇماخان .

ۋىلاخۇننىڭ دەلىللىرى ئىشەشلىك ئاساسقا تەيىن تاپمىغاچقا ، ئۆزىمۇ ، باشقىلارما كۆڭۈل تىندۇرۇپ ، قانائەت ھاسىل قىلالمىدى . قانداق قىلسۇن ، دوستىنىڭ ھالىغا كۆيگەن ۋىلاخۇن چامىنىڭ كېلىشىچە ھەرىكەت قىلغۇسى باردە! لېكىن قايسى ھەرىكەت مۇۋاپىق بولىدىغانلىغىنى ئۆزىمۇ ئوچۇق مۆلچەرلىيەلمەيتتى . ۋىلاخۇننىڭ مۇلاھىزىلىرىگە ئانچىلا قانائەت ھاسىل قىلمىغان خۇماخان ، ھەسرىتىنى ئىچىگە سىڭدۈرگەن ھالدا ، ۋىلاخۇنغا رەخمەت ئېيتىپ ، ئورنىدىن قوزغالدى .

- قونۇپلا قالسىلىچۇ ، خۇماخان ، - دېدى چىمەن چەكسىز مېھرىۋانلىق ۋە دىلكەشلىك بىلەن ، خۇماخان ئۇنچۇقماستىن چىمەننى قۇچاقلىدى:

- كې-تەي... - دەپ يىغا ئارىلاش پىچىرلىدى .

- ھەر قانچە دەرت-ئەلەم كەلسىمۇ ، تەڭ تارتىمىز ، سىڭلىم ، - دەپ خوشلاشتى ، خۇماخاننى خېلە يەرگىچە ئۇزىتىپ بارغان ۋىلاخۇن . خۇماخانمۇ قاراڭغۇ تۈن يۇتىۋەتكەندەك ، شۇئان كۆزدىن غايىپ بولدى .

## IV باپ

گۆك-شي قۇرۇلغان مەزگىلدە بىر-بىرسگە پاسىلداش تۆت يېزا "دۇن-فاڭ-خۇڭ" (شەرىق قىزاردى") نامى بىلەن بىر كوممۇنغا بىرىككەن ئېدى . دولان يېزىسى "دۇڭ-فاڭ-خۇڭ" خەلق كوممۇنىسىنىڭ بىرىنچى دا-دۈي (چوڭ ئەترىتى) بولۇپ ، ئىككى يۈزدىن ئارتۇق تۈتۈن (بۇنىڭ تەڭدىن تولىسى ئىچكى خىتايدىن كەلتۈرۈلگەن خىتاي ئاھالىسى) ئېدى . بىرىنچى چوڭ ئەترەتتە تۆت "جۇڭ-دۈي" (ئورتا ئەترەت) كە بۆلۈنەتتى . تۆت ئورتا ئەترەتنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇرلار ، ئىككىسى خىتايلاردىن تەركىپ تاپقان . چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىغى خىتاي ، مۇئاۋىنى - ئۇيغۇر . ماليا تەمىنات ، ھېساپ-چوت ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى خىتايلار باشقۇرىدۇ .

ئاياق ئۆره تۇرالايدىغان قىرى ـ چۆرىلەرگە ئالاھىدە "ئېتىبار" بېرىلىپ، ئاشخانا، كۆزەتچىلىك، مال بېقىشقا ئوخشىغان ئىشلاردا ئىشلىتەتتى. لېكىن بۇلاردا ئەمگەككە قاراپ تەخسىمات بولماستىن، ھەممە ئۇمۇمىي، پەرقسىز بولىدىغان. پەقەت يەتتە ياشتىن ئون ئۈچ ياشقىچە بولغان ئۇششاق باللارنىڭ تاماق نورمىسى يېرىم كىشىلىك ئىدى. پەرقى مانا شۇنىڭدىنلا ئىبارەت، خالاس!

سادىق بوۋاي چوڭ ئەترەت ئاشخانىسىدا ئوچاققا ئوت قالاپ، سۇ توشۇيدۇ. تاڭ سەھەردىن تارتىپ ئەل ياتقىچە ئارامخۇدا دەم ئېلىش ئىمكانىيىتى يوق. بۇ ئىشتا ئاۋارە بولۇشتىن تاشقىرى، ھەر كۈنى كەچتە بولىدىغان كۈندىلىك ئىش كۈنىنى باھالاش ۋە "سىياسىي ئۆگۈنۈشكە" قاتنىشاتتى. كوممۇنا قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىسسىق ئۇۋىسى بۇزۇلغان بۇ بوۋاي، قىزى خۇماخان بىلەن پەقەت ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ـ دەم ئېلىش كۈنىلا ئۇچرىشالاتتى. ـ ئەتە دەم ئېلىش كۈنى. لېكىن كەچكىرگىچە يەتكىدەك ئوتۇن بىلەن سۇنى توشۇش، ئوچاقلارنىڭ كۈلىنى تازىلاش كېرەك. ئۇنداق قىلمىسا، رۇخسەت بېرىلمەسىنىڭ سىرتىدا، كۆپچىلىك ئالدىدا تەنقىتكە سالىدۇ. سادىق بوۋاي ئەتە قىزى بىلەن بىللە بولۇشنى ئەسلەپ، خوشاللىقىدىن تاڭ يورۇماستىنلا تۇرۇپ كەتتى. نەچچە يەردىن يامالغان چەكمەن چاپىنىنى كىيىپ، ئۇزۇن ئالا ئاغامچا بىلەن بېلىنى نەچچە ئايلاندۇرۇپ ئورىدە، ئاي پالتىنى بېلىغا قىستاردى. قاسقىنىنىڭ پاختىسى نەچچە يەردىن پۈلتىيىپ چىقىپ تۇرغان كونا دۇم تۇمىغىنى بېشىغا باسۇرۇپ كىيىپ، ئۆلتىگى ئارانلا ئىلىنىپ تۇرغان كېرپىشىنى پۇتىغا ساپىدە، تالاغا چىقتى.

كورلا دەرياسى تەرەپتىن ئۇرغان سوغ شامال يالاڭ كىيىملىك تەنگە مۇز يىڭنىدەك سانچىلاتتى. سوغدىن بەدىنى شۈركەنگەن بوۋاي ئىككى قولىنى يەڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ، ئىڭىگىنى ئوچۇق كۆكسىگە تىرەپ، تۇرتەكلەنگەن ھالدا مېڭىپ كەتتى. ئۇ توختىماستىن يۆتىلەتتىدە، نېمىلەرنىدۇر غۇڭشىغاندەك، كىملەرگىدۇر نەپرەت ئوقۇپ، قاغىغاندەك قىلاتتى. بۇ ئەتراپ ئۇنىڭغا باللىق چاغلىرىدىن تارتىپ تونۇش بولغاچقا، قاراڭغۇدا تېنەپ ـ تەنتىرىمەستىن توغراقلىققا يېتىپ كەلدى ۋە كۈندۈزى مۆلچەرلەپ

قويغان قۇرۇق توغراق شاقلىرىنى كەسلەشكە باشلىدى. "بۇ كۆلپەت ياشلىغىمدا كەلسىچۇ، ناكاشكى، ــ دەپ داتلاتتى چوڭىراق شاقلارغا كۆچى يەتمىگەن چاغدا، ــ قولىنىڭما، پۇتىنىڭما، دەرمانى قالماپتۇ..."
بوۋاي بىرىنچى قاتناپ، ئوتۇننى ئوچاق بېشىغا تاخلاۋاتقاندا، ئوت قالغىلى تۇرغان ئۇنىڭ نوۋەتدىشى چالا ئۇيقىلىق ئەسنەپ:
ــ ھە، سادىق چوڭ، بۈگۈن قارغا تېزەك يىمەستە قوپۇپ كېتىپسەنا؟ ــ دەپ تەنە قىلدى.
ــ قارغىدىن نىمە پەرقىڭ قالدى؟ ئالدىرىما، ئاز كۈندە قارغىدەك تېزەك چىشلىمىگىنىڭنى كۆرەي.
ــ ئاستا، توقناق بالاغا كېلىپ يۈرمە يەنە!
ــ قېرى كالا پىچاقتىن قورقمىغاندەك، بىز قېرىلارنىڭ ئايغىدەك نىمىمىز قالدى؟ ئەسكى لاتىدەك سۆرۈلۈپ يۈرگىنىڭگە مەزەڭ كېلەمدۇ؟
ــ ئاستا دەيمەن، سېنىڭ ئاغزىڭ ئېچىلىپ كەتسە، ياپقىلى بولمايدغان. ھېلىقى بۇرنىدىن پوتىلا ئېقىپ تۇرىدىغان خوشى بەنجاڭ كىرىپ قالسا، ھالىڭغا ۋاي...
ــ ئۆلۈمنى تىلەپ قالدىم جۇما.
ــ ئۆز ئەجلىمىز بىلەن ئۆلسەك مەيلىتتىغۇ.
ــ ۋاي بۇ دەرتلەرنى كىمگىما ئېيتار، كىشى، ــ دىبدىدە، چىقىپ كەتتى سادىق بوۋاي. "بارات، قاسىملار ئازاپقا چىداماي، بىرسى ئېسىلىپ، بىرسى ئۆزىنى دەرياغا ئېتىپ ئۆلۈۋېلىشتى، ــ دەيتتى ئۆز ــ ئۆزىگە يولدا كېتىۋېتىپ سادىق بوۋاي، ــ مېنىڭ ئۇلاردىن نىمەم ئارتۇقكەن؟ بۇ خورۇشنى تارتىپ، ئەسكى پالازدىنما قەدىرسىز يۈرگىچە، ئۆلۈۋالغان ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ دىنىمىزدا ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتەرگەن ئادەمنىڭ جىنازە نامىزىنى چۈشەرمەيدىغان ئىش بارە، يائاللاھ!.." دەپ بىردىن چۆچۈپ كەتتى ئۇ. ــ مەنغۇ ئۆلۈپ قۇتۇلارمەن، خۇماخاننىڭ كۈنى نىمە بولماقچى؟..ياق، بۇ پەيلىڭدىن يان، سادىق، بىر كۈن بولسىمۇ خۇماخاننىڭ كۆز ئالدىدا مىدىرلاپ تۇرۇشۇم كېرەك...سادىق بوۋاي ئېغىر ئىچكي كەچۈرمىلەر ئىلكىدە توغراقلىقتا كېلىپ قالغىنىنىمۇ، سوغدا مۇزلاپ كەتكەنلىگىنىمۇ سەزمەي قالدى.

تيان ـ شان تېغىدىنمۇ ئېغىر خىياللار بېسىمىمۇ ياكى ئاچلىق ـ ھالسىزلىقمۇ ئۇنىڭ نە قولىدا، نە پۇتىدا ماغدۇر قالماي، قىمىرلاشقىمۇ دەرمانى يوق. لېكىن جاندىن ئەزىز قىزىغا بولغان مېھرى ـ شەپقەت ئۇنىڭ تومۇرلىرىغا قۇيۇلۇپ، كۈچ ـ قۇۋۋەت چىگەندەك بولاتتى. سادىق بوۋاي ئىككىنچى قېتىمقى ئوتۇننى خېلە تەسلىكتە يەتكۈزدى. ئۈچىنچى قاتنىشىدا تامامەن ھالىدىن كېتىپ، يېگى ماڭغان بالىدەك، دەلدەڭلەپ، ئاران ـ ئارانلا قەدەم ئالاتتى. "ئەتتەك، ـ دەيتتى شۇنچە سوغاققا قارىماي، قارا تەرگە چۆمگەن بوۋاي، ـ موشۇ پېشكەل دۆڭدىن چىقۋالسام..." دۆڭنىڭ بەل ئوتتۇرىسىغا ياماشقاندا، بېشى قېيىپ، دۈمچىلا يىقىلىپ، ئوتۇن بىلەن نەچچە دومۇلاپ بېرىپ، تېۋىلغىغا ئىلىشىپ توختاپ قالدىدە، ھوشىنى يوقاتتى، ئەتىمالىم، قاتتىق ئوتۇن ئاستىدا بىر پەس قىمىر قىلالماي يېتىپ قالدى. "خەپ... قوسىغىم توق بولسېدى، يېتىپ جان بەرمەستىم". ئۇ بارلىق كۈچىنى توپلاپ، ئىككى پۇتىنى تېۋىلغا غولىغا تىرەپ تۇرۇپ "ھوپ!" دېگەن پېتى دەس ئورنىدىن تۇردى. "ئۆلۈپ كەتسەمما، يېتىپ جان بەرمەسمەن..." ئۇنىڭ تورلاشقان قورۇق پېشانىسىدىن خۇددى شور تۇزدەك تەپچىرەپ ئاققان ئاچچىق تەر كۆزلىرىنى ئېچىشتۇرۇپ ئاۋارە قىلغاچقا، كۆزىنى ئاچالماي قىينىلاتتى. ئىككى يۈز مېترچە ئېگىزلىكتىكى دۆڭنىڭ تۆپىسىگە بىرەر سائەتتە ئاران ئۆلاشقان سادىق بوۋاي، يەنە ئوڭدىسىغا يىقىلدى. بىر ھازادىن كېيىن، قاپاقلىرىنى ئېچىپ، نۇرسىز كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكتى.

شەرىق تەرەپ ئەندىلا سۈزۈلۈشكە باشلىغان. گەرچە تېخى قاراڭغۇ بولسىمۇ، سادىق بوۋاي ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. ئەنە، ئەۋۋۇ سۈزۈلۈشكە باشلىغان كۈن چىقىش تەرەپتىكى ئېگىز ئىدىرنىڭ كەينىدە باغراش كۆلى بار. سادىق يېگى ئۆيىنى ياسىغاندا، باغراتىن قومۇچ ئەكەلگەن ئەمەسمېدى؟ ۋاي، باغراش كۆلىنىڭ بېلىقلىرى...بېلىق ئېسىگە يەتكەندە، ئۇنىڭ ئاچ قوسىغى ئېچىشقاندەك بولۇپ، شورلاشقان لەۋلىرىنى تامشىپ قويدى. شىمال تەرەپتە قارىيىپ تۇرغان ـ باشئەگىم داۋانى. بۇ ـ تيان ـ شان تېغىنىڭ بىر ئاچىسى، ئەشەدە تاھىر بىلەن زوھرانىڭ قەبرى بار. قاراشەھەر، ئۈرۈمچىلەرگە ئاشۇ باشئەگىم ئارقىلىق ئۆتىدۇ. سادىق بوۋاي

قاراشەھەرگە ئاتاقلىق كورلا نەشپۈتىسىنى ساتقىلى بارغاندا ئاشىق ـ مەشىقلار قەبرىنى نەچچە قېتىم تاۋاپ قىلىپ ئۆتكەن. ئەۋۇ ياۋا ئالما ـ ئۈرۈككە باي غوللاردا بۇغا ـ مارال كۆپ بولىدىغان. مەرھۇم دوستى سوپى مەرگەن بىلەن بىللە ئوۋغا چىقماپمىدى. ئەتتەك، شۇ چاغلاردا ئوتقا كاۋاپ قىلىپ يېگەن، ئاغزىڭغا چۈشسە ئېرىپ تۇرىدىغان بۇغا گۆشى ھازىر بولارمىدى؟.. بىرلا لوقما ياۋالسام، كۈچ كىرىپ، مۇنداق نەچچە دۈركۈن ئوتۇننى دەس كۆتىرىپ كېتەتتىم... سادىق بوۋاينىڭ پىلدىرلاپ تۇرغان چىراقتەك نۇرسىز كۆزلىرىدە ياش ئەگىشكە باشلىدى. بۇ ياش تامچىغا ئايلىنىپ، ياراشقان قورۇقلارنى بويلاپ بېرىپ، ساقىلىغا ياماشتى. ئۆمرىدە قانچە قېتىم ياش تۆككەن بولغېيدى، لېكىن مۇنىڭدەك ئاچچىق ھەسرەتلىك ياش ھېچ قاچان تۆكۈلمىگەن...

ئەندى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا "يېڭى خىتايلار" ـ ماۋ زېدۇڭچىلارنىڭ **1949** ـ يىلى پەيدا بولغانلىغى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى.

ـ ھەجەبا، ـ دەپ پىچىرلايتتى ئۇ، ـ بۇ نائىنساپلار يۇرتىمىزغا يېڭى كەلگەندە، ئورنىمىزدىن تۇرغىچە كوچىلارنى سۈپىرىپ، سۇلارنى سېپىپ قويىشىدىغان. كوچىدا كۆرۈشكەندە بولسا ـ قەۋەتلا ھېلىلىك بىلەن ھال ـ ئەھۋال سوراپ: "بىز، سىلەردەك ئېزىلگەن خەلققە ياردەم قىلىمىز. ئەندى ئازات بولدىڭلار، بەختلىك ياشايسىلەر..." دەيدىغانا تېخى! دەسلەپكى يىلى ئىككى قۇراللىق چېرىك ئۆزلىگىدىن قوشقا قارىشىپ بەرگىنىچۇ. يەر ئىسلاھاتىدا كەمبەغەللەرنىڭ بېشىنى سىلاپ، كۈرەش مېۋىسىنى تەخسىم قىلىپ، قەددىنى كۆتەرگەندەك بولدىيۇ، ئاخىرى مانا نېمە بولدى؟.. قارا، كاساپەتلەرنىڭ مەككارلىغىنى! تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلىغاندەك، بىزنى ئىسسىق ئۇۋىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۆزلىرى كىرىشمەكتە. ۋاي، ئىبلىستىنما قۇۋ كاپىرلارەي... بىز بېچارىلەر ئۇلارغا يەنە تەييار يەم بولۇۋاتىمىزا!.." ئۇ، مەۋجۇت زۇلۇمنى ئەسلەپ، غەزەپ كۈچىدە قاتاڭ تارمۇشتەك مۇشلىرى تۈگۈلدى.

ئەندى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى كېيىنكى كۈنلەردە يۈز بېرىۋاتقان دەھشەتلىك ھادىسىلەر ئوراپ ئالدى. ماۋچىلار ئۇيغۇر خەلقىنى چاپسانراق ئاسسىمىلياتسىيا قىلىپ، خىتايلاشتۇرۇش سىياستىنى نىقاپلاش

مەقستىدە "شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ياردەملىشىش" دېگەن باھانە بىلەن ئىچكىي ئۆلكىلەردىن كۆپلىگەن ياش ئوغۇل، قىزلارنى كەلتۈرگەن ئىدى. "يىلتىز تارتىش" سىياستى بويىچە بۇ ختاي ئەۋلاتلىرى يېزىلارغا تارقىتىلغان. ئۇلارنىڭ سانى بارغانچە كۆپەيمەكتە ئىدى. سادىق بوۋاينىڭ ئائىلىسگە بىر ئەمەس، ئىككى ختاي يىگىتى ۋە بىر قىزى ئايال تەقسىملىنىشمۇ مەقسەتلىك، ئەلۋەتتە! ھازىر ئۇلار خۇددى ئاتا مىراسىدەك، ئائىلىنىڭ ھەممە ئىشىغا ئارىلىشىدۇ ۋە جىھاز ـ بىساتلارغا تەڭ ئورتاق.

خەلق كوممۇنىسى بالدۇرىراق قۇرۇلغان جايلاردا "نېكا ئەركىنلىگى" بويىچە ختاي قىزلىرىنى ئۇيغۇر يىگىتلىرىگە چاتقانلىغى سادىق بوۋاينىڭ قۇلىغىغا كىرگەن. ئەتە ـ ئۆگۈن نوۋەت ئۇيغۇر قىزلىرىغا كېلىپ، ئۇلارنى ختاي يىگىتلىرىگە چاتماي قويماس. دەھشەتلىك كەچۇرمىلەر موشۇ نازۇك جايغا كەلگەندە تاقىتى تۈگىگەن سادىق بوۋاي: "خۇماخان، خۇمارىمنى قانداق قۇتۇلدۇرارمەن..." پىخانلىق نالە قىلدى ئۇ.

دەل شۇئان ئۇنى دېرەكلەپ كەلگەن خوش بەنجاڭ:

ـ نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ـ دەپ تىللاش بىلەن تەڭ، بوۋاينىڭ سوڭىغا بىرنى تەپتى.

ـ ھە، ھىم... ـ بەنجاڭنىڭ غەزىۋىدىن قورققان سادىق، جان ئاچچىغىدا ئوتتۇنى قانداق كۆتەرگىنىنى سەزمەي، ئۇنىڭ ئالدىغا چۇشۇپ ماڭدى. ئۇ شۇ تاپتا ئوتۇننى چۆرۈۋېتىپ، ئاي پالتا بىلەن مونۇ زومىگەرنىڭ بېشىغا سالماق بولدىيۇ، لېكىن خۇماخاننىڭ ئاقىۋېتىدىن قورقۇپ، دەردىنى ئىچىگە سىڭىرىشكە مەجبۇر بولدى.

* * *

"قالاق ئۇنسۇرلار" دەپ ئاتىلىدىغان گورۇپپىدا ۋېلاخۇن بىلەن خۇماخانىمۇ بولىدىغان. بۇ گورۇپپىنى قاتتىق نازارەت ئاستىدا تۇتىشاتتى. ئىش نورمىسىمۇ باشقا گورۇپپىلارغا نىسبەتەن ئارتۇق بولۇپ، قەيەردە ئېغىر، كۈچ

تەلەپ قىلىدىغان ئىشلارغا شۇلارنى قوغلىشاتتى. بۇ "قالاقلار گورۇپپىسىدا" ئادەتتىكى كومۇنا ئەزالىرىدىن باشقا "يەرلىك مىللەتچى" قالپىقىنى كىيگەن، "ئەمگەك جەريانىدا ئۆزگەرتىشكە" ئەۋەتىلگەن يىگىرمىچە ياش مۇئەللىملەر ۋە ئوتتۇزچە ستۇدېنتلار ئەمگەك قىلاتتى.

هايات يولىغا ئەندىلا قەدەم قويۇپ، كېلەچەككە يېڭى ئۈمۈتلەر بىلەن تەلپۈنگەن بۇ ئۆسمۈرلەر ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانى بولۇپلا قالماي، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كېلەچەك تىرەكچىلىرىدىن ئىدى. ماي ئىچىدىكى بۆرەك ئوخشىغان ئاتا ـ ئانىلىرى قەدىرلەپ ئۆستۈرگەن بۇ ناۋجىۋانلار ھېچ قانداق قىلمىشسىز، پەقەت ھەقىقەتنى قوغدىشى ئۆز خەلقىنىڭ، ۋەتىنىنىڭ جانىجان مەنپىيتىنى ھىمايە قىلىش تۈپەيلى "ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن، ھەممە بەس ـ بەستە سايرىسۇن" ھەرىكىتى يۈرگۈزۈلگەن مەزگىلدە، ماۋچىلارنىڭ تەشەببۇسىغا بىنائەن، مىللىي سىياسەتنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدىكى بەزى بىر كامچىلىقلارنى پاش قىلغانلىقى، لېنىنچە مىللىي سىياسەتنى سوۋېتلەر سويۇزىنىڭ ئۈلگىسى بويىچە ئەمەلگە قويۇلىشىنى تەلەپ قىلىپ پىكىر بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا موشۇ بالا ـ قازاغا گىرىپتار بولۇشقان ئىدى.

ھەتتا، بۇگۈر ناھىيەلىك مەكتەپ مۇئەللىم: "ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن چىقىۋاتقان قارا نوپۇسلار تەييار يەر، ئۆي ـ جايلارغا كىرىۋالماستىن، ئۆزلىرى يەر ئېچىپ، سۇ چىقارسا بولمامدۇ" دېگەنلىكى؛ كورلا شەھەرلىك مەكتەپنىڭ ئون تۆت ياشلىق ئوقۇغۇچىسى: "نېمىشكە مەكتىۋىمىزدە ئانا تىلىدا دەرس ئۆتمەيمىز؟" دېگىنى ئۈچۈنلا نەچچە كۈنلەپ، پېتىنى چۈشەرگەندىن كېيىن، "تۆۋەنگە" قوغلانغان. بۇ "چوڭ جىنايەتچىلەر" ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ماۋ مەپكۇرىسىنى ياخشى "ئېگىلىمىگىچە" سۈرگىندىن، ھاقارەت ـ كامسىتىشتىن تىرىك قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس.

قاراڭغۇ چۈشۈپ، كۆز باغلاندى ـ ئىش تېخىچىلا توختىغىنى يوق. يەنە بىر كۈن كۈلپەت ۋەھىم ئىچىدە ئۆتۈپ، كۈزنىڭ سۆرۈن شامىلى بىلەن قاياققىدۇر ئۇچۇپ كەتتى. قاراڭغۇدا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. پەقەت شورتاڭ يەرگە تەككەن كەتمەنلەرنىڭ داڭىلدىغان ئاۋازى بىلەن ئارىلاپ چىققان ئاھ ـ ئۇھلارلا ئاڭلىنىدۇ. قاچان ئىشتىن چۈشىش پۈشتىگى

چىلىنارىكىن ، دەپ قۇلاقلار دىڭ . ئاچلىق ، ماغدۇرسىزلىقتىن خىلىسىنىڭ بېشى قېيىپ ، كەتمەن سېپىغا تايىنىپ قىلىشاتتى ، ئەمما ، جان چىقىپ كەتسىمۇ ، قىمىرلاش لازىم . مانا ، ئىشتىن چۈشىش پۇشتىگى ، قارا چېكەتكىدەك چىرىلدىدى . ھەممە بېشىدىن تۇگمەن تېشى سىرىلىپ چۈشكەندەك ئۇھ تارتىشتى . بەزى تەرەت قىلماق بولۇپ زاك كەينگە مۆكۈپ ئولتىرىۋالغانلىرىمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى .

ـ ھەممىڭ بىر باغلامدىن ئوتۇن تېرىشۋال! تەكشۈرىمەن ، ئاز بولسا ، تاماق بېرىلمەيدۇ ، ـ دەپ بۇيرۇق قىلدى گورۇپپا باشلىغى .

تىڭ يەرنى كەتمەن بىلەن ئېچىۋاتقان "قالاق ئۇنسۇرلار" ئوتۇن تېرىشكە كىرىشتى . كىمدۇر بىرسى:

ـ بىر كۈنلۈك ئەمگەكتىنمۇ ئېغىر كۆرىمەندە موشۇ ئوتۇن تېرىشنى ، ـ دېۋىدى ، يەنە بىرسى:

ـ قارىغىنا ، موشۇ ئوتۇن چاپاننى ئىلىپ ساق يېرىنى قويمىدى . بۇنىڭدىن ئايرىلساق نېمىنىمۇ كىيەرمىز؟

ـ ھاي ئاخماق ، ـ دېدى يەنە بىرسى ئاستا ، ـ ئۇلۇغ داھى ماۋ ـ جۇشىنىڭ داھىيانە كۆرسەتمىسىنى ئوقۇمىدىڭمۇ؟

ـ قايسى بىرسىنى ئوقۇيسەن؟

سۇدېنتلار كۈلۈشتى ۋە ھاردۇقلىرى چىققاندەك بولۇشتى .

ـ ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى ، تۆرىلەرنىڭ تۆرىسى ، بۆرىلەرنىڭ بۆرىسى ، كۈندىن پارلاق ، ئايدىن داغراق داھىمىز يېڭىدىن شۇنداق پەرمان بېرىپتىكى . . .

ـ ھە ـ ھە تولا سوزمايلى .

ـ يېڭى كەشپىيات شۇكى: كىيىمنىڭ سىرتىنى ئۈچ يىل ، ئەستىرىنى ئۈچ يىل ، ئاندىن ياماپ ئۈچ يىل ـ جەمى توققۇز يىل كىيىش لازىممىش .

ـ مانا دانالىق . . .

ئۇلار يەنە كۈلۈشتى .

ـ ھەي ، قېرى قانجۇقلاردەك كاڭشىشماي ، چاپسان بولۇش! ـ دەپ ۋاقىرىدى گورۇپپا باشلىغى . ئۇنىڭغا ھېچ كىم رەددىيە بەرمەستىن ، ھەممىسى ئوتۇن تېرىشقا كىرىشتى .

ئېتىزغا سۇ تۇشۇيدىغان ئىككى ياغاچ تۇڭنى ئېلىپ كېتىش خۇماخاننىڭ نۆۋىتى بولغاچقا، ياغاچ تۇڭلارنى ئەپكەچكە ئىلىپ ئەندىلا مېڭىشىغا، دۇمبىسىگە ئوتتۇن ئارتىۋالغان ۋېلاخۇن ياندىشىپ كېلىپ، ئاستا:

ـ بۈگۈن مېنى جۇڭزىلىماقچى ئوخشايدۇ، ـ دېۋىدى، خۇماخان چۆچۈپ كەتتى.

ـ سىزنىڭ پېيىڭىزگە چۈشكەننى سېزىپ يۈرەتتىم، ـ دېدى ئۇ.

ـ قايسىمىزنىڭ پېيىگە چۈشمەيدۇ دەيسىز، بۇ ئادەم ئوغرىلىرى.

ـ مەن سىزگە دېمەيمېدىم، ۋاقتىدا قېچىپ كېتىش كېرەكتى.

ـ چىمەن بىلەن ئەلچۇ؟ ئۇلارنى ئۆزەم ئورنىغا موشۇ چىل بۆرىلەرگە تاشلاپ كېتىمەنمۇ؟

ـ ئەپلەپ ـ سەپلەپ بىللە ئېلىپ كەتكىلى بولار ئېدى.

ـ ئۇلارنى چۆل ـ باياۋانلاردا سۆرەپ يۈرمىسەمما، مونۇ تارتىۋاتقان ئازاپلىرى يېتەر. سىلەرچۇ، سىلەردىن كېچىپ نېمە ھالاۋەت كۆرىمىز.

ـ بىزنى دەپ ئۆزىڭىزنى ئوتقا تۇتۇپ بەرمەڭ، ۋېلاخۇنكا... ـ خۇماخان سۆزىنى ئاياقلاشتۇرالمىدى. ئېرىق ئاتلىغاندا ھالسىزلىقتىن پۈتلىشىپ يىقىلدى.

ـ بىر يېرىڭىز ئاغرىمىغاندۇر، سىڭلىم؟ ـ دەپ سورىدى ئاكىلارچە مېھرىۋانلىق بىلەن ۋېلاخۇن، خۇماخاننىڭ قولتىغىدىن يۆلەۋېتىپ.

ـ ياق، ۋېلاخۇنكا. ـ ئۇ، نېرى دومۇلاپ كەتكەن تۇڭلارنى ئەپكەلگىچە ۋېلاخۇن:

ـ ئەكىلىڭ، تۇڭلارنى مەن كۆتىرىۋالاي، ـ دېدى.

ـ ياق ـ ياق، ئەۋۇلار كۆرۈپ قالىدىغان بولسا، سىزنى تۇراقسىز لىبېرال، مېنى بولسا، ـ كىشى كۇچىدىن پايدىلانغۇچى زومىگەر، ـ دەپ دەرھال "قالپاق" كىيگۈزەر. ـ ئىككىسى ئاستا، لېكىن تەنىلىك كۈلۈشتى.

ئۇلار ئاۋايلاپ مېڭىشىپ، بالىلىق ئايالالار ئىشلەيدىغان يەرگە كەلگەندە توختاشتى. ئايالالار ئەمچەكتىكى بالىلىرىنى قومسۇق يەر ئۆستىگە ياتقۇزۇپ، ئۆزلىرى ئوتتۇن تەرگىلى كېتىشكەن ئېكەن. سەبىيلەرنىڭ بەزىلىرى يىغلىسا، بەزىلىرى تولا يىغلىشىپ تېلىقىشقانمۇ، شۈك يېتىشاتتى. سوغ سەلكىن قۇملارنى ئۇچارتىپ، سەبىيلەرنى ئاستا ـ ئاستا

كۆمۈشكە باشلاپتۇ، ۋېلاخۇن ئوغلى ئەلنى قۇم ئىچىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، باغرىغا باستى. خۇماخان بۇ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشكە چىدىماي، يەرگە قاراۋالدى.

– كۆردىڭلارمۇ، قېرىنداشلىرىم، – دېدى ئۇلارغا ياندىشىپ كەلگەن، ھېلى ماۋنى زاڭلىق قىلىپ سۆزلىگەن ياش مۇئەللىم، – بىزنىڭ جانباقار تۇراقسىز شائىرلىرىمىز قوشاققا قوشۇپ ماختاشقان "ئازات زامانىنىڭ بەختىيار بالىلىرى..." مانا موشۇلار. باشقىلار ۋاننىغا چۆمۈلسە، بۇلار قۇمدا يۇزىدۇ.

– تولا كوتۇلداشماي، چاپسان بولۇش، ھاي قالاقلار! – دەپ ۋاقىرىدى گورۇپپا باشلىغى.

– ئىشت ئۆلۈگىدىنمۇ سېسىق گەپ قىلىدىغان سەزگۈسىز مەخلۇغەي...

– ماشىنداق خىتاي غالجىرلىرىنىڭ ئەلمى جاندىن ئۆتۈپ كەتتى دېسىڭىزچۇ، مۇئەللىم.

– "يېڭى زامان" غالجىرلىرى جاللاتتىنما رەھىمسىز بولىدېكەن، ئاكىسى. ئۇلار ئۆز گورۇپپىسىغا كېلىپ قوشۇلغاندا، گورۇپپا باشلىغى قويلارنى تۇگەلىگەندەك، ھەممىنى قاتار تۇرغۇزۇپ، ساناۋاتاتتى.

* * *

ھەر كۈندىكىدەك، بۈگۈنمۇ قۇرۇق سۇدا قايىنتىلغان قوناق ئېشى. دىھقانلار سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: "ئىشتاننى يوتىغىچە تۇرۇپ ئاختۇرسىمۇ بىر توغرام گۆش تېپىلمايدىغان" ئوماشتىن نورما بويىچە بىر ھېجىردىن ئارتۇق تەگمەيدۇ. گورۇپپا-گورۇپپىغا بۆلىنىپ، ئۇ يەر-بۇ يەردە تۆگىرەكلىشىپ ئولتىرىشقان "كوممۇنارلار"، ئۇۋۇلىرىدىن باشلىرىنى چىقىرىشىپ، دان كۈتىشىپ يېتىشقان قاغا بالىلىرىنى ئەسلىتىدۇ. تۇرقىدىن توپا يېغىپ تۇرغان جۇل-جۇل كىيىملىك بۇ ئادەملەر خارابىلىق، بۆھرانلىق ۋە مۇھتاجلىقنىڭ مەھكۇملىرى ئېدى. خۇسۇسەن "تاماق" پىشقىچە ئاشخانىنى ئەگىچەكلەپ تاقتى تاق بولۇشقان چۆشۈرەندىلەرنىڭ ھالى تەڭ ئېدى. لېكىن ئۇلارنىڭمۇ تەرتىپكە رىئايە قىلىپ، نوۋەت كۈتىشى شەرت. ئەمگەككە يارىمايدىغان بۇ "نان قېپلار" ئىشلىمگىنى ئۈچۈن يېرىم

ھېجىر ئۇماشقا تويمىسىمۇ، "ئىنقىلاۋىي روھ بىلەن" قانائەت قىلىشقا مەجبۇر. يالاڭ ئاياق، يالاڭ باش ـ يېرىم يالىڭاچ بۇ نارسىدىلەر چىلىلدە تۇغۇلغان كۈچۈكلەردەك، تىترىشىپ تۇرۇشاتتى.
شۇ ئارىدا تاماق بېرىلىشقە ئىجازەت بېرىلگەن پۇشتەك ئاۋازى ياڭرىدى. ھەر گورۇپپىنىڭ نوۋەتچىلىرى چېلەكلەرنى كۆتىرىشىپ، ئاشخانىغا مېڭىشتى. ئاغامچا بويى كۆتىرىلگەن تولۇن ئاي ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇرغاچقا، قاراڭغۇدا ئەمەس، ئايدىڭدا ئاش ئىچىشكە بولىدۇ. چېلەككەرگە ئۇماچ ئۇسۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، گورۇپپا باشلىقلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا نوۋەتچىلەر خۇددى ئالتۇننى مىزانلىغاندەك، داق يەرگە قاتار تىزىلغان ھېجىرلارغا تەخسىملەشكە باشلىدى. تەخسىماتنىڭ "ئادىل" بولۇشىنى كۆزىتىپ ئولتىرىشقان ئادەملەر دىققەت ـ نەزىرىنى ھېجىرلاردىن يۇزمەيتتى. ئەگەر بىرەر قوشۇق ئارتۇق ياكى كام كېتىدېكەن، ماجرا چىقىشى تەبىئىي.
ـ بۇگۈن قازان تازىلاش قايسى بەختلىككە نەسىپ بولارېكىن؟ ـ دېدى، ھېجىرنى يالاۋېتىپ كىمدۇ بىرسى.
ـ سېنىڭ بىلەن ماڭا يەنە بىر ئايدىن كېيىن نوۋەت كېلەر. ئۇڭغىچە لاگېرلاڭ بولمىساق، ـ دەپ قورقىنىدىن ئەتراپقا قارىۋېدى، ھەممە ھېجىر يالاش ھەلەكچىلىگى بىلەن بەنت ئېكەن. تىكەندەك قادىلىپ تۇرىدىغان گورۇپپا باشلىغى "كىچىك قازان" (باشلىقلارغا مەخسۇس تاماق قازىنى) دىن غىزالىنىشقا كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇمۇ كۆرۈنمەتتى.
خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۇماچ قاينايدىغان قازاننى تازىلاش "بەختلىك" ئىش بولۇپ قالغان ئېدى. چۈنكى قازان تېگىدە قېتىپ قالغان قىسماققا بىر ئاز تويغىلى بولاتتى. شۇڭلاشقا، قازان تازىلاشقا ھەممە مەنپەئەتدار، قازان تېگى ئۈچۈن ھېمىشەم تالاش ـ تارتىش بولۇپ تۇرىدىغان.
ـ موشۇمۇ ھايات بولدىمۇ، ھە؟ ئادەملەر بىر چىنە ئاش، بىر بۇردا نان قەلەندەرى بولۇپ قالدى؟ ـ دېدى كىمدۇ بىرى پىچىرلاپ...
تورۇسى قومۇچتىن يېپىلغان پاكا، زەي پۇراپ تۇرىدىغان ئۆي ـ ئىچى لىققىدە ئادەم. تاختايغا تۆت پۇت قاداپ، ئاددىي ياسالغان ئۇزۇنچاق

ئۇستەلنى چۆرەدىشىپ ئولتىرىشقان كوممۇنىنىڭ "غول كادىرلىرى" باشلىقنىڭ ئاغزىدىن قانداق كۆرسەتمە چىقىدىكىن، دېگەندەك، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قېلىشقان. تۆت تامغا ئېسىلغان ماۋ زې ـ دۇڭنىڭ سۈرىتى ئۇلارنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

ئاسماندىن چۈشكەندەك، ھېلىلا پەيدا بولغان ۋاڭلى بىلەن زايىرنىڭ يەمىسىز قىياپىتى بۈگۈن قانداقتۇر يامانلىق سادىر بولۇشىدىن دەرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۆزلىرىنى خەلق كوممۇنىسىنىڭ "ئىشەشلىك كادىرلىرى" ھېساپلاپ يۈرىدىغان مونۇ ئاقتۈكلەر يىگىنە ئۈستىدە ئولتارغاندەك، خاتىرجەم ئەمەس. يۈزى ناۋايچىنىڭ رىپىدىسى ئوخشاش ياپلاق، قۇش بۇرۇنلۇق كوممۇنا باشلىغى ئورنىدىن تۇرۇپ، ماۋنىڭ رەسىمىگە قارىۋېدى، مەجلىس ئىشتىراكچىلىرى كوماندا بەرگەندەكلا دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتىدە، ھەممىسى يەتتە قېتىم ماۋ سۈرىتىگە چوقۇندى.

ـ بۈگۈنكى مەجلىستە ئىككى مەسىلە قارىلىدۇ، ـ دېدى ئۇ ھەممە ئولتارغاندىن كېيىن. ـ بىرىنچىسى، پولات تاۋلاشقا بىزنىڭ كوممۇنىدىن ئىككى يۈز كىشى ئاجرىتىلىدۇ. شۇلارنىڭ تىزىمىنى بىكىتىمىز، قانداق پىكىرىڭلار بار؟

ـ ئۇلۇغ داھى ماۋ ـ جۇشىنىڭ، ـ دەپ باشلىۋېدى بىرسى، ئۇنىڭ سۆزى بىردىن كېسىلدى. ـ "داھى" نامى ئېيتىلغاندا، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇش شەرت بولغاچقا، ھەممە يەنە گۈررىدە تۇرۇشتى.

ـ ماۋ ـ جۇشىنىڭ دانا رەھبەرلىگىدە باشلانغان، ـ دەپ داۋام قىلدى ھېلىقى سۆزى كېسىلگەن كىشى، ـ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ھەرىكىتىگە ھەسسە قوشىمىز!

ـ ئۇلۇغ داھىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز! ـ ھەممە تەڭلا شۇئار تەكرارلاشتى.

ـ ماۋ ـ جۇشى مىڭ ياشىسۇن! تۈمەن ياشىسۇن!

ئىككى يۈز كىشىنىڭ ئىسىملىرى يەنە شۇ خىل شۇئار ئاستىدا تەستىقلەندى.

ـ ئەندى، ـ دېدى قايتا ئولتارغاندىن كېيىن باشلىق، پولات تاۋلاشقا قاتنىشىدىغانلار قاراشەھەر تېغىدىكى كانغا بارىدۇ. شۇڭا سەھەر يولغا

چىقىپ، كەچتە شۇ يەردە بولۇشقا تېگىشلىك.

- ئاتلىق ئىككى كۈنلۈك يولنى...

- نېمە؟ - دەپ تىكىلىۋېدى باشلىق، سۆز قىلماقچى بولغان گېپىنى تۈزەپ:

- ئاتلىق ئىككى كۈندە يېتىدىغان يولنى بىزلەر، ئۇلۇغ داھىمىز ماۋ-جۇشىنىڭ داھىيانە رەھبەرلىكىدە بىر كۈندىلا بېسىشقا قادىر، دېمەكچىمەن.

- توغرا، - دېدى باشلىق ۋە - كىمدە كىم بۇ ھەرىكەتكە شۇبھىلىك قاراپ، سۆسلىق قىلسا، لوگەيگە ئەۋەتىلىدۇ.

- ئەلۋەتتە، - دېيىشتى مەجلىس ئىشتىراكچىلىرى. پەقەت جامائەت خەۋپسىزلىكىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋاڭلىلا بىر چەتتە ھەممىنىڭ سۆز-ھەرىكىتىگە سىنچىلاپ قاراپ ئولتىراتتى.

- ئىككىنچى مەسىلىگە كۆچىمىز، پىكىر بارمۇ؟

- يوق، - دېيىشتى ھەممە.

- ئارىمىزدا، دەپ باشلىۋېدى باشلىق، ھەممىنىڭ (ۋاڭلى ۋە زايىردىن باشقا) كۆزلىرى قىنىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچىيىپ كېتىشتى، - كوممۇنىغا قارشى ئۇنسۇرلار بار. ئۇلار ئىشىمىزغا پۈتلى-كاشاڭ بولىۋاتىدۇ. بۇ زەھەرلىك چۆپلەرنى ۋاقتىدا يۇلۇۋەتمىسەك، كوممۇنىمىز گۇللەنمەيدۇ،

- ئۇ: "سۆزۈم توغرىمۇ" دېگەندەك، ۋاڭلىغا نەزەر تاشلىۋېدى، ۋاڭلى، بىلىندۇرمەي، بېشىنى لىڭشىتتى.

- بۈگۈن ئەشۇ بۇزۇق ئۇنسۇرلار ئۈستىدىن كۈرەش مەجلىسى بولىدۇ. كۈرەش مەجلىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي روھتا ئۆتۈشى، كۆپچىلىككە ئىبرەت، تەربىيە بېرىشى شەرت.

- ئەلۋەتتە، شۇنداق بولۇشى لازىم، - دېدى باشلىق نېمە دېسە سەجدە قىلغاندەك، شۇنىڭكىنى تەستىقلەيدىغان مۇئاۋىن ئۇيغۇر.

- ئاكتىپلارنى قوزغاپ، كۆپچىلىككە تايىنىپ، ئاز ساندىكى "قالاق ئۇنسۇرلارنى" قۇرالسىزلاندۇرۇپ، يىتىم قالدۇرۇپ زەربە بېرىمىز، - دېدىدە، بۇ قاتىلانە سۆزلەر ئۆزىگە ئېغىر كەلدىمۇ، تەرلەپ كەتكەن باشلىق رېپىدە يۈزىنى سۈرتۈشكە باشلىدى. بۇ "تەييارلىق" يىغىندا كىملەرنى

كۇرەشكە تارتىش، كىملەرگە تەگىقت بېرىپ، كىملەرنى كۆپچىلىك ئالدىدا قولغا ئېلىش بەلگۈلىنىشى بىلەن بىللە، كۇرەش يىغىنىدا سۆزلىگۈچىلەرگە ئالدىن تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ "ئىنقىلاۋىي" كۇرەشچانلىقىنى مۇستەھكەملەش بەلگۈلەندى.

* * *

ھارغان ـ ئاچقان "كوممۇنىچىلارنىڭ" ئاتا ـ بالىغا، بالا ـ ئاتىغا قارىغۇچىلىك دەرمانىمۇ، مۇگداشقىدەك ئائىلەۋىي ئىجىللىغىمۇ يوق ـ ئۆز ھەلەكچىلىگى بىلەن بەنت ئىدى. ئۇلار تۇرسا ـ كىيىمى، ياتسا ـ كۆرپىسى بولغان كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يەشمەستىنلا ئۇخلىشىپ كېلىشقان. نە ئارام، نە خاتىرجەملىك بولغاي بۇ خەلقتە! توي ـ تۆكۈنىمۇ، زىياپەت ـ مېھماندارچىلىقىمۇ، مەشرەپ ـ باراۋەتىمۇ، ئائىلەۋىي مۇھىتىمۇ ئۇنتۇپ قانلغاندەك قىلىسەن... ھەتتا شەخسىي جېنىگىغا، بالا ـ جاقاگىغىمۇ ئىگە ئەمەسسەن! ئۆزەگىنى بولسا ئىشەكنى قوغلىغاندەك، خالىغان جايغا ھايداپ كېتىشىدۇ. موشۇما كۇن، شۇما ھايات ـ مەيىشەت بولدىمۇ؟ ھېلىقى خەلققە ۋەدە قىلغان "پارلاق ھاياتى" موشۇ بولدىمۇ؟ تېچلىق ئورنىغا ـ قاتىللىق، دوستلۇق ئورنىغا ـ دۈشمەنلىك، ساداقەت ئورنىغا ـ زۇلۇم، خوشاللىق ئورنىغا ـ مۇسىبەت، ئادالەت ئورنىغا ـ رەزىللىك، زۇغۇيلۇق...

ۋېلاخۇننىڭ كۆڭلى پەرىشان، خىياللىرى چېچىلاگىغۇ ئىدى. چىمەنگۇل ۋە جېنىدىن ئەزىز ئوغلى ئەلىنىڭ كېلەچىگى ئۇنى تەشۋىشكە سالاتتىدە، ئىككىسى كۆز ئالدىدىن كەتمەي، ئۇنىڭغا تەلمۈرۈشۈپ تۇرۇشقاندەك قىلاتتى. كەچ كۇزنىڭ ئۇزۇن تۇنى يېرىمىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ۋېلاخۇننىڭ كۆزى ئوچۇق يېتىپتۇ. ئۇ شۇنچە ھارغىنىغا قارىماي، تېخى ئۇخلىغىنى يوق. ئېسىغا كەلگەندىن تارتىپ تا بۈگۈنگىچە ھايات يولىنىڭ ھەممە ئويمان ـ دۆگىنى خىيالەن كېزىپ چىققان بۇ مىسكىن ئاخىر بېرىپ ـ چىمەن بىلەن ئەلىگە كېلىپ توختىغاندا، يۈرىگى ئەنسىز تېپىشكە باشلاپ، دېمى سىقىلغاندەك بولدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ،

ئوغلىنى كۆتەرگەن چېمەن ئۇنىڭ كۆز قارچۇغىدا ئەكسىنى تاپتى. مانا، تاتلىق ئوغلى يۇمران قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ يىرىق، ئۆسكىلەڭ ساقىلىنى يۇلۇشقا، "داد، داد، داد ــ دا..." دەپ ئەركىلەشكە باشلىدى. ئانا بولسا: "ھېرىپ ــ ئاچقان داداڭنى ئاۋارە قىلما، جېنىم بالام، قوزىچىقىم، قۇلۇنۇم..." دېگەندەك بولاتتى.

ــ يا، خۇدا! ئوكۇممۇ، چۈشۈممۇ؟ ــ دەپ پىچىرلىدى ۋېلاخۇن. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇخلىشۋاتقان ئادەملەرنىڭ خورەك تارتىشلىرى، جۆلۈشلىرى قوشۇلۇپ، دەھشەتلىك قاراڭغۇدا گۆردىن ئاۋاز چىققاندەك سېزىلدى ئۇنىڭغا. ۋېلاخۇن ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلسىمۇ، لېكىن ئىجازەتسىز ئائىلىسىنى كۆرۈشكە رۇخسەت يوقلىغىنى ئەسلىدىدە، قايتا ئورنىغا ياتتى. شۇ تاپتا ئوغلىنى كۆرگىسى ، سۆيگىسى، ئەركىلەتكۈسى كەلگەن ئاتا، مونۇ بىر كىلومېتىر كەلمەيدىغان ئارىلىقتىكى ئۆيىگە بارالمىسا، ھە! شەخسىي ئەركىدىن، يۈرۈش ــ تۇرۇشتىن چەكلەنگىدەك نېمە گۇنا قىلىپتۇ؟ ئەگەر بۇ ھۆكۈمەت گادايلارنى ھىمايە قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەددىنى كۆتەرسە، ۋېلاخۇن ۋە مىڭلىغان ۋېلاخۇن ئوخشاشلار مۇنداق ئازاپ ــ ئوقۇبەتلەرگە گىرىپتار بولارمېدى؟ "ياق، بۇ يەردە قانداقتۇر بىر سىر بار. تېخى يېقىندىلا ئۇكۇتتەك ساپ ئېدۇق، ئەندى بولسا، ئاشقا پوچاق سالغاندەك، ئازىيىپ كېتىۋاتىمىز. بۇلارنىڭ بۇ ئەلپازىغا قارىغاندا، بارا ــ بارا بىزنى كاپ ئېتىۋېتىشى ئېھتىمال؟" ۋېلاخۇننىڭ قەلبى گادىرماش گۇمانلىق خىياللارغا پاتقانسىرى ۋىجدانى تېخىمۇ ئازاپلىناتتىدە، ئىلاندەك تولغىناتتى...

ئۇ يەنە ئۆتمۈش سەرگۈزەشتىسىنى قوغلىشىپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى ئۆرۈك، ئالمىلار گۈللەپ، باھار ئەندىلا قۇرامىغا كەلگەن، قىز چوكانلار نازۇك ھىس ــ تۇيغۇلارغا تولۇپ، باھار پەيزىگە لايىق قۇۋناق ناخشىلار ئېيتىشىپ، ئېتىزلاردا ناخشا ئاۋازلىرى جوشقۇن ئۇرۇپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ۋېلاخۇن زىرائەتنى سۇغۇرۇپ، كەچرەك قايتقان ئېدى. ئايدىڭ كېچە. لەزەن شامال دەل ــ دەرەخلەرنىڭ يېشىل توگادەك تاۋلىنىپ تۇرىدىغان يوپۇرماقلىرىنى سىلىق تەۋرىتىپ، قانداقتۇر ئارامۇ ــ بەخش ئاۋازلار چىقىراتتى. بۇ گۈزەل مەنزىرىلىك كېچە ۋېلاخۇننىڭ كۆڭلىنى يورۇتىۋەتكەن ئېدى. ئۇنىڭ ناخشا ئېيتقۇسى، باھارنى كۈيلىگۈسى كەلدى،

ئەتىمالىم، ئۆزى سۆزگە چېچەن، خۇش چاقچاق بولىسىمۇ، ناخشا ئېيتالماسلىقىغا قارىماي، مەشھۇر "مىزانگۈلنى" باشلاۋەتتى.

مىزان گۈلۈم ـ مىزان گۈل،
يارنىڭ گۈلى ـ رەنا گۈل.
سۆيگەن گۈلۈم ـ چىمەن گۈل،
شاھزادىخان يارەي...

ـ خى ـ خى ـ خى...
ۋىلاخۇن توختىدى ۋە ئەتراپقا سەپ سالدى، لېكىن ھېچ كىم كۆرۈنمىدى. ئۇ ئەندىلا قەدەم تاشلىۋېدى، كۈلكە ئاۋازى تەكرارلاندى.
ـ كىم بۇ كۈلگەن؟
ـ خى ـ خى...
ـ كىم دەيمەن! ئوغۇل بالا بولساڭ، بۇ ياققا چىق!
ـ ھەجەپ قورقۇپ كەتتىڭىز، يىگىت بېشى، ـ دەپ ئۈجمە دەرىخى كەينىدىن لەڭگىدە چىققان قىزنى كۆرگەن ۋىلاخۇن ھەيران بولغانلىقىدىن، تۇرۇپلا قالدى.
ـ نېمە بولدىڭىز، بېگىم، موم شامدەك قېتىپلا قالدىڭىزغۇ؟
ـ چىمەنگۈلمىسىز؟ كىم چېغى دەپتىمەنا...
ـ كىم دېۋىدىڭىز؟ يە كۈتكەنلىرى بارمېدى؟
ـ كىمىم بار دەيسىز... ـ ۋىلاخۇن قىزنىڭ دېدىل سۆزىدىن ھودۇقۇپ قالغاندەك بولدى. ھەجەپ، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ بېشىنى قوشۇپ، بەزمە ـ مەشرەپلەرگە باشچىلىق قىلىدىغان يىگىت بېشى مونۇ مەجنۇن تالدەك زىلۋا، نازىنىن قىزنىڭ ئالدىدا لايىغىدا سۆز تاپالماي مەڭدەپ قالغىنىنە!
ۋىلاخۇن چىمەنگۈلنى "پوتا ئويۇنى" بولغان كېچىسى بىرلا قېتىم كۆرگەن. پوتا تاشلاشتا ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ، ۋىلاخۇننىڭ يۈرىگى جۇغىغىدە قىلىپ، ۋۇجۇدىدا خۇش كەيپىيات ھاسىل بولغان ئىدى. شۇ خاسىيەتلىك كېچىدىن كېيىن قىزنى ئۇچرىتالمىسىمۇ، قىزنىڭ غۇبارسىز چېھرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قوتۇپ يۈلتۈزىدەك چاقناپ تۇرغىنى تۇرغان.

— يۈرىكى، ماڭغاچ سۆزلىشەيلى.

ئىككىسى مەھەللىگىچە جىم مېڭىشتى. دىللار تېپىشقاندا سۆزلەشنىڭ، ۋەدىلەر ئىزھار قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئارىلاپ ــ ئارىلاپ ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشاتتى. ئاي نۇرىدا بىر ــ بىرىنىڭ ئەكسىنى كۆزلىرىدىن كۆرەتتى ۋە دىل ئەسرارلىقتا غەرىق بولۇشاتتى. ئۇلار خوشلىشىش ئالدىدىلا قول قىسىشىپ تۇرۇشتىدە، كېلەركى جۈمە كۈنى كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشتى.

كۆپ ئۆتمەي، ئۇرپى ــ ئادەت بويىچە توي ــ نىكاسى بولغان ئىدى.

بىر يىل ئۆتە ــ ئۆتمەي، چىمەن ئوغۇل تۇغدى. ئوغۇل بالا دۇنياغا كەلگەندە تاغۇ ــ تاشلارمۇ شادىمان بولارمىش. ۋېلاخۇننىڭ ئۆمرىدە چىمەننىڭ كۆزى يورۇغان كۈندىكىدەك خوشاللىق كۈن بولمىغان بولغىدى. ئوغلان ئاتا ــ ئانىنىڭ مۇھەببەت رەشتىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندۇرگەندى. يەنە شۇنداق قۇۋناق كۈنلەر بولارمۇ؟

ۋېلاخۇننىڭ خىيالى موشۇ بالداقتا قونىدىكەن، سوغ قول قوچۇۋالغاندەك، يۈرىگى توختاپ قالغاندەك بولدى.

"ئىخ، كاج پېلەك!" — ئۈنلۈك پىغان چىقاردى، ئۇ. لېكىن ئورنىدىن قوزغۇلالمىدى. ئۇنىڭ دەرمانسىز، پۈچۈلغان ۋۇجۇدى بوشىشىپ، سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى...

"گۈپپاڭ ــ گۈپپاڭ، گۇم ــ گۇم ــ گۇم..." بۇ ئادەمنىڭ ئەسەبىگە سانچىلىدىغان خىتاي دۇمبىغىنىڭ قۇلاق يارغۇچ ئاۋازى ۋېلاخۇننىڭ شېرىن كەچۈرمىلىرىنى يۈزۈۋەتكەندى. دۇمباق ئاۋازى بارغانچە كۈچىيىپ، سىرتتا ئادەملەر ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئاستا ئورنىدىن تۇرغان ۋېلاخۇن پەنجىرىگە كېلىپ قارىۋېدى، گورۇپپا باشلىقلىرى ئادەملەرنى مال ھايدىغاندەك بىر يەرگە توپلاۋېتىپتۇ. يالاڭ كىيىملىك بېچارىلەر ئۆپكىسىنى سوغ تەككەن قويلاردەك، توختىماي يۆتىلىشەتتى. كۆپ ئۆتمەي، قولىدا كانەي تۇتقان بىرسى ئۇلارنىڭ ياتىغىغا كىرىپ كەلدى:

— قوپۇشۇي، قالاق ئۇنسۇرلار! — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ. ئىغىر ئەمگەكتە لەخمە بولۇپ يېتىشقان بەندىلەر قىمىر قىلار ئەمەس. غەزەپلەنگەن "كانەيچى" قول پەنىرى بىلەن ئۇخلاۋاتقانلارنى يورۇتۇپ، قۇلاقلىرىغا كانىينى تەڭلەپ تۇرۇپ:

ــ قو ـ پۇش! ــ دېيىشتى، ئۇلار مەڭدەپ قويۇشاتتى ۋە گاسلانغان قۇلاقلىرىنى ئۇگىلاشتى.
تۇن يېرىمدا تاتلىق ئۇيقىدىن ئويغىتىلىپ چىقىرىلغان كوممۇنا ئەزالىرى دەھشەتلىك ھادىسە يۈز بېرىشىنى كۈتىشىپ تۇرۇشۇپتۇ.
ــ گورۇپپا ـ گورۇپپا بويىچە مەجلىسخانىغا كىرىڭلار؟ ــ دەپ بۇيرۇق بەردى چوڭ ئەترەت مۇئاۋىن باشلىقى.
قوي قوتىنى شەكلىدە ئەتراپىنى قومۇچ بىلەن قاشادىغان پاكا "مەجلىسخانا" ئىچى لىققىدە ئادەم. تەيزىگە قويۇلغان ئۇززۇنچاق ئۇستەلنىڭ يېنىقلىق تۇرغان ئىككى لامپا ئۇستەلنى ئۇستىدە چۆرەدەپ ئولتۇرىشقان "باشلىقلارنىڭ" رەھىمسىزلىك، زالىملىق يېغىپ تۇرغان سۈرلۈك يۈزلىرىنى تېخىمۇ خۇنۇك كۆرسىتەتتى. خەلق بولسا، قاراڭغۇ "مەجلىس زالىدا" يۈگەنلەنگەن قويلار سىياقى، داق يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇيقىچانلار چالا ئۇيقىسىنى داۋام ئەتمەكتە.
ــ زايىر زۇغۇي دېگەن ئەشۇ، ــ دېدى ۋېلاخۇن ئاستا، ياندىش ئولتارغان ھېلىقى كىنايىچى مۇئەللىمنى نوقۇپ.
ــ قاپىغى دۈك، دوقا تۇرغانما؟
ــ ھە، دەل شۇ.
ــ ھىم..."خىتاينىڭ ياغاق يۈزىدىن، ئۇيغۇرنىڭ دوساق يۈزىدىن قورق" دەپتېكەن ئاتا ـ بوۋىلار، ــ دېۋىدى مۇئەللىم، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتارغان خۇماخان ۋە باشقىلار پىخىلداپ كۈلۈشتى.
ــ دىققەت! ــ كوماندا بەردى چوڭ ئەترەت باشلىقى.
ــ ھەممىڭ دەس تۇرۇش! ــ تەكرارلىدى ئۇ.
خەلق ئىلگىرى ـ كېيىن يۆتەل، تووۋا ئارىلاش تەسلىكتە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. شۇ ئارىلىقتا تۆر تامدىكى پەردە ئاستا ئېچىلىپ، "ئەڭ، ئەڭ قىزىل قۇياش" سۈرىتى كۆرۈندى.
ــ ئۇلۇغ داھى ماۋ ـ جۇشىنىڭ رەسمىگە چوقۇنىمىز! بىر، ئىككى... ــ مەجلىس باشلىقىغا ئەگىشىپ نەق يەتتە قېتىم باش ئېگىشتى مەجلىس ئىشتىراكچىلىرى، ئاندىن كېيىن ئۇلارغا ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بېرىلدى.
ــ "دۈك ـ فاڭ ـ خۇڭ" خەلق كوممۇنىسى I ـ چوڭ ئەترەتنىڭ يىغىنى

ئوچۇق! ــ ئىلان قىلدى رەئىس. ئۇنى ئەگىشىپ چاۋاكلار چېلىندى.

ــ سىز كوممۇنىمزنىڭ باشلىغى جاڭ يولداشقا بېرىلىدۇ. ــ يەنە مەجبۇرىي چاۋاك چېلىندى. رېپىدە يۈز خىتاي تامغىنى قىرىپ، خەلققە سىنچىلاپ قاراۋالغاندىن كېيىن، سۆزىنى باشلىدى. ئۇنىڭ سۆزىنى زايىر تەرجىمە قىلدى.

ــ ئۇلۇغ داھىي ماۋ ـ جۇشىنىڭ دانا رەھبەرلىگىدە ئېلىمىز گۈللىمەكتە. خۇسۇسەن خەلق كوممۇنىلىرى قۇرۇلغاندىن بۇيان مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇتۇقلارغا يېتىشتۇق. بۇ ــ ماۋ مەپكۇرىسىنىڭ غەلىبىسى...

ــ ياشىسۇن ئۇلۇغ داھىي ماۋ ـ جۇشى، تۇمەن ــ مىڭ ياشىسۇن! ــ شۇئار توۋلاپ ۋاقىراشتى ئالدىن ـ ئالا ھازىرلاپ قويۇلغان "ئاقتۇكلەر". ئۇلارنى ئەگىشىپ خەلق ۋاقىراشتى. لېكىن ئايرىملىرى ئىچىدە: "ئۆلسۇن ئۇ دەيۈز" دەپ قاغاشتى.

ــ ئەمما، ــ داۋام قىلدى باشلىق، ــ بىزنىڭ بەختلىك ھاياتىمىزنى كۆرەلمەيدىغان دۇشمەنلەر ھەر قەدەمدە پۈتلى ـ كاشاڭ بولۇۋاتىدۇ...

ــ يوقالسۇن ئارىمىزدىكى دۇشمەنلەر! ــ يەنە جاقىراشتى "ئاقتۇكلەر".

ــ دېمىدىممۇ، خۇماخاننىڭ قۇلىغىغا پىچىرلىدى ۋېلاخۇن، ــ قۇربان بولغۇچىلارنىڭ بىرسى چوقۇم مەن بولىمەن.

ــ ئۇنداق دېمەڭ...

ــ ئەگەر پەلە ـ پەستەك بولۇپ قالسا، چىمەنگە يار ـ يۆلەك بولارسىز. ئەلنى قاتارغا قوشۇش كېرەك ئىدى...

ــ مەن... ــ خۇماخان ئاياقلاشتۇرالمىدى.

باشلىق خىقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى.

ــ بىزلەر، يولداشلار، ماۋ ـ جۇشىنىڭ مەپكۇرىسىنى تولۇق ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتتا تەدبىق قىلساق، ھەر قانداق توسالغۇلاردىن غالىپ ئۆتەلەيمىز...

باشلىق ئىككى سائەتچە سۆزلىدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا تۇپ مەقسەتكە كېلىپ مۇنداق دېدى:

ــ خائىن سەلەينىڭ قۇيرۇقلىرى ئاراڭلاردا يوق ئەمەس. مىللەتچى، رېۋىزىئونىست ۋېلاخۇن...

ـ يوقالسۇن رېۋىزىئونىستلار!

ـ كوممۇنىمىزنى كۆز قارىچۇغىمىزدەك ساقلايمىز!

پۇختە تەييارلانغان "ئاقتۇكلەر" مۇشلىرىنى تۈگىشىپ، جىددىي قىياپەتتە ئاسمانغا مۇش ئېتىشقاندەك، قوللىرىنى شىلتەتتى. ئۆز بېشىدىن قورققان كوممۇنا ئەزالىرى ئۇلار نېمە دېسە تەكرارلىشاتتى.

ـ ماۋ ـ جۇشىغا، پارتىيەگە، كوممۇنىغا قارشى بۇ ئۇنسۇرلارنى، ـ داۋام قىلدى باشلىق چىرايىنى تېخىمۇ پۇرۇشتۇرۇپ، ـ نازارەت ئاستىغا ئېلىپ ئۆزگەرتىش كېرەك!

ـ جاھىللىق قىلماي خەلققە باش ئەگسۇن!

ـ بۇزۇقلارغا ئارىمىزدا ئورۇن يوق!

ئۇيۇشتۇرۇلغان "ئاقتۇكلەرنىڭ" تەلۋى بويىچە: ۋېلاخۇن، خۇماخان، ئاسىم ۋە يەنە ئون ئۈچ كىشى سەھنە ئالدىغا تىزىلدى. شۇ زامان پەيدا بولغان قۇراللىق چېرىكلەر ئۇلارنى ئوراۋېلىشتى.

ـ بۈگۈن، دېدى باشلىق، مونۇلارنى كۆرەش مەجلىسگە سالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىڭلار بۇلار ئۈستىدىن پىكىر بېرىشتە ئاكتىپ قاتنىششىڭلار لازىم.

ـ خەلق دۇشمەنلىرى ئۆزلىرىنى پاش قىلسۇن! ـ دەپ ۋاقىرىشاتتى، باشلىقنىڭ ھەر بىر سۆزىگە تەگكەش بولۇۋاتقان ئاقتۇكلەر. بۇ ئەندازچىلار بېجىڭدىن "ئىجاد" قىلىنىپ كېلىنگەن "كۆرەش تەجرىبىلىرىنى" ئەينەن، بەزىدە تېخىمۇ قاتىلانە ئىجرا قىلىشماقتا ئىدى.

ـ ۋېلاخۇن، ـ دېدى مەجلىسنى باشقۇرغان چوڭ ئەترەت مۇئاۋىن باشلىغى، قارا ماتاق، قاپىغىدىن قار يېغىپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر، ـ سەھنىگە چىق!

ۋېلاخۇن سۇپىغىچە چىقتى. ئەسلى تەرتىپ بويىچە، سەھنىگە چىققان ھامان ماۋ سۈرىتىگە باش ئېگىپ، ئاندىن كۆپچىلىككە باش ئېگىش شەرت ئىدى. ۋېلاخۇن ھەر ئىككى مەجبۇرىيەتنى ئۆتىمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خەلق توپىدا كىمنىدۇر ئىزدىگەندەك بولاتتى. خەپ، قاراڭغۇلۇقتە! ئۇ كۆزلىرى لىققىدە ياش: "مانا مەن، ۋېلاخۇن، مانا" دېگەندەك ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارىغان چىمەننى ۋە ئانا قۇچىغىدا باشمالتىغىنى شۇمەپ

ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنى قاراڭغۇدا نەدىن كۆرەلىسۇن .

ـ سېنىڭ ئىسكەتىڭنى كۆرگىلى ئەپچىقمىدۇق بۇ سەھنىگە ، سۆزلە خائىن!

ـ ئۆزىنى مىسكىن كۆرسەتمەكچى بۇ مۇغەمبىر مىللەتچى!

ـ تارىخىڭنى تاپشۇر ، سەلەينىڭ چوماقچىسى! ـ بۇ "ئاقتۇك" ئۆزىنىڭ ماۋچىلارنىڭ قول چومىغى ئىكەنلىكى يادىغا كەلدى ، ئەتىمالىم ، سۆزىنىڭ ئاخىرىدا دۇدۇقلاپ قالدى ۋە قورققىنىدىن كوممۇنا باشلىقىغا قارىدى . مەجلىسنىڭ "كۇرەشچان روھىنى" كۈچەيتمەك بولغان" "ئاقتۇكلەر" بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ، ۋېلاخۇننى تالاشقا باشلىدى . يۈرتداشلىرى بولسا ، ئۇنىڭغا ئىچىناتتى . لېكىن ئۇنى ياقلاپ سۆزلەشتىن قورقىشىپ ، ھاقارەتنى ئىچىگە سىڭىرىشكە مەجبۇر ئىدى .

ـ جىنايىتىڭنى ئۆزەڭ پاش قىلىپ ، كۆپچىلىك ئالدىدا تۆبە قىل! ـ دېدى مەجلىس رەئىسى ھۆكۈم چىقارغاندەك . ئۇنىڭ بۇ ھۆكمى دارغا ئېسىش ئالدىدا "ئىمان ئېيتىپ ، تۆبە ـ ئىستىغپار ئوقۇۋال" دېگەندەك ئاڭلاندى ۋېلاخۇنغا .

ـ نېمە جىنايەت قىلغانلىقىمنى ھېچ بىلمەيمەن...

ـ جاھىل ۋېلاخۇن يوقالسۇن! ـ دېگەن پېتى دېۋەيلەپ بارغان "ئاقتۇك" مۇشتۇمىنى ۋېلاخۇننىڭ كۆزىگە تەڭلىدىيۇ ، نېمىشكىدۇر ئۇرماستىن ، باشلىققا قارىدى . "ئاقتۇكلەر" تىزگىنىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان كوممۇنا باشلىقى "ئۇرما" دېگەندەك ئىشارە قىلدى .

ـ جاھىللىق قىلمەن دەپ ، بالا ـ جاقاڭنىڭ ۋابالىغا قالما! ـ دېدى مەجلىس رەئىسى . بۇ دەھشەتلىك ئىبارىلەر قۇلىقىغا كىرگەندە ، چىمەننىڭ يۈرىكى قارىسلا قىلدى . ئۇ بالىسىنى بىرسى بۇلاپ كېتىدىغاندەك ، باغرىغا مەككەم بېسىۋالدى .

ـ مېنىڭ يېتىم ئۆسۈپ ، كىشىلەرگە يالىنىپ كۈن كەچۈرگەنلىكىمنى ھەممە ئادەم بىلىدىغۇ . مەن قانداقلارچە ھۆكۈمەتكە قارشى بولىمەن؟

ـ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن بىزنى ئالىگەدەك قىلالمايسەن ، ۋېلەك!

ـ ئەگەر ئىقرار قىلمىساڭ ، بىر ئاي ، بىر يىل ، ھەتتا ئون يىل سېنىڭ ئۈستىڭدىن كۈرەش قىلىمىز!

ـ غالىبە قازانمىغىچە، قۇرالنى تاشلىمايمىز!

بۇ قەيەھ ئاۋازلار خەلق ئىچىگە ئارىلىشىپ ئۇلتىرىۋېلىشقان "ئاقتۇكلەر" ئاغزىدىن داۋاملىق ياڭراپ، مەجلىس ئىشتىراكچىلىرىنى بىزار قىلىۋەتتى. ئامال قانچە، قارشى سۆز قىلغان ياكى ھىسداشلىق بىلدۈرگەن كىشى قارا تىزىمغا ئېلىنىدۇ‌ۋە، جازاغا تارتىلىدۇ.

ـ ۋاقتىمىزنى ئالماي سۆزلە؟

ـ مەن، ـ دېدى ۋېلاخۇن قەددىنى رۇسلاپ، يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى كۈرەشتە، يەر ئىسلاھىتىدا پومېشچىكلارغا قارشى تۇرۇشتا دېگىلىك قاتناشقان، كوئوپېراتسىيە قۇرۇلۇشىدا ئالدىڭقى سەپتە تۇرغان يېزا كەمبەغەللىرىنىڭ بىرسى ئېدىم. ئەندىلىكتە...

ـ قۇرۇق سەپ ـ ساتارىڭنى ئاڭلىمايمىز!

ـ بىزنى خالتا كوچىغا باشلىماقچى بۇ سۆزمەن مەككار!

ـ كۆزۈڭنى ئاچ، مىللەتچى ئەبلەخ! ـ يەنە چۇشمە ـ چۇشتىن ھاقارەت، دوق يېغىشقا باشلىدى. موشۇ باغلاقتىكى ئىشتلار ئوخشاش، توختىماي قاۋايدىغان سېتىلمىلار ۋېلاخۇننىڭ نېرۋىسىنى غاجىلاپ، غۇرۇرىنى ئازاپلاتتى. ئۇ كەسكىن جاۋاپ بېرىش قارارىغا كەلدىدە، شۇنداق دېدى:

ـ مېنىڭ سىلەر دەپسەندە قىلىۋاتقان موشۇ قەدىناس ئانا ماكاندا تۇغۇلغانلىقىمدىن باشقا گۇنايىم يوق!

ۋېلاخۇن خەلق قەلبىدىكى پىغاننى تېپىپ سۆزلىدى. خەلق بىردىن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. زال ئىچىدە قانداقتۇ بىر تېتىك قىمىرلاشلار يۈز بېرىشكە باشلىدىدە، بەزىلەر "ئاقتۇكلەرگە" سەزدۈرمەي، ۋېلاخۇنغا، ھەق سۆزنى ئېيتتىڭ!" دېگەن ئىشارە بار ئېدى بۇ يوشۇرۇن تەبەسسۇملەردە. بۇ كۆپچىلىك ئازاپ چېكىۋاتقانلار شۇ تاپتا: "راست ئەمەسمۇ، مال ـ مۈلۈكنى، يەر ـ سۇنى تارتىپ ئال. ئۇنى ئاز دەپ، يالغان ياۋداق تۆھمەت بىلەن جاننى ئالماقچىمۇ بۇ ماۋچىلار؟ دۇنيانىڭ قايسى جايىدا بۇ خىل قوش ـ قەۋەت زۇلۇم ـ زۇلمەت بارىكەن؟ ياق، بۇ ھاقارەتكە ئادەمگەرچىلىك پەزىلىتى بار ئىنسان چىداپ تۇرالماس..." دەپ ئويلاشماقتا ئېدى.

مەجلىس كەيپىياتى بىردىن ئۆزگەرگەنلىگىنى سەزگەن ھۆكۈمران باشلىقلار

خىلىلا مەگدەپ قىلىشتى. ۋىلاخۇن دەردىنى تۆكۈپ، يىنىكلەشتى، ئەتىمالىم، مەغرۇرانە باش كۆتىرىپ، خەلققە قاراپ تۇرۇپتۇ. ھەتتا باياتىن بىغىلداپ يىغلاپ ئولتارغان چىمەنگۈل ئاپىرىن ئەيلىگەندەك، ئىرىغا تىكىلدى.

ۋىلاخۇننى شۇ تاپتا پۈت ـ قولىنى ماتاپ چىرىكلەرگە تاپشۇرۇش مۇمكىن ئىدىيۇ، بىراق مۇنداق قىلىش، كۇرەش مەجلىسىنىڭ روھىغا قارىمۇ ـ قارشى كەلگەچكە، يىغىننى داۋام قىلدۇرۇشقا قارار قىلىشتى باشلىقلار.

ـ ئەگەر سەن جىنايىتىڭنى يوشۇرساڭ، دىلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن بوينىڭغا قويۇپ بىرىمىز. ياخشىسى ـ ئۆزەڭ ئىقرار بول، ـ دىدى مەجلىس رەئىسى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئادەتتىكىدىن يۇمشاغىراق چىقتى.

ـ جىنايەت قىلماي تۇرۇپ، "جىنايەت قىلدىم" دىيىشتىن ئارتۇق خىيانەت بولماس... ـ دىدى يەنە ۋىلاخۇن.

ـ مەن پاش قىلىمەن!

ـ جىنايىتىنى شىللىسگە ئارتىپ بىرىمەن! ـ چۇشمە ـ چۇشتىن ۋاقىراشقا باشلىدى "ئاقتۇكلەر".

ـ پاش قىلغۇچىلارغا رۇخسەت! ـ دىدى رەئىس.

ـ بۇ قارا يۈز، ـ دەپ باشلىدى پاكا بويلۇق، پاناق بۇرۇن، خاڭرۇغىراق سۆزلەيدىغان بىرسى: ـ "كوممۇنا دىگىنى نىمىسى، توخۇ ـ تۇمان، قازان ـ قومۇچ، چوكا ـ قوشۇقلارغىچە يىغىۋالدى. ئەندى خوتۇنلارنىڭ ئاتلانغۇچىنىمۇ يىغىپ ئالارمىكىن، دىگەن".

" ـ خىتايلار زومگەرلىرىدىن سىيىق كىكىرىپ كەتتۇق. بۇلار باشقا بالا بولدى"، دىگىنىڭدىن تانالامسەن ھەي مىللەتچى؟ ـ دەپ قولىنى شىلتىدى ئاۋاق كەلگەن بىرسى.

بۇ قاباھەتچىلىكنى كۆرۈشكە تاقىتى قالمىغان يۇتداشلار يەرگە قاراۋىلىشتى. "مونۇ تۇكرۈك قاچىسىنىڭ بويىنىنى بوغۇمەن..." دەپ ئورنىدىن قوزغالغان چىمەننى يىنىدىكىلەر تۇتۇۋالدى. ۋىلاخۇنمۇ بۇ تۆھمەتچىنىڭ كاچىتىغا سالماق بولدىيۇ، پاسكىنا يۈزىدىغا تەڭ كىلىشتىن قايتتى.

ۋىلاخۇننى "پاش" قىلغۇچىلار سانى خىلىغا يەتكەن بولسىمۇ، قۇم ئۇستىدە ئىمارەت توختىمىغاندەك، بۇ ئويدۇرما تۆھمەتلەرگە ھىچ كىم ئىشەنمىدى.

ماۋچىلارنىڭ "يەرلىك مىللەتچىلەرگە" قارشى خەلق نەپرىتىنى قوزغاش ئارقىلىق ۋېلاخۇنغا ئوخشىغانلارنى "يېتىم قالدۇرۇش" پىلانى بەربات بولدى. ئەكسىچە، خەلقنىڭ ۋېلاخۇنغا نىسبەتەن ھۆرمەت ـ ئىززىتى تېخىمۇ كۈچەيدى.

ـ قېنى، ـ دېدى "پاش" قىلغۇچىلار سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن مەجلىس رەئىسى، مونۇ پولاتتەك دېلىل ـ ئىسپاتلارغا نېمە جاۋاپ قىلىسەن؟

ـ بۇ ئەسكى داس، كونا توقۇم ئوخشىغان ئويدۇرمىلارنى ئىجاد قىلغان ۋە ئۇيالماي سۆزلىگەنلەرگە ھاۋالە قىلىمەن!

ۋېلاخۇننىڭ كەسكىن جاۋاۋى دەل نىشانغا تەككەنلىكتىن، ۋاڭلى ۋە گۇڭشى باشلىغى بىقىنلىرىغا نەشتەر سانچىلغاندەك، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. "ئاقتۇكلەرنىڭ" تىلى تۇتۇلۇپ، بۇرۇختۇم بولۇشتى. خەلق بولسا، ھاردۇغى چىققاندەك، يېنىك نەپەس ئېلىشتى.

ـ سولانسۇن! ـ دەپ بۇيرۇق بەردى تۆت سائەتچە جىم ئولتارغان ۋاڭلى. ئۇنىڭ سۆزى ئاغزىدىن چىقا ـ چىقماي، چېرىكلەر ۋېلاخۇننى باغلاپ، سۆرەپ دېگەندەك ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ـ ۋېي ـ لەم... ـ دەپ زارلىدى چىمەن. ئۇنىڭ زارى يۇرتداشلىرى يۈرىگىدە مەڭگۈ بولۇپ قالدى.

## V باپ

ئالتە ئايغىچە سەلەينى "كىم سەن، نېمە سەۋەپتىن ياتىسەن؟" ـ دېگەن ئادەم بولمىدى. پەقەت، يەتتىنچى ئايغا قەدەم قويغاندىلا رەسمىي تېرگاۋ باشلاندى.

خەلق ھاياتى شەخسىي ئەركىنلىككە ئوخشىغان مۇقەددەس پەزىلەتلەرنى ئاياق ئاستى قىلىپ، ئادەم بالىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى ھوقۇقىنى ئويۇنچۇق قىلىۋالغان ماۋ زې ـ دۇڭچىلار ئۆز پەنجىسىدە ئەسىر تۇرغان مىڭلىغان

سەلەيلەرنىڭ شەخسىي ھالىتى بىلەن كارى بولسۇنمۇ؟ ئۇلارنىڭ قەستى: سەلەينى تۇتقۇنغا ئالغاندىن كېيىن، كىملەر ئۇنىڭغا ھەمنەپەس، كىملەر ئۇنىڭ ئۇچۇن ياقا يىرتىدۇ، كىملەر سەلەي مەسىلىسىدە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە نارازىلىق بايان قىلىدۇ؟ تۇپ غەرەز ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت بولغاچقا، سەلەينى قولدا تۇتۇپ تۇرۇپ، باشقىلارنى "قارا تىزىم"غا ئېلىش نىشانلانغان ئېدى.

بىرىنچى سوراق خېلىلا مۇلايىملىق ــ سىلىقلىق بىلەن ئۆتتى. ئۇستۇن كالپۇكى قىسقا بولغاچقا، چىشاڭ چىشلىرى سىرتىغا تېپىپ چىققان، كۈلمىسىمۇ ھېجايغاندەك كۆرۈنىدىغان سوراقچى ۋاڭلى سەلەينى ئولتىرىشقا ئىشارە قىلىپ، دەرھال سىگارېتا تۇتتى ۋە خىتاي پەدىسىدە ئەزمىسىنى ئېزىپ، سەلەينىڭ تەرجىمە ھالىنى سورىدى. ئاندىن كېيىن، ئەڭ يېقىنلىرى، بېرىش ــ كېلىش قىلىدىغان كىشىلەرنى، ئۇلارنىڭ كەسپى، تۇرار جايى ۋە رەڭگى ــ رويىغىچە چالا قويماي يېزىۋالدى. مۇنداق قارىماقلىققا ھېچ قانداق ئەھمىيىتى يوق، ئادەتتىكى سۆھبەتتەك سوئاللار تەكتىگە يوشۇرۇنغان سۇيىقەست، قەبىھ نىيەتلەر پۈكۈلگەنلىكىنى ئاق كۆڭۈل سەلەي نەدىنمۇ سەزگەي.

ھەممىگە تەڭ، ھەممە بىلەن ئىجىل ــ ئىناق نەيچى سەلەينىڭ يېقىن ــ ئىلپەتلىرى ئازمىدى؟ مانا، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ، موشۇ باپتىكى سوئالغا كەلگەندە خېلىلا ۋاقىت سەرىپ قىلىنىپ، سوراقچى دەپتىرىنىڭ تالاي بەتلىرى قارىغا بويالغان ئېدى. ئىشنىڭ باشلىنىشى مەقسەتكە مۇۋاپىق سىلجىغانلىقىدىن مەمنۇن بولغان سوراقچى، بۇ ئارىلىقتا ئۆز قولى بىلەن چاي قۇيۇپ، ئىلتىپات قىلىشقا ئۈلگەردى.

ــ قېنى، ئېيتىپ بېرىڭا، ــ دەپ ھېجايدى سوراقچى، ئۆزىنى تېخىمۇ ھېلىم كۆرسىتىپ، ــ موشۇ ئاتالغان شەخسلەر ئىچىدە ئەڭ ئۆتكۈر، تەسىرلىك، مۇنداقچە ئېيتقاندا، خەلق ھىمايىسىگە ئېگىلەر قايسىلار؟

بۇ قېتىممۇ سەلەي بېرىلگەن سوئالنىڭ تۇپ ماھىيىتىگە چۇشەنمىدى. ھە دېگەندىلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆزى ئالىي جاناپ ھېساپلايدىغان يارى خۇماخان ۋە دوستى ۋېلاخۇن "قارا قاش"نىڭ سۇمباتلىق قەددى تىكلەندىدە، يۈرىگى ئېغىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

سەلەيدىكى ئۆزگۈرۈشنى كۆزىتىپ ئولتارغان مەككار سوراقچى، بەرگەن سوئالنى ئىلىپقالماقچى بولدىمۇ ياكى توسۇن ئاتنى ئاستا ـ ئاستا كۆندۈرۈپ ئېگەر توقۇغاندەك، ئامال قىلماقچى بولدى، ئەتىمالىم، يېزىقتاقان دەپتىرىنى ياپتىدە، ئىرەڭسىز قىياپەتتە شۇنداق دېدى:

ـ ئالدىراش يوق، كېيىنكى سوراقتا جاۋاپ بەرسەڭمۇ بولىدۇ.

ـ نېمە؟ ـ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى سەلەي.

ـ ھۇ ـ ئە، شۇنداق قىلىسەن.

ـ مېنىڭ ئىشىم تېخىچىلا بىر تەرەپ بولمىدىما؟ مېنى بوشاتمامسىلەر؟

ـ خې ـ خې ـ خې! ـ ياسالما كۈلدى سوراقچى ۋە سەلەيىنىڭ مۈرىسىنى پەپىلەپ تۇرۇپ، ـ ئولتار، ئولتار. بەزەن نەرسىلەرنى ئېنىقلاۋالمىزدە، سىنى ئازات قىلىمىز.

"ئازات" دىگەن سۆز سەلەي ئۈچۈن نە قەدەر مۇقەددەس ۋە قىممەت ئىدى! گۈندىپايىنىڭ ئاچقۇچى شاراقلىغاندا، ماڭا ھازىر ئىشىك ئېچىلىدۇدە، مىنى چىق دەيدۇ دەپ، ئالتە ئاينى ئۈمۈت ۋە تەلپۈنۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن سەلەي، ھەقىقەتكە ئىشىنەتتى. ئۇ ئۆزىنى خاتا، ئۇقۇشماي سولاندىم، بەلكى ئىسمى ماڭا ئوخشاش "گۇناھلىق" كىشىنىڭ ئورنىغا ياتىمەن، دىگەن ئىشەنچىدە ئايلارنى ئۆتكەزدى. بۇ ھەقتە يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار نامىغا "ئادەتلىك" تەلەپ قىلىپ، ئەرىزىلەر يېزىپ، ئالدىنىپمۇ يۈردى، پاللار سېلىپ، ئىرىملارنى قىلىپ كۆردى، لېكىن قارا ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىغا ھىچ بىر قۇدرەتنىڭ چامى كەلمىدى.

قاراڭغۇ قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدە ئۇيقىسى قاچقان سەلەي، مۇدھىش زىنداننىڭ زەي، سوغ كاتىگىدە باغرىنى يەرگە ياققان ھالدا نالە ـ زار قىلاتتى: "قېنى ئادالەت؟ قېنى ھەقىقەت؟ ئادەم بالىسى موشۇنداق خارلانسا مەيلىمۇ؟" تاشنى ئىرىتىدىغان شۇ خىل ناللارگە ھىچ كىم جاۋاپ بەرمەيتتى؛ پەقەت گۈندىخاننى ماكانلىغان تۈلۈم چاشقانلار، ئۇنى زاڭلىق قىلغاندەك، چۇرۇقلىشاتتىدە، يەنە گۆر جىم ـ جىتلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى...

ـ ئويلىنىپ قالدىڭمۇ، سەلەي؟ ـ دەپ سەلەيىنىڭ كۆزىگە قادالدى سوراقچى، قارىغىنا ئەۋۋ دىرىزىدىن كۆرۈنگەن ياپ ـ يېشىل يوپۇرماقلارنى. باھار! باھار نىمە دىگەن گۆزەل مەنزىرە، ھە!..يېقىن دوستىڭ بىلەن

سەيلە قىلارمىدىڭ! ـ قىزىقتۇردى سوراقچى. سەلەينىڭ ئىچكى كەچۈرمىلىرى ۋە قەلبى دولقۇنلىنىۋاتقانلىقىنى مۆلچەرلەپ. شۇ ئارىدا تېلېفون جىرىڭلاپ، سوراقچىنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ تېلېفون ترۇبكىسىنى قۇلاققا يېقىپ، مۆشۈك مىياڭلىغاندەك، "ۋەي ـ ۋەي..."لىدى ۋە چۈشىنىقسىز ئات ئوخشاش بېشىنى لىڭشىتىپ، "خوپ، خوپ!" دەپ قوياتتى.

ـ سەلەي، ـ دېدى تېلېفون ترۇبكىسىنى ئىلىپ قويۇپ سوراقچى، ئىككىنچى سوراقتا بارلىق سىرىڭنى يوشۇرماي ئېيتىسەن! ئۇلار قىلمىشىغا ئىقرار بولدى.

ـ نېمە؟

سوراقچىنىڭ بۇ سۆز يالىڭاچ تەنگە قامچا تەككەندىنمۇ بەتەر تۇيۇلدى سەلەيگە.

"يەنە سورامدىكىنە، نېمىنى سورىماقچى؟ قولغا ئېلىنغانلار كىم؟ خۇما، ۋېلى..." سەلەي ئېسىنى يىققىچە، بۆلمە ئىچىگە سۇڭ پىياز بىلەن سامساقنى خام يەپ، تېكىدەك قاڭسىغان ئىككى گۇندىپاي كىردىدە، ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى يەرگە تەككۈزمەي ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

سوراقچىنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن شۇنداق قىلسا كېرەك، ئەتىمالىم، سەلەينى سوراقخانا بىلەن گۇندىخانىنى قوشۇپ تۇرىدىغان تار دەھلىزە ئارقىلىق ئېلىپ ماڭماي، كىچىك هويلا ئارقىلىق ئېلىپ كېتىشتى.

ساپ هاۋا دىماققا ئۇرۇلۇشى بىلەن، ئۇزۇن يىللار كېسەل يېتىپ، شىپالىق تاپقان ئادەم دەسلەپكى قېتىم چۈش كۆرگەندەك، قاتتىق چۈشكەردى سەلەي ۋە تومۇرلىرىدا هايات قېنى يۈگرەپ، كۆڭلى يورۇغاندەك بولدى. سەلەي ئاسمانغا نەزەر تاشلىۋىدى، دەردىگە ئېچىنغاندەك، تولۇن ئاي ئۇنىڭغا نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ.

سەلەينىڭ كۆز ئالدىدىن خۇماخان ئىككىسى ئاي يورۇغىدىن كېچىپ، دالىدا جاي ئىزدىگەنلىرى، قويۇق دەرەخلەر ئارىسىغا مۆكۈنگەندىمۇ، قېرىشقاق موشۇ ئاينىڭ يوپۇرماقلار ئارىسىدىن مارىغاندەك قىلىشى؛ قاچانلا بولسا، ئۇلار كېچىلىك سەيلىگە چىققان چاغدا ئايدىڭ كېچە بولۇشى. "ۋاي ـ ۋۇي، بۇ ئاينىڭ دەردى. خۇددى كۈنچى خوتۇنلاردەك

ئادەمنى مارايدا!" دەپ رەنجىگەنلىرى ئېسىغا چۈشۈپ: "ئىسىت شۇ كۈنلەر . . . مەن تەلۋە شۇنداق گۈزەل ئايىنىڭ قەدرى ـ قىممىتىنى بىلمەپتىمەنا . . ." دەپ پىچىرلىدى ئۇ .
بىر دەم بولسىمۇ ساپ ھاۋادا تۇرۇشقا تىرىشقان سەلەيىنىڭ گەجگىسىدىن ئىشتەرگەن پېتى ، قاراڭغۇ گۈندىخانىغا سولاپ ، تۆمۈر ئىشىكنى جالاققىدە ياپتىدە ، قۇلۇپ سېلىشتى گۈندىپايىلار .

* * *

ئادەم نوپۇسى ئانچە كۆپ ئەمەس ، لېكىن ئابۇ ھاۋاسى ۋە شېرىن ـ شېكەر نەشپۈتلىرى بىلەن داڭقى مەشھۇر كىچىككىنە كورلا شەھىرى خېلىلا ئاۋات بولغان ئىدى . ئەندىلىكتە بولسا ، بۇ گۈزەل شەھەرگىچە "ئۆزگەرتىش ئۆيى" نامى ئاستىدا تۆت جايغا يېڭى زىندانلار سېلىنىپ ، بۇرۇنقى خەلق سەيلە قىلىدىغان باغۇ ـ بوستانلار ئورنىنى تىكەنلىك سىملار تارتىلغان ئېگىز تاملار قورشاپ تۇرۇپتۇ .
شۇ جەھەننەم ئۆتكۈلى زىندانلارنىڭ بىرسىدىن گۆگۈم مەزگىلى چىققان خۇماخان ، ئالەمدىكى ھاۋانى بىراقلا يۇتماق بولدىمۇ ، ئاغزىنى كەڭ ئېچىپ ، چوڭقۇر نەپەس ئالدىدە ، ۋۇجۇدىدا يېڭى كۈچ ـ قۇۋەت ھاسىل بولغاندەك ، ئىلدام مېڭىپ كەتتى .
تەشۋىشى تېخى بېسىلمىغان بۇ ياش قىز ، خىيال سۇرگەن پېتى شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالغانلىغىنى سەزمەي قالدى . باھار پەسلىدە باغراش كۆلىنىڭ چوڭ تومۇرى ـ قىنىغا سىغماي ئاقىدىغان كورلا دەرياسى بويىدا ئۆسكەن قويۇق مەجنۇن تاللار ، دولانا دەرەخلىرىنىڭ سايىۋانلىرى قويۇقلىشىپ ، ئالاھىدە گۈزەللىك بېرىپ تۇراتتى . ئەندى بولسا ، گوياكى غايىپتىن ئاپەت تەككەندەك ، نە كۆكەرگەن چىمەنزارلىق ، نە مەجنۇن تاللار ۋە نە زىبە دولانا دەرەخلىرى قالمىغانىدى .
خۇماخان تەئەججۈپ بىلەن تۆت ئەتراپقا كۆز تاشلىدى ـ ئەتراپ تىم قاقاسلىق . قانداقتۇ شۇم ئاياقلارنىڭ قەدىمى يەتكەندە ، زەھەرلىك قوللار ھاياتلىقنى خارابىلىققا ئايلاندۇرغان . پەقەت ، دەريالا قانلىق ئىزلار ،

ھەسرەت داغلىرىنى يۇماقچىدەك، قىنىغا سىغماي ئاقماقتا...
قۇياش نۇرىنىڭ ئاخىرقى شولىسى دەريانىڭ سىماپ رەڭ ئۆركەشلىرىگە قىيا چىرپىپ، زەردىن ھەل بەرگەندەك، قىزغۇچ ـ ھال بوياقنى ھاسىل قىلدىدە، ھايال قىلماي، گۈگۈم پەردىسى ئاستىدا غايىپ بولدى.
باياتىن تېلىقىپ قاراپ تۇرغان خۇماخان ئىلدام بارغىنىچە دەريا لېۋىگە ئولتىرىپ، يۈز ـ كۆزىنى يۇغاندىن كېيىن، سالقىن سۇدىن ئوچۇملاپ ـ ئوچۇملاپ يۇرىگى قانغىچە ئىچتى ۋە چوڭقۇر ئۇھ تارتتىدە، قىرغاقتىكى يوغان تاشقا ئولتارغان پېتى دولقۇن ـ ئۆركەشلەرنى قوغلىشىپ، خىيال دەرياسىغا چۆمدى...
كەسكىن ۋەزىيەت تۈپەيلى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئېغىر شىكەستە يېگەن خۇماخان، يۈز بەرگەن مۇدھىش پاجىئەلەرنى بىر تۇگۇنگە جەملىمەكچى بولاتتى. ئۇنىڭ غۇبارسىز پاك قەلبىدە، ئاق تاشقا مۆرە باسقاندەك، ئەبەدىل ـ ئەبەد ئۆچمەس ئىزناسىنى قالدۇرغان ھەسرەت ـ پىغانلار ئورۇن ئالغان ئىدى. ئۇ دەل شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە شەخسىي ئەركىدىن، ۋەسلىدىن – ھەممىدىن مەھرۇم، پاناسىز، ئېگىسىز جان ئېكەنلىكىنى ھىس قىلاتتى.
خۇماخانىنىڭ ئۇچقۇر خىياللىرى سەلەيگە ئېرىپ تاقالغاندا، بەدىنى تىكەنلىشىپ، يۇرىگى يۇغۇلدىغاندەك بولدى ۋە بېخۇدلەرچە ئورنىدىن چاچراپ تۇردىدە، ئوۋچىدىن ئۈركىگەن كېيىك مىسالى، ئىلدام مېڭىپ كەتتى.
"نېمە گۇنايىمىز بار بىزنىڭ؟ – دەيتتى ئۇ، دەريا ياقىسىنى بويلاپ كېتىۋېتىپ، – ئادەم تۇرماق، قۇشقاچقىمۇ ئازار بەرمىگەن مۇلايىم خەلق ئىدۇققۇ... ماكانىسىزغا پانا، ئاچ قالغانغا نان بېرىپ، ئىسسىق قويىنىمىزنى ئېچىپ، دەستىخان يايغاندىن باشقا كىمنى پەست قىلغان ئىدۇق؟"
خۇماخان ئەسەبىيلەشكەن قوللىرىنى شىلتىپ، دەرياغا خىتاپ قىلاتتى. تىلسىز دەريا بولسا، ھامىيسىز جانىنىڭ نادامىتىنى قىنىغا سىڭدۈرۈپ، ئىككى لېۋىنى يالىغان ھالدا ئۆركەشلەپ ئاقماقتا...
قاراڭغۇ زىنداندا ئۈچ ئاي مىقدارى چەككەن ئازاپ ـ ئاقۇبەتلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، سەلەينىڭ غېمىنى يېگەن خۇماخانىنىڭ ئوي ـ

پىكرى سەلەينى قۇتۇلدۇرۇش ئامالىنى ئويلاش بىلەن بەنت ئىدى. "سەلەيدە گۇناھ يوق، — دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، — بىر تال تاماكا ئۈچۈن سەككىز ئاي زىندان ئازاۋىنى چېكىش ئازمۇ؟ ياق، ئۇنى ئازات قىلىش كېرەك... ئۇ ھېلىقى كۆيدۈگە زايىرنىڭ چېقىمى بىلەن بىگۇناھ ئازاپ چېكىۋاتىدۇ... مانا، مېنى بىر قاتار ئىنقىلاپ قويۇۋەتتىغۇ..."

خۇماخان موشۇنداق خۇلاسىگە كېلىدىكەن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇراۋالغان ئۈمۈتسىزلىك، چۈشكۈنلۈك بىردىن تارقىلىپ، قەلبى يورۇغاندەك بولاتتى. بۇ ئاق نىيەت قىز، مەككار ئەمەلدارلارنىڭ ئۇنى ئازات قىلىپ، خەلق كۆزىنى بويىماقچى بولغانلىغىنى، كۆرۈنۈشتە "گۇناھسىز كىشىلەرنى قاماقتا تۇتۇش "ئادىل" ھۆكۈمەت قانۇنىدا يوق" ئىپكەنلىگىنى ئىشەندۇرۇش ئارقىلىق، مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ تەقىپ قىلىنىشىنى نىقاپلىماقچى ئىپكەنلىگىنى نەدىن چۈشەنسۇن؟ دەل شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە خۇماخاننى زىندان دەرۋازىسىدىن چىقىرىۋېتىپ، كەينىگە ئادەم سېلىپ، يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى پايلاپ يۈرۈشكەنلىگىنىمۇ نەدىن سەزسۇن؟

خۇماخاننى سولىغان خانا باشقا گۇندىخانىلارغا قارىغاندا بىر قەدەر بوشراق بولۇپ، تۆمۈر سالاسۇنلۇق روجىگىمۇ سەل كەڭرەك ئىدى. ئەتىگەن ۋە كەچتە، كۇنىگە ئىككى قېتىم تاھارەتكە چىقىدىغان مەھبۇسلار ئەشۇ روجەكنىڭ تۈۋىدىن قاتارلىشىپ ئۆتۈشىدىغان ئىدى. چىلە تېگىدە ئۆسكەن رەزگە گىياغا ئوخشاش، قاق سۇڭەك، مۇردا چىراي، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ، ئادەم سىياقى قالمىغان مىڭلىغان مەھبۇسلارنى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىدىن كەچۈرەتتى خۇماخان، روجەك تۈۋىدىن نېرى كەتمەي؛ ئەمما، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك سەلىيى بىر قېتىممۇ روجەك تۈۋىدىن ئۆتمىدى. تورلىشىپ كېتىدىغان كۆزلىرىنى بىر دەقىقە يۇمۇپ تۇراتتىدە، يەنە ئاچاتتى — سەلەي يوق...

خۇماخاننىڭ قەلبىنى چەكسىز گۇمانلار، مۇدھىش شۇبھەلەر ئوراۋالاتتىدە، يۈرەك ـ باغرى ئۆرتىنىپ، دەرمانى تۇگەتتى، ئاخىر ھالسىزلىنىپ تېلىپ قالاتتى. ئۆلۈك ھالىتىدە سۇنايىلىنىپ ياتقان بۇ بىر تۇتام ماھۇقتەك يېنىك جاننى بەرەھىم گۇندىپايلار قوپال قوللىرى بىلەن سىلكىشتۈرۈپ، سوراقچىنىڭ ئالدىغا سۆرەپ چىقىشاتتى ۋە بەدبېشەر سۆرلۈك سوراقچى

سەلەي ئۈستىدە توقۇلغان ئويدۇرمىلارغا ئىقرار قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭ ۋىجدانىنى ئازاپلاتتى...
شۇنداق زۇلۇم كۈنلىرىنىڭ بىرسىدە، راسا تاڭ مەھەل چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى خۇماخان. ئۇنىڭ قۇلىغىغا تونۇش ئادەمنىڭ نالە ـ پەريادى ئاڭلانغاندەك بولدىدە، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، خىلىغىچە ئورنىدىن قوزغىلالماي ئولتىرىپ قالدى. ھېلىقى نالە ـ پەرياد بارغانچە كۈچىيىپ، قەيەردىندۇر يەرنىڭ تېگىدىن يەرنى يېرىپ چىققاندەك ئاڭلىناتتى. "سە ـ لەي...شۇ، شۇ سەلىيىم..." دەپ پىچىرلىدى خۇماخان لەۋلىرىنى ئارانلا قىمىرلىتىپ ۋە ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا ئىرغىپ تۇردىدە، روجەككە ئېتىلدى. ئويماقتەك تۆشۈكتىن ئاران ـ ئاران پەرىق قىلغىدەك توقۇم ئورنىچىلىك ئاسماندا كىرپىك قېقىپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلارنىڭ بىرسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. زىندان ھويلىسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى تۇرۇككە ئېسىلغان خىتاي دىڭخۇلىسى ئۆچۈپ قاپتۇ. كېچىلىك كۈزەتچىلەرمۇ كۆرۈنمەيدۇ. تاڭ ئالدىدىكى سۈرلۈك زىندان جىم ـ جىتلىغى ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. خۇماخاننىڭ قەلبىنى زىل ـ زىلىگە سالغان بايىقى نادامەت قايتا تەكرارلانمىدى. بەلكىم، تەشۋىش، پەرىشانلىق ئەسىرى بولغان بۇ تەنھا تۇتقۇننى قارا باسقاندۇر؟ ياكى دىمدام ئۇيقا ئارىلاش ئادەتتىكى پاسىق خىياللار داۋامىدۇر؟ "بۇ سەلەيىنىڭ ئۈنى" دەپ ئىشەندۈرەتتى خۇماخاننىڭ ئىچكى سېزىمى.
شۇڭا ئۇ قۇلىغىنى روجەككە تېخىمۇ چاپلىغان ھالدا تىنىق چىقارماي، تىڭشاشنى داۋام قىلدى.
ئادەمنىڭ كۆڭلىدىن ئۇلۇغ نەرسە بولغايمۇ؟ كۆڭۈل بەشارىتى بەزى ۋاقىتلاردا بىرەر ۋاقىئە ياكى ھادىسىنى ئالدىن ـ ئالا سېزىش قۇۋۋىتىگە ئىگىكى، مۇنداق ۋاقىتلاردا يۈز بېرىدىغان خوشاللىق ياكى خاپىلىقنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتىسەندە، قەلبىڭ تەۋرىنىپ، ھاياجان ئېچىدە ھەر يان تەلپۈنىسەن. ئەندى زىنداندا ياتقان كىشىنىڭ ھىس ـ تۇيغۇلىرى شۇ قەدەر ئۆتكۈرلىشىپ كېتىدىكى، ھەر سېكۇند ـ مىنۇت ئۆتكەنسىرى كۈتۈش ـ تەلمۈرۈش بىلەن بەنت بولغان ئەسەبلەر ھېمىشەم ئويغاق، ھېمىشەم سەزگۈرلۈك ھالىتىنى يوقاتمايدۇ؛ قانچىلىك قاتتىق ئۇيقىدا ياتسىمۇ،

"تىرىق" قىلغان تاۋۇش قۇلاقتا كىرىشى بىلەن ئويغىنىپ كېتىدۇ.
خۇماخان خاتالاشمىدى. دەل شۇ كېچىدىن باشلاپ سەلەينى يەر تېگىدىكى "ئىشخانا" (مەھبۇسلارنى قىينايدىغان خانا) ئىچىدە قىيناش باشلانغان ئىدى. "رېيەن شىنتى"15 ـ دەپ ئاتالمىش قىيناشقا گىرىپتار بولغان سەلەي، نەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتكەن ۋە ئۇنىڭ بەدىنىنى تىلىپ، تۇز، لازا سېپىلگەن چاغدا، جېنىنى قويار جاي تاپالماي زارلاپ كېتەتتى. مانا، شۇ خىل ۋەھشىيانە ئازاپنى مەردانىلارچە قوبۇل قىلغان سەلەي، سوراقچىنىڭ قەبىھ تەلۋىنى رەت قىلغاچقا، ئۇنى يالىڭاچ پېتى مۇز كامىرىغا سولاشقا ئېلىپ ماڭغان ئىدى. "سەلەي!.." دەپ ۋاقىرىدى خۇماخان چاچلىرى بىر قۇچاق كەلگەن، بەدىنى ئوتتا پۇچۇلانغان كۆمەچتەك ئۆرتىلىپ كەتكەن سەلەينى روجەكتىن كۆرۈشى بىلەن...
خاۋاتىرلانغان گۇندىپايلار ئاۋاز چىققان روجەككە خۇن باغلىغان كۆزلىرىنى تىكىشتى. سەلەيمۇ زەربە تەسىرىدە ئېغىرلاشقان بېشىنى كۆتەردى ۋە ئۇنىڭ ئىششىغان يۈزىدە ۋىسال تەبەسسۇمى غىل ـ پال يۈگرىگەندەك بولسىمۇ، لېكىن شۇئان چىرايىنى ھەسرەت ئىزناسى قاپلاۋالدى. قەدىردانىنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرقىنى كۆرگەن خۇماخان ئەلەمگە بەرداشلىق بېرەلمىدى: "ئاھ، سەلەي!.." دەپ ئاچچىق پىغان چىقاردىدە، ئۆزى تىرىڭگىدە ئۆرۈلۈپ چۈشتى. بۇ تاشنى يارغۇدەك ئۆتكۈر، ھەسرەتلىك سادادىن زۇلۇم قوينىدا ياتقان ھەممە مەھبۇسلار چۆچۈپ ئويغاانغان ئىدى...
قايغۇلۇق خاتىرىلەر ۋە دەھشەتلىك سەرگۈزەشتىلەر ئىلكىدە ئۆزىنى تامامەن ئۇنتۇغان خۇماخان، تۇن يېرىمىدىن ھالقىغانلىقىنى سەزگىنى يوق. سالقىن شامال، دەريانىڭ ھۆل تەپتى ۋە قوساق ئاچلىقى ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى، ئۇنىڭ رەزگى بەدىنى شۈرككۈنۈپ، چىشى ـ چىشىغا تەگمەي قاسىلداپ تىترەشكە باشلىدى. "سەلەي... ياق ـ ياق... سەلىيم تىرىك..." دەيتتى ئۇ، بەزگەك ئادەمگە ئوخشاش ئەسەبىي سىلكىنىپ ۋە قەتئىي قارارغا كېلىپ، ئالدى ـ كەينىگە باقماي، ئىلدام مېڭىپ كەتتى.
ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ باغۇەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىرەم تۇققىنى كېرىم باققالنىڭ قوش ـ قوۋۇقلۇق ئىشىگى ئالدىدا توختىغان

خۇماخان ئىشىك ھالقىسىنى قاقايمۇ، قاقمايمۇ، دېگەن خىيالدا بىر دەقىقە ئارىسالدا بولۇپ تۇردى. كىم بىلىدۇ، ھەر كىم ئۆز پاشىسىنى ئارانلا قورۇپ، تۇمەن ــ مىڭ تەشۋىش ئاستىدا كۈن كەچۈرۈۋاتقان بۇ شارائىتتا، ھېلىلا زىنداندىن بوشىغان "ئۈنسۇر"نى بوسۇغىدىن ئاتلاتقۇزماس. ئاتا ــ بالىغا، بالا ــ ئاتىغا شۈبھەلىك بولۇپ قالغان بۇ پىشتىنا ــ پاسات ماڭ زامانىسىدا خۇماخانغا ئوخشىغان "گۇمانلىق شەخسى"گە پانا بولغىدەك جۈرئەت ئېگىسى تېپىلارمۇ؟ بىر بۇردا نان، بىر ئوچۇم قارغا جىگدىسى، ھەتتا بىر تال سەرەڭگە ئۆلچەملىك بۇ ئەلدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بېھۇدە قەھەتچىلىك، مۇھتاجلىقنى بىلىپ تۇرۇپ، موشۇ تونۇش بوسۇغىنى خىجالەت قىلىشقا يۈرەك چىدىغايمۇ؟

خۇماخان ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىۋېدى، ھېچ بىر ئۆيدە چىراق يورۇغى كۆرۈنمىدى. كوچىدا بولسا، ئادەم ئەدىۋايى تۇرماق، ئىشت ــ مۈشۈكلەرمۇ كۆرۈنمەتتى. بەئەينى تاشلاندۇق خارابىلىق ۋە كونا گۆرستانلىقنى ئەسلىتەتتى بۇ كوچا. پەقەت، ئاندا ــ ساندا ۋەيرانلىق خەۋەرچىسى شۇم قۇشلارنىڭ "ئىساق، ئىساق..." دېگەن يەمسىز سايرىشى ئاڭلىناتتىدە، كېچىنى تېخىمۇ قورقۇنۇچلۇق، سۈرلۈك تەشۋىش باساتتى.

خۇماخان نەچچە قېتىم كېتىپ، بارىدىغان جاي بولمىغاچقا، نائىلاج يېنىپ كەلدى. ئادەمنى تىرىكلا يۇتۇۋەتكىدەك قىلىپ تۇرغان مونۇ تار كوچىدا يالغۇز ئايلىنىپ يۈرۈشتىن ئەيمەنگەن خۇماخان، قوش ــ قوۋۇقۇقا ئەندىلا قول ئۇزىتىپ، تاقىلدىتىشقا تەمشىلىۋېدى، ئەمما نېمىنىڭدۇر شەپىسىنى سېزىپ، قولىنى ئۇزاتقان پېتى تۇرۇپ قالدى. "خۇ ــ ما ــ خان!" ــ دېگەن تىترەك ئارىلاش تاۋۇش ئاڭلاندى. جۇدالىق گىرىپتارى بېچارە قىز، ئادەم ئاۋازى قۇلىغىغا كىرگەن چاغدا، بەئەينى زۇلمەت غارىدىن شاپائەت تارتىپ ئالغاندەك ھىسسىياتقا تولدىدە، ئىشىك دالدىسىدىن بىر ئىرغىپ، كوچا ئوتتۇرىسىغا چىقتى. كىمدۇر ئۇنىغا چاپراس كېلىپ توختىدى.

ــ سىز كىم؟ ــ سورىدى ھودۇققان خۇماخان.

ھاسىراپ، ئۆپكىسىنى باسالماي تۇرغان كىشى ئوغرى مۈشۈكتەك ئاستا بېسىپ كەلدىدە، خۇماخاننى تۇتۇۋېدى، سوغ تۆمۈرنى تەنگە ياققاندەك،

ئۇنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى .

ـ مەن ، مەن...خۇماخان ، ـ دېدى كىشى ۋە ھۆپۈپۈپ پىخىلدىغاندەك كۈلۈپ قويدى . قاتتىق ھودۇقىانلىقتىن بولسا كېرەك ، ئەتىمالىم ، خۇماخان مونۇ بىرلا قەدەم ئالدىدا تۇرغان كىشىنى تونالمىدى ، لېكىن يۈرىگى تەشۋىشلىك دۈپۈلدەشكە باشلىدى .

ـ مېنى راستلا تونۇمىدىڭىزما؟ ـ دېدى ھەجەپلىنىش ئارىلاش خۇماخانىنىڭ قولىنى تېخىمۇ چىڭ قىسىپ ، ناتونۇش كىشى .

"ھە ـ ئە تونۇمىدىم" ، ـ دېيىش ئورنىغا ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ ، ئۆز قولىنى بوشىتىۋالدى خۇماخان .

ـ مەن بولمىسام ھايات قالماتتىڭىز...

ـ نېمە؟! ـ خۇماخانىنىڭ كۆزىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى . بۇ غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى خوشاللىق مەمنۇنىيىتى دەپ تونۇغان كىشى:

ـ رەخمەت ، ئېيتمايلا قويۇڭ ، سىز ئۇچۇن جېنىم پىدا ، جۇمۇسلا ، خېنىم...

ـ نېمە ، نېمە؟!

ـ نېمە بولاتتى ، جېنىم... جۇجاڭ ئالدىدا مېنىڭ ئابرويۇم كاتتا بولغاچقا ، سىزنى ئامان ساقلاپ قالدىمدە! ھى ـ ھى...

خۇماخانىنىڭ بېشى قېيىپ ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغاندەك بولدىدە ، تىلى دەرھال سۆزگە كەلمەي قالدى .

ـ خالى كوچىلاردا تېنەپ يۈرىشىڭىزنى خالىمايمەن ، ـ داۋام قىلدى كىشى ، ـ يۈرۈڭ ، سىز ئۇچۇن يۇمشاق ئورۇن ، شېرىن تائام ، ھەتتاكى ، "زەم ـ زەم" سۈيىمۇ تەييار تۇرىپتۇ ، خېنىم...

ئۇ ئەندى ئىشەشلىك ھالدا خۇماخاننى قولتۇقلاپ ماڭماقچى بولۇۋېدى ، شۇئان ياڭىغىغا سالما تاشتەك تەككەپ شاپىلاق زەربىدە سەنتۈرۈلۈپ كەتتى...

* * *

خۇماخانىنىڭ سولاقتىن چىقىشىدىن خەۋەردار زايىر يېقىن كىشىسى پاشاخانىنىڭ ئۆيىنى تايىن ئېتىپ قويغان ئىدى . ياسىداق خانىنىڭ

ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان دۇگىلەك شىرەنىڭ ئۈستى يەل ـ يېمىش، تاتلىق تۈرۈمغا لىققىدە تولغان. ئالاھىدە "قول بالىسى" قىلىپ ئىشلەنگەن جانان كۈپتىكى يۈزۈم مۇسەللىسىمۇ ئاغزى ئېچىلىپ، تەييار تۇرۇپتۇ. قاتمۇ ـ قات سېلىنغان شايى كۆرپىلەر، مامۇق ياستۇقلار "مېھماننى" كۈتۈپلا تۇرغاندەك. لەززەتلىك غىزالار ئۈچۈن لازىم بولىدىغان خىرىدلار بولسا، "مەخسۇس كىشىلەر" ئۈچۈن ئوچۇق تۇرىدىغان "ئارقا ئىشىك"تىن ئېلىنىپ، ئۆي ئېگىسى پاشاخانغا تاپشۇرۇلغان. قىسقىسى، زادىۋالغا يۆلەكلىك تۇرغان دۇتارمۇ غەرەزلىك مەقسەتتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

زايىرنىڭ پەرەز قىلىشىچە: "زىنداندا يېتىپ، ھەر نەرسىنىڭ قەدرى ئۆتكەن، روھى پۇچۇلۇپ، پېتى چۈشكەن خۇماخان ھەممە نەرسىگە بېپەرۋا قارايدۇ. شېرىن تائام، يۇمشاق ئورۇننى كۆرگەندە بىر ئىما بىلەن ئاچ قۇرغۇيدەك ئىندەككە كېلىدۇ"، دەيتتى. "زايىرنىڭ خائىشنى رەت قىلىدىغان قىز تېخى تۇغۇلغىنى يوق، — دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن كۆرەڭلەپ، — ئەگەر، خۇماخان پەلە ـ پەستەن دەيدىكەن، ئانىسىنى شاقۇردا كۆرستىمەن! ياق خۇما ئاۋالقى شوق، خۇش ـ خوي خۇما ئەمەس، ئۇ ھازىر كەپتەرنىڭ باچكىسىدەك ئاجىز، يۇمران بىر قىز، قولۇمغا تۇتىمەندە، قوينۇمغا سالىمەن..." زايىر ئىشتىن چۈشۈش ئالدىدا يېقىن دوستى — زىندان باشلىغى بىلەن تېلېفون ئارقىلىق سۆزلەشكەن ۋە خۇماخاننى كەچقۇرۇن قويۇپ بېرىشنى ئۇقتۇرغان. زايىر ناھىيە باشلىغى شەنجاڭنىڭ ئۇمۇمىي كادىرلار يىغىنىدا "ئۇيغۇرلار مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ ياشىمىغان" دېگەن ماۋزۇدا سۆزلىمەكچى بولغان رىيائىل تارىخقا زىد دوكلادىنى ئالمان ـ تالمان تەرجىمە قىلىپ، ئەندىلا چىقاي دېۋىدى، تېلېفون جىرىڭلىدى. ئۇ خالا ـ خالىماي تېلېفون تىرۇبكىسىنى قولاقا يېقىش بىلەن ئۆڭى ئۆچۈپ كەتتى،چۈنكى، ئۇنى غوجىسى ۋاڭلى چاقىرتقان ئېدى.

— چىرايىڭدىن توپا يېغىپ تۇرىدىغۇ، زا. فەييى، نېمە بولدىڭ؟ — دەپ سورىدى بۆلۈم باشلىغى ۋاڭلى، زايىر ئىشىكتىن كىرىشىگە.

— ھېچ، ھېچ نەرسە بولمىدى، كوجاڭ...

— ئولتار! — بۇيرۇق قىلدى ۋاڭلى، قاپىغىنى مۈشتۈمدەك تۈرۈپ.

غوجىسىنىڭ قاش ـ كىرپىكلىرىنىڭ مىدىرلاش مەنىسىنى چۈشىنىدىغان جاسۇس دەشنام ئاڭلىشنى سەزدىدە، ئاستا، ئەيمىنىپكىنە ئولتاردى:

ـ ئۆتكەن كېچە بەش كىشى قاچتى...

ـ نېمە؟! ـ بىقىنىغا بىگىز سانچىلغاندەك تولغاندى زايىر.

ـ ئىككىسى بۆگۈرلۈك مۇئەللىمەر، ئىككىسى كورلا ئورتا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى...

ـ يەنە بىرسىمۇ؟ ئۇ سىنىڭ يۇرتدىشىڭ.

ـ ھە؟! ـ زايىرنىڭ يۈرىگى قارسىسدە قىلىپ، تامدەك تاتىرىپ كەتتى.

ـ قورقما، سەلەي ئەمەس، ۋېلاخۇن.

ـ ئۇھ...

ـ سىنىڭچە، بۇلار قاياققا قاچار؟ ـ سوئال قويىدى زايىرنىڭ كۆزىگە تىكىلگەن ئەمەلدار.

جاسۇس قانداق جاۋاپ بېرىشنى بىلمەي، تىڭىرقىغان پېتى تۇرۇپ قالدى.

ـ قېرىنداشلىرىڭنىڭ يۈرىگى قاياققا تېپىشنى بىلمىسەڭ، مۇھتەرەم زا. فەيىي؟

موشۇ زەھەرلىك كىنايىدىن زايىر ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقاندەك قورقۇپ كەتتى. ئۇ مانا ھازىر يۈزىگە شاپىلاق تېگىدۇ، "سولانسۇن!" دېگەن دەھشەتلىك سۆزنى ئاڭلايدۇ. لېكىن ۋاڭلى ئۇنداق قىلمىدى، قايتىپ ئورنىغا ئولتاردىدە، زايىرغا يەنە بىر قېتىم سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

ـ قاچقۇنلار سوۋېتلەر سويۇزىدىن پانا ئىزدىشى چوقۇم.

ـ چېگارا يىراق، يېتەلمەي ئاچتىن ئۆلۈشىدۇ ئۇ ئىپلاسلار!

ـ ئاخماق! ـ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ۋاڭلى. ـ شۇنچە پۇختە ياسالغان قامالنى تېشىپ قاچقان ئوغرىلار ئات ـ ئۇلاق، ئوزۇق ـ تۈلۈك تاپالماسمۇ؟ ۋېلاخۇن خەتەرلىك...

زايىر لايىغىدا جاۋاپ تاپالمىدى. ئۇنىڭ ئادەتتىكى يامپاشقا ئۇرۇپ يالغان ـ ياۋداق گەپ توقۇيدىغان "چېچەنلىگى" يوقاپ، سۇر بېسىپ، تىلى سۆزگە كەلمەي قالدى.

ـ سەھەر، سائەت ئالتىدىن قالماي، يولغا چىقىسەن... ھە كۆزۈڭنى ئالايتىسەنغۇ، زەرۇر ئىشىڭ بارمىدى؟

ــ يوق، يوق... ــ كۇرۇك توخۇدەك ئاۋاز چىقاردى زايىر. لازىم دىسە ئوتقا كىرىشكە تەييارۇ، لىكىن بۇگۇن ئەمەس ئىدى، چۈنكى بۇگۇن خۇماخان قولغا چۈشىدىغان پەيتتە! ئىسست... شۇنچە تەييارلىق ئاۋارىگەرچىلىك يوققا چىقتى...

ــ بۇگۇرگە بىرىپ، قاچقان مۇئەللىملەرنىڭ ئۇرۇق ــ ئەۋلادى، يىقىن كىشىلىرىنى ئىنىقلاپ، ماڭا خەۋەر بىرىسەن ئۇقۇشلۇقمۇ؟

ــ ئۇ ــ قۇش ــ لۇق...

ــ بار، تەييارلىغىڭنى كۆر!

زايىر ۋاڭلىنىڭ هوزۇرىدىن چىققان چاغدا قاراڭغۇ چۈشكەن ئىدى. ئۇ ئۆلە ــ تىرىشىغا باقماي، ۋىلسىپىتا ئۇچقاندەك كىتىۋاتىدۇ. تونۇش ۋىلسىپىدلىق زايىرنىڭ قارىسىنى كۆرگەن بىرەن ــ سىرەن كىشىلەر دەرهال مۆكۈنەتتى.

خۇماخاننىڭ هىلىلا چىقىپ كەتكەنلىگىنى گۇندىپايدىن بىلگەن زايىر، زىندان باشلىغىنى ئىچىدە قارغىغان پىتى يەنە مىڭىپ كەتتى. ئۇ دولان يىزىسىغا ئاپىرىدىغان يولنى بويلاپ، شەھەر چىتىگىچە باردى، ئەمما، خۇماخاننىڭ قارىسىما كۆرۈنمىدى.

ئىشىگىنى يوقاتقان ئادەمدەك، ئۇچراشقانلا كىشىدىن خۇماخاننىڭ بەلگۈلىرىنى ئىيتىپ، سۈرۈشتە قىلاتتى زايىر. يولۇۋچى ئادەملەر: "كۆرمىدۇق" دەپ جاۋاپ بىرىشەتتى. بەزى خۇماخاننى كۆرگەنلەر بولسا، مونۇ ئىشت ئەلپازىغا كىرگەن مۇناپىقنىڭ يامان نىيىتىنى سىزىپ؛ زايىرغا نەپرەتلىك قاراتتىدە، "ياق، ئۇچراتمىدۇق" دەپ قىسقىلا جاۋاپ بىرىشەتتى.

خۇماخاننى تاپالماي جىلە بولغان زايىر، ئەتىدىن كەچ كىرگىچە ئىغىر ئەمگەك قىلىپ، ئاچ ــ زىرىن ئاران ــ ئاران ئۆرە دەسسەپ كىلىۋاتقان ئاياللارنى توختىتاتتى، يانچۇق چىرىغىنى يورۇتۇپ، يۈز ــ كۆزىگە سەپ سالاتتى ۋە كوتۇلدىغان پىتى مىڭىپ كىتەتتى. ئۇ ھەتتا بىر نەچچە قىتىم "گۇمانلىق" هويلىلارنى قاسىرىپ چىقىشقا ئۈلگەرگەن ئىدى. هىچ قاچان چىقمىغان هارام تەرگە چۈمۈلگەن زايىر، هالى كىتىپ، ئىرىق بويىدىكى ئۆرۈك كۆتىگىگە يۆلىنىپ، پۇتىنى سۇنالىدى.

"نەگە غايىپ بولغاندۇ، ھە؟ ــ دەيتتى ئىچىدە، ــ يېزىغا ماڭمىغان، ئەندى نەگە بارماق بۇ گۈيتۈزنىڭ قىزى؟

دەڭلەرنىڭ بىرەسىگە باردىمۇ يە؟ ياق، ھەممىلا دەڭ كارىۋان سارايلىرى ئەسكەر بىلەن ئىچكىرىدىن چىققان "لوداگىلار" بىلەن لىق تولغان. ياق ئادەم كىرەلمەيدۇ. توختا، توختا، ــ دەپ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى جاسۇس، ــ جىگدە مەھەلىسىدە تۇققىنى بار دەۋاتاتتى. ــ ئۇ ئەندىلا ماڭماق بولىۋىدى، ئۆز قارمىغىدىكى "ماشكا"لىرىدىن بىرسى ئۇچراپ قالسا بولماسمۇ.

ــ ھېلىقى گۈينىڭ قىزى ئۇچراشمىدىما؟

زايىرنىڭ ئەشەددىي بۇززۇقلىغىدىن خەۋىرى بار "ماشكا" ئاشناسىنى سوراۋاتىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىدا:

ــ ئايىمنىساما؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ قوپاۋا خۇمسى! ــ ماشكىنىڭ مەيدىسىگە بىرنى قويدى زايىر، ــ خۇما، خۇماچۇ، خۇما...

ــ ھە... مانداق دېمەمسىز، زايىر چوڭ. مەن بايىلا ئۇنى كۆرۈۋىدىم.

ــ ھە ــ ھە... قەيەردە، چاپسان ئېيت!

ــ ئۇنى بىر كۆرۈپلا، گۇمانلىق ئۇنسۇر دەپ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم، جۇمۇسىلا، زايىر چوڭ...

ــ ۋە، قوتاۋاش، ئەزمەڭنى ئەزمەي، قەيەردە كۆرگەنلىگىڭنى سۆزلە دەيمەن!

ــ سەۋرى قىلسىلا، زايىر چوڭ، ــ دەپ ئۇرۇشقا تەمشەلگەن زايىرنىڭ قولىنى تۇتتى ماشكا لوللىق بىلەن، ــ قارىسام كېتىپلاۋاتىدۇ...

ــ نەگە؟ ئادەم سىياقىدا سۆزلە!

ــ دەريا بويىغا بېرىپلا كۆزۈمدىن قاڭقىپ، غايىپ بولدى...

ــ دەيۈز كالۋا! ــ دېدىدە، ماشكىنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى زايىر ۋە ۋېلسىپېدىنى مىنمەيلا دەريا تەرەپكە يۈگەردى. مەڭزىنى تۇتۇپ قالغان ماشكا بولسا، خۇماخاننى كۆرمىگەن ھەم تونۇماتتى. زايىرنىڭ گېپىنىڭ ئۇرامىغا قاراپلا، ئادىتى بويىچە يالغاننى توقۇغان ئېدى.

كېچىچە سۆگەك ئىزدەپ، ئاخىر ئاچ ــ زېرىنلىقتىن زوڭزىيىپ ئولتىرىپ،

ئاسمانغا قاراپ ھۆۋلايدىغان گوداڭنىڭ ئىشتلىرىغا ئوخشاش دەريا بويىنى قاسىرىپ ھالى قالمىغان زايىر، ئاشىنسى پاشاخاننىڭ ئۆيىگە ئارانلا يەتتى ۋە باش ــ ئۇچى يوق ۋايساشقا باشلىدى. ھەممە نەرسىنى تەييارلاپ، خېلىدىن بېرى ئاررۇلۇق "مېھماننى" كۈتۈپ ئولتارغان پاشاخان بولسا، زايىرنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەندە "ئاللاھ دېدىم" دەپ بېشىغا ئۇردى ۋە زايىرنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. سەتەڭ خېنىم تەرەپتىن مۈرەببا ئارىلاشتۇرۇپ، ئاچچىق دەملەنگەن سىنچايدىن ئىككى ــ ئۈچ پىيالە ئىچىپ، ھاردۇغى بىر ئاز بېسىلغان زايىر، پاشاخاننىڭ ئازراق بولسىمۇ غىزا يەپ ئارام ئېلىشىغا زورلىشى، نازلىق يالۋۇرىشىغا كۆنمەي، پەشنى قېقىپ چىققان پېتى "جىگدە مەلىسى"گە قاراپ يۈگەرگەن ئىدى...

...شاپىلاق زەربىدە خېلىدىن كېيىن ئېسىنى جەملىگەن زايىر قوش قوۋۇقنى سۇندۇرۇپ، خۇماخاننىڭ كەينىدىن قوغلاپ ئۆيگە كىرىشكە پېتىنالمىدى. ئەمما قەستىنى پۈكۈپ، قول چېرىغىنى يورۇتۇپ، ئۆي نومېرىنى يېزىۋالدى.

## VI باپ

خۇماخان تامدىن ئىرغىپ چۈشۈپ ھويلىغا كىرىۋالغاندىن كېيىنمۇ، تامغا يۆلەنگەن پېتى خېلىغىچە تۇرۇپ قالدى. ئاخىرى زايىرنىڭ نېمىلەرنىدۇر كوتۇلدىغىنى، ئاندىن شاپاشلاپ ماڭغىنى ۋە ئاياق تاۋۇشىنىڭ يىراقلاشقانلىقىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى بىر ئاز تىندىدە، ئېسىنى يىغىپ، ھويلىغا سەپ سېلىشقا باشلىدى. ھويلا ئىچى جىم ــ جىتلىق. ھېمىشەم بوسۇغا تۈۋىدە باغلاقلىق تۇرىدىغان ئالا ئىشتمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنىڭغا تونۇش بولغان يازلىق ئوچاق ئالدىدىكى قومۇچ تەمگە ياماشقان ھەپىرەڭ گۈللەرمۇ يىلدىقىدەك پۈككىدە بولماي، يىرتىق پالازغا ئوخشاش، ئۇ يەر ــ بۇ يېرى بۆسۈلۈپ كەتكەن. ئوتۇن ــ ياغاچ قويىدىغان لەمپىنىڭ ئاستىمۇ، توخۇ كاتىگىمۇ ۋە كالا باغلاقلىق تۇرىدىغان ئەپلىك ئېغىلمۇ قۇرۇق ــ يە كالىنىڭ

پۇشۇلدىشى ۋە يە توخۇلارنىڭ چۇرۇقلىشى ئاڭلانمايدۇ. چاك كېتىپ ئۆرۈلۈشكە قىڭغايغان سوقما تامغا ئىككى ـ ئۈچ تىرەك تىرەكلىك تۇرۇپتۇ. خۇماخان نەچچە قېتىم كۆرگەن سەرەمجان بۇ هويلا ئەندى خارابىلىققا ئايلانغانلىغىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

"هېچ كىم يوقمېكىنە هە؟" گۇمانلىق پىچىرلىدى خۇماخان ۋە خالا ـ خالىماس باراڭنىڭ ئالدىغا كەلدى. خوتەن قەغىزى چاپلانغان پەنجىرە خۇددى گۆر تۆشۈگىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى ئۇنىڭ كۆزىگە. ئۇ كەينىگە يانماق بولۇپ تەمشىلىۋېدى، دەل شۇ چاغدا قوش قوۋۇق تاقىلداشقا باشلىدى. "شۇ، شۇ ـ زايىر ئىپلاس..." ئەندى خۇماخاننى دەهشەتلىك قورقىنچ باستى. ئۇ هودۇققىنىدىن مۆكەر جاي تاپالماي، يازلىق ئوچاق تۈۋىدىكى سەي چىلايدىغان كۈپىنىڭ كەينىگە ئۆتتۈۋالدى. قوش قوۋۇق بارغانسىرى قاتتىق جالاقلىماقتا. "بۇ قېتىم تۇتۇۋالسا، تىرىك قۇتۇلالمايمەن"، ـ دەيتتى خۇماخان قوش قوۋۇق تاقىلدىغانسىرى. بىر هازادىن كېيىن ئۆينىڭ ئىلغۇرى شىرىقلاپ، قاغىجىرىغان ئىشىك "غاچ" قىلىپ ئېچىلغاندەك بولدىدە:

ـ كىم سەن؟ ـ دېگەن تاۋۇش چىقتى ئۆي ئىچىدىن.

خۇماخان كېرىم "باقال"نىڭ ئۈنىدىن تونۇپ، كۆڭلىدىن خوشاللىق هىس كەچتى.

ـ مەن شۇ، ئاچ! ـ دېگەن تاۋۇش ئاڭلاندى كوچىدىن.

ـ ئانىسى، ئاچقۇچنى نەگە قويدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى كېرىم.

ئۆي ئىچىدىن ئۈيقىلىق ئايالنىڭ خىرىلدىغان تاۋۇشى ئاڭلاندىدە، كېرىم: "هازىر ئاچىمەن" دەپ قويۇپ، باراڭلىق تەرەپكە ماڭدى. خۇماخاننىڭ يۈرىگى تېخىمۇ تەشۋىشلىك دۈپۈلدەشكە باشلىدى. ئۇ قوش قوۋۇق ئېچىلغىچە ئۆزىنى باغ تەرەپكە ئالماق بولدى، لېكىن ئېپىنى قىلالمىدى. ئۈڭگىچە باراڭ تۈرۈۋگىدە ئېسىقلىق تۇرغان ئاچقۇچنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن كېرىم كۈپ كەينىدە مىدىرلىغان نەرسىگە كۆزى چۈشۈپ، چۆچۈپ كەتتى.

ـ بۇ، بۇ كىم؟ ـ دەپ قاتتىق ۋاقىراۋەتتى ئۇ.

ـ ئاستا، ئاستا، بۇ مەنغۇ ـ خۇماخان...

ـ بۇ نېمە قىلىغىڭ، قىزىم؟ ئۆيگە كىرمەي، نېمىشكە مۆكۈپ تۇرىسەن؟
ـ ئاستا، ئاتىكا، ئاستا، ـ كېرىمنىڭ سۆزىنى بۆلدى خۇماخان. ئۇ قوش قوۋۇقنى ئىما قىلىپ، كېرىمنى ئۆيگە تارتتى. قوش قوۋۇق يەنە جاقىلداشقا باشلىدى.
ـ ئاچماي تۇرسىلا، ئاتىكا، مېنى كۆرۈپ قالىدۇ...
كېرىم قىزنى ئۆيگە كىرگۈزىۋەتتىدە، ئىلدام بېرىپ قوش قوۋۇقنى ئاچتى.
ـ نېمە بولدى، داداڭزا؟ ـ دەپ سورىدى ئۇيغۇرچە ئارانلا يامداپ، هويلىغا كىرگەن كىشى.
ـ هې ـ هېچ...
ـ ئۇخلاڭ دەيدۇما؟
ئۇ قوش قوۋۇق يوچۇغىدىن بىر كىشىنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەتكىنىنى بايقىغان، شۇڭا بوۋاينى خەتىرجەم قىلىش ئۈچۈن:
ـ قوقىما، داداڭزا، مەن ئۇخلاڭ دەيدۇ، ـ دەپ قويۇپ، بۇلۇڭدىكى ئۆز خانىسىغا كىرىپ كەتتى ياش يىگىت.
كېرىم ئۆيگە كىرگەندە خىلىچە ئايلام خۇماخاننى قۇچاقلاۋېلىپ، يىغا ئارىلاش:
ـ ئانىكام، ئاتىكام... قەيەردىن قۇتۇلغان تۇمۇچۇغۇم...قانداقما چىدىغانسەن بۇ كۈلپەتلەرگە، قوزىچىغىم... ـ دەپ زارلىدى. خۇماخانمۇ مومايىنىڭ ئېچىنىشلىق كۆيۈمچانلىقىنىڭ ئىسسىق تەپتىدە ئۆزىنى توختىتالماي، مونچاق ـ مونچاق ياش تۆكۈشكە باشلىدى.
ـ بولدى، ئانىسى كۆزگە زورلىمۇ، چاي قايناتقىنا، خۇماخان ئۇسساپ قالغاندۇ، ـ دېدى كېرىم چېچەكلەپ ئۆچۈشكە باشلىغان چىراقنى پەپەلەپ.
ـ ماڭا هېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، ئاۋارە بولماڭلار...
ـ نېمە دېگىنىڭ، قىزىم؟ ئۆزىمىز ئاچ قالساقما، ساڭا بىر بۇردە نان بېرەلەيمىز! ـ دېدىدە، قازان بېشىغا ئۆتتى موماي.
ـ قېتىپلا كېتىپتىمەن خۇدايىم. بىزنىچۇ، قىزىم، توخۇ چىللىغاندىن تارتىپ، تا كۆز باغلانغىچە، بەزىدە كېچىلىرىمۇ ئىشقا سالىدۇ بۇ مېرەزلەر. خۇدا كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، بىزنىچۇ، سۆرەمگە قوشقان كۈنلىرىمۇ

بولدى: نە ياشقا، نە قېرىغا ئارام يوق.

ـ ھاي ـ ھاي، ئاغزىڭغا باق، پىكرىڭ قاڭقىپ كېتىپ، كۆرەشكە چۈشۈپ قالما، يەنە! ـ دېدى كېرىم ۋە خۇماخانغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

ـ ئو ـ ئە! ھېلىما غورا قېقىپ، ئۇشۇق ئوينىغاندىن تارتىپ، بەل مۈكچەيگىچە قىلغان ـ ئەتكەننى ئوتتۇرغا تۆكۈپ بولدۇق، ئاياىدىغان نېمىسى قالدى دەيدىلا!

ـ مەپكۈرەڭ تۈزەلمەيدىغان ئوخشايدۇ سېنىڭ. تەشكىلگە تىل تەككۈزمە دەيمەن.

ـ مەپكۈرە، مەپكۈرە دەپ يەتكەن يېرىمىز موشۇما.

مومايىنىڭ سۆزىگە بېئىختىيار كۈلۈۋەتتى خۇماخان ۋە گەپنى باشقا ياققا بۇراپ:

ـ خوشنىلار كىم؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ كىم بولاتتى، كۈلىدىن چىققان "لوداگىلار" يېغىپلا كەتتىغۇ تاڭ. ئېغىل دەمسەن، مېچىتلارنىڭ پاشتىغى دەمسەن، ھېچ يەر قۇرۇق ئەمەس، ئەشۇلار ئۇگۇلاۋاتىدۇ...

ـ ھاي ـ ھاي، ئۇلارنى ئېغىزىڭغا ئالغۇچى بولما دەيمەن، تىلىڭغا ئۇچۇق چىقىدۇ. ـ مومايىنىڭ سۆزىنى بۆلدى كېرىم ۋە پەنجىرىگە قاراپ قويدى.

ـ ئالاقزادە بولماي، جىم تۇسىلا، دېمىسىما، نە ئۇچار ـ قانات، نە گىيالار قالمىدىغۇ...

ـ مەپكۈرەڭنى بۇزما دەيمەن، بالاغا قويىسەن!

مومايىنىڭ باش ـ ئۇچى يوق سۆزىنى قوش قۇۋۇقنىڭ قاتتىق تاقىلىشى بۆلۈۋەتتى. باياتىن ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتقان ئايلا "ئاللا" دەپ ئۇن چىقاردىدە، قۇدۇقتا تاش چۈشكەندەك جىمىپ، بىر تۇتام ئەمەننى تۇتقان پېتى قېتىپلا قالدى.

ـ بۇكىم بولدى، ھە؟ ـ تەشۋىش ئارىلاش سورىدى كېرىم، ئۆز ـ ئۆزىدىن.

ـ بۇ زايىر، مېنى تۇتقىلى كەلدى...

ـ زايىر؟! ـ بوۋاي بىلەن موماي زايىرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن مۇردىدەك قېتىپلا قېلىشتى. كىچىككىنە "جىن چىراق"نىڭ گىرىمسەن

شولىسىدا ئاران ـ ئاران يورۇپ تۇرغان ئۆي ئىچىنى ئەندى دەھشەتلىك قاراڭغۇلۇق بېسىۋالغاندەك بولۇپ كەتتى. خۇماخان يە قىچىپ چىقىپ كېتىشنى، يە مۆكۈشنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدى. شۇ ئارىلىقتا ھېلىقى ختاي يىگىتىنىڭ "كىم ئۇ؟" دېگەن ئۈنى ئاڭلاندىدە، كەينىدىنلا ئۇنىڭ كوچىدا تۇرغان كىشىلەر بىلەن ختايچە نېمىلەرنىدۇر دە ـ تالاش قىلغانلىقى، ھېلىقى قوش قوۋۇقنى تاقىلداتقانلارنىڭ قايتىپ كەتكىنى، ختاي يىگىتى ھويلىغا قايتىپ كىرگىنى ئاڭلىنىپ تۇردى.

ـ خۇداغا مىڭ شۈكرى، ـ دەپ كىرىم ئۆي ئىچىدىكى سۇرلۇك سۈكۈناتنى بۇزۇپ. مومايغىمۇ جان كىردى، ئەتىمالىم، ئىچىدە شۈكرى ـ سانا ئوقۇغاندىن كېيىن، قىسقا دۇئاا قىلىپ، چاي دەملەپ، جوزا قويۇشقا باشلىدى. نەچچە يېرى تۆشۈك، سەرگەز دەستىخان ئۇستىگە ساندۇق تېگىدە ساقلانغان بىر ئوچۇم قاغا جىگدىسى، يېرىم ھېجىرچە سۆك تالقىنىدىن باشقا ھېچ نەرسە قويالمىدى موماي. ئۇ ئېغىر خۇرسىنىپ:

ـ بارىغا ئېغىز تېگەرسەن، قىزىم. سەن كەلگەندە دەرھال پۇشىرىپ بېرىدىغان تۇخۇملار، توخۇ گۆشلەر نەلەرگە كەتتىكىنتاڭ... ھېلىقى ئۆلچەم دېگەن كاساپەتنى ئىشقا چىققاندىلا دومى ـ دوما قىلىشىدۇ...

ـ قويساڭا، ئانىسى! سەن دېمىسەڭما خۇماخان بىلىدىغۇ. كەل، قىزىم، جوزىغا يېقىن كەل! ـ دەپ ئاۋال ئۆزى جوزا قېشىغا ئولتاردى كىرىم. خۇماخان گەپ ـ سۆز قىلماي، ئىسسىق چايدىن بىر نەچچە يۇتۇم ئىچتى. ئۇنىڭ پىكرى ـ خىيالى باياتىن يۈز بەرگەن ۋاقىئە بىلەن بەنت ئىدى.

"ھەجەپ ئىش، بۇ ختاي يىگىتى نېمە ئۈچۈن زايىرنى ھايداۋەتتى ھە؟ ياكى، ئۆزىنىڭ باشقا مەقسىتى بارمۇ؟.." دەيتتى ئۇ خىيالەن.

ـ لۈكسەتمۇ؟ ـ دەپ ئىشىكنى چەكتى يىگىت.

ـ ۋاي ـ ۋاي، رۇخسەت بولمامدىغان، كىر، لو ـ لەڭ. ـ كىرىم ئىلدام ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكنى ئاچتى. خۇماخان ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

ـ ئولتا، ئولتا، ياكشى قىز، ئولتا! ـ دەپ كۈلدى ختاي يىگىتى ۋە ئۆزى مانتىنىڭ گىرۋىگىگە ئولتاردى، ـ سەن كوكىما، مەن شۇ زايىلىنى ھايدايدۇ شۇ.

— رەخمەت، ئوغلۇم. سەن بولمىساڭ، ئۇ ھارىمى بىزنى ئاۋارە قىلاتتى،
— دېدى ئۆز نوۋىتىدە كېرىم.
— ياللاھ... ئۇ مېرەزنىڭ يۇرگەن-تۇرغىنى بالا-قازا! — دەپ لو-لەڭگە چاي سۇندى موماي. لو-لەڭ ئۇيغۇر تىلىنى تەسلىكتە يامداپ، زايىرنىڭ خۇماخاننى ھايداپ كەتمەكچى بولۇپ كېلىشكەنلىگىنى، ئۇلارغا خۇماخاننىڭ بۇ ئۆيدە يوق ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى قايتۇرۇۋەتكەنلىگىنى بايانلىدىدە، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى: — بىزدە يامانى ئاداڭ جىق. سەن شۇب ئۇ ئويلىدە تۇرما. ئاتاڭ-ئاناڭ كېشىگا كەتتى،
— دەپ ئارانلا يامىلاپ ئاياقلاشتۇردى لو-لەڭ.
— بۇ قىلغان ياخشىلىغىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، — دېدى خۇماخان ۋە ئۆزىنىڭ، ۋېلاخۇننىڭ، سەلەينىڭ گۇناھسىز سولاقتا ياتقانلىغىنى ختاي يىگىتكە ئېيتىپ بەردى. خۇماخان سۆزلەيدېكەن، ختاي يىگىتى نەچچە قېتىم "خەي، خەي" دەپ ئورنىدا ئولتىرالماي، غەزەپلىنەتتى.
لەن ئىسىملىك بۇ يىگىت كېيىنكى يىللاردا شىنجاڭغا كۆچۈرۈلگەن كىشىلەر بىلەن جىلىڭ ئۆلكىسىدىن چىققان ئېدى. چاڭچۇڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنى ئەندىلا تۇگەتكەن لو-لەڭنى كورلا شەھىرىدىكى تۇرمىلەر ۋە "ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش" لاگېرلىرىدىكى مەھبۇسلارنىڭ دوختۇرى قىلىپ بەلگۈلەشكەن. ئىككى يىلدىن بۇيان بۇ خىزمەتنى بەجىرىۋاتقان ياش دوختۇر، مەھبۇسلارنى سەممىي ۋە ئىچكىي كۆيۈنۈش بىلەن داۋالايتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىنسانىي پەزىلىتىنى ياقتۇرمىغان ئەمەلدارلار ئۇنىڭغا تەنە-تاپا ۋە تەنقىتلەرنى قىلغان بولسىمۇ، يولىنى تېپىپ، بىچارە مەھكۇملەرگە ياخشىلىق قىلىپ كەلدى. لو-لەڭ مەمۇرلارنىڭ يەرلىك خەلقلەرنىڭ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشىغا، بىھۇدە ئازاپلىشىغا ۋە كەمسىتىشىگە نارازى ئېدى. ئاغزىدا بىر تۇرلۇك، ئەمەلىيەتتا باشقا تۇرلۇك ئىش تۇتۇپ، رەڭۋازلىق قىلىۋاتقان ھۆكۈمەت خادىملىرىغا نەچچە قېتىم ئوچۇق پىكىر ئېيتقانلىغى ئۇچۇن ئۇنى ئوتتۇرغا ئېلىپ، "كۈرەش" قىلىشتى. لېكىن "خىزمەتتە قالدۇرۇپ سىناش" چارىسىنى قوللىنىپ، ئازاپ ئورۇنلىرىدا ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىش بىلەن چەكلىنىشكەن ئېدى. لو-لەڭ مونۇ قوينىڭ قوزىسىدەك مۇلايىم، مەسۇم قىزنىڭ بېشىغا چۈشكەن

كۇلپەتنى ئاڭلىغاندا، شىنجاڭ خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن زۇلۇمنىڭ سالمىقى نەقەدەر ئېغىرلىقى ۋە دەھشەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئەشۇ زۇلۇم سەۋەپچىسىنىڭ بىرسى ئۆزىدەك ھېس قىلاتتىدە، ۋىجدانى ئازاپلىناتتى.
"بىراۋنىڭ يېرىنى ئىگەللە، خەلقىنى ئىدارە قىل، مال ـ مۈلكىنى تارتىپ ئالۇ، يەنە ئۇنى ئاز دەپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىنسانىي ھوقۇقىنى دەپسەندە قىل... ياق، بۇ شەرمەندە، ساختا سىياسەت. بىر كۈنى بولمىسا، بىر كۈنى خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا پاش بولۇپ، رەسۋايى ئالەم بولىشىسەن..." دەيتتى ئىچىدە لو ـ لەڭ.
ـ سەن قوقما، ـ دېدى لو ـ لەڭ ئېغىر كەچۈرمىلەردىن كېيىن، ـ مەن ساڭا ياردەم قىلىدۇ شۇ.
ـ رەخمەت، ئاكا، ـ دەۋەتتى خۇماخان. ئۇنىڭ ئاغزىدىن "ئاكا" دېگەن سۆز تەبىئىي ھالدا چىققان ئىدى.
ـ مەن سېنىنىكى سەلەيدىن خەۋەلى ئالىدۇ، ـ دېدىدە، چىقىپ كەتتى لو ـ لەڭ. ئۇنىڭ ياخشى نەپسىدىنلا ئەمەس، سەممىي مۇئامىلىسىدىن كۆڭلى سۇ ئىچكەن خۇماخاننىڭ روھى كۆتىرىلىپ، كۆڭلى ئېچىلىپ قالدى. ئۇنى بېسىۋالغان غەم ـ غۇسسىلەر تارقالغاندەك بولۇپ، كۆمۈلۈپ قالغان ئارزۇ ـ ئارمان ۋە ھاياتىي ئىشەنچىسى قايتىدىن تىرىلگەندەك بىلىندى. "ئەگەر، ـ دېدى ئۇ ئىچىدە، ـ بۇ يىگىتنىڭ پەئىلى ـ خۇلقى مېنى ئالدىمىسا، دېمەك، خىتايلارنىڭ ھەممىسىلا يامان ئەمەس ئىكەندە... دېمىسىما، ئاددىي خەلقتە نېمە گۇناھ بار؟ ھەممە بالا ـ قازا، ھەممە ئازاپ ـ كۈلپەت ئايرىم باشلىقلاردىنغۇ؟ ئەلۋەتتە باشلىقلاردىن..."
ـ چاي ئىچسەڭچۇ، قىزىم، ـ دېدى مېھرىۋانلىق بىلەن موماي.
ـ رەخمەت، ئانىكا. مەن شۇ تاپتا ئۆزەمنى توي ـ مەرىكىدە ئولتارغاندەكلا ھېس قىلىمەن. مېنىڭ بەختىمگە خوشناڭلار ياخشى ئادەم كۆرۈنىدۇ. ـ خوشاللىقىنى يوشۇرالمىدى خۇماخان. ئۇ سەلەي سولانغاندىن بۇيان شۇ تاپتىكىدەك كۆڭلى ئوچۇق ـ يورۇق ئولتارمىغان ئىدى.
ـ قىش كېتىدۇ ـ ياز كېلىدۇ دېگەندەك، بىزنىڭمۇ باھارىمىز كېلىپ قالار، قىزىم، ـ دېدى كېرىم خۇماخاننىڭ كۆڭۈل خۇشلىقىنى ئاۋۇتۇپ.
لو ـ لەڭ يەنە كىرىپ كەلدىدە، قەغەزگە بولانغان بىر نەرسىنى جوزىغا

قويۇپ ئېچىۋېدى: بەش جىڭموما، ئۇنچە كورلا نەشپۈتى، ئازراق خىتاي شېكىرى كۆزلەرگە توتىيادەك چېلىقىپ كەتتى.

ــ كورلىدا تۇرۇپ، كورلا نەشپۈتىنى كۆرەلمەيمىزا! ــ دېدىدە، نەشپۈتتىن بىر داننى ئېلىپ كۆزىگە سۈرتتى موماي.

ــ ئال، قىز، ئال. يە ــ يە! ــ دەپ زورلىدى لو ــ لەڭ، خۇماخان تارتىنمىدى، نەشپۈتتىن ئالدى.

لو ــ لەڭ خۇماخاننىڭ كۆڭلىنى كۆتەرمەك بولدىمۇ، شەرەت ــ ئىشارە ئارىلاش كورلىغا كەلگەندىن بۇيان كۆرگەن ــ بىلگەنلىرىنى، خۇسۇسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئويۇن ــ تاماشىغا ھېرىس، سۆز ــ نەغمىلەرگە باي ۋە چېۋەرلىگىنى ماختاپ كەتتى. بويى پاكاغىنا، بادام قاپاق، ئېقىللىق كۆزلىرى چاقناپ، چىرايى كۈلۈپلا تۇرىدىغان لو ــ لەڭنىڭ دىلكەشلىگىگە قايىل بولغان خۇماخان، ئۇنىڭغا نېمە دەپ رەخمەت ئېيتىپ، رازى قىلىشنى بىلمەي قالدى.

ــ كۈندە تۇغۇلۇپ، كۈندە ئۆلەمدۇق... كەل خوتۇن، بىر پەس بولسىمۇ كۆڭەل خۇشلىغى ئەلا! ــ دېدىدە، مومايىنى تارتىپ ئوتتۇرغا چۈشتى كېرىم بوۋاي. "بەللى، بەللى" دەپ چاۋاك چالاتتى لو ــ لەڭ.

بېشىڭدا ئېسىل تاجىڭ،  
ئادەملەر بولسا ناجىڭ،  
دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىدا،  
ھەرگىز ئېگىلمەس باشىڭ...

كېيىنكى يىللاردا غەم ــ غۇسسە، قايغۇ ــ ھەسرەت، ئاچ ــ زېرىنلىق ۋە خارابىي چۈشكۈنلۈك ھۆكۈم سۈرگەن بۇ ئۆيدە، قارا بوراندىن كېيىن ئاپتاپ چىققاندەك، خوشاللىق چىرىغى چاقناپ، بىر مەھەل بولسىمۇ، كۆڭۈل شاتلىغى ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى...

*  *  *

ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بۇيان ۋاڭلىنىڭ پۇشقىغىغا پىشت چۇشۇپ، بىر ئورۇندا ئولتىرالماس بولۇپ قالدى. مىللىي زۇلۇم ۋە ھاقارەت، مۇھتاجلىق ۋە خانىۋەيرانچىلىقتا قارشى جىددىي نارازىلىقنى ئىپادىلەيدىغان ۋەرەقىلەرنىڭ ھەر جايلارغا چاپلىنىشى ھەمدە "باشلىقلار" ئادرېسىغا يېزىلغان ھاجۋىي خەتلەرنىڭ كۆپىيىشى ۋاڭلىغا ئوخشىغان سىياسىي مەھكىمە مەسئۇللىرىنىڭ قۇيقا چېچىنى تىك تۇرغۇزۇشقا باشلىدى. خۇسۇسەن، شۇنچە كەسكىن چارىلەر قوللىنىۋاتسىمۇ، "ئىغۋا" ئاۋتورلىرىنىڭ تورغا چۈشمىگەنلىكى ئۇنىڭ ئەسەبلىرىنى قوزغاپ، خېلىلا مەڭدەتتىپ قويغان ئىدى. يۇقارقى ئورۇنلار بۇ مەسىلىدە ۋاڭلىنى "سىياسىي سەزگۈرلىكى بوش، تەدبىرچان ئەمەس"، دەپ ئەيىپلەش بىلەن سۆكۈش بېرىشكەن ۋە سىياسىي ھوشيارلىقنى ئارتتۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى قاتتىق ئەسكەرتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قول ئاستىدىكى خادىملىرى ۋە زايىرغا ئوخشىغان جاسۇسلىرىنى غالجىر ئىشت ئوخشاش تالاپ، بەزىلىرىگە مەمۇرىي چارىلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، تەلەپكە لايىق نەتىجە چىقىرالماي، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگەندەك ھالەتكە يەتكەندى. ۋاڭلىنىڭ پەيكارىنى پۇر قىلغان يەنە بىر نەرسە ــ سولاقتىن قاچقانلارنىڭ قولغا چۈشمەسلىگى بولدى.

ۋېلاخۇن باشلىق بەش نەپەر كىشىنىڭ چېگارىدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ كېتىشى، سوۋېتلەر سويۇزىدا ئۇلارنىڭ ئىنسانىي خەيرىخاھلىقتا مۇيەسسەر بولۇپ، شەخسىي ئەركىنلىككە نائىل بولۇشى، ۋاڭلىنىڭ رەزىل غەزەپلىرىنى بىت ـ چىت قىلىۋەتتى. قۇياش نۇرىنىمۇ يەرلىك خەلقتىن قىزغىنىدىغان، ئىلاجىسى بولسا ھاۋانىمۇ "ئۆلچەم" قىلغۇسى بار ۋاڭلى ئوخشىغان سىياسىي مەمۇرنىڭ ئىنسان ئەركىگە غىجغىي كېلەتتى، ئەلۋەتتە!

شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەزىپىنى ئورۇندالمىغان زايىرنى ئاندىن تۇغما يالىڭاچلاپ، مۇز كامېرىغا ئىككى كۈن سولىغاندىن كېيىن ھوزۇرىغا چاقىرتتى.

ــ سەن سامان قوساق، ــ ئوق ئىلاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ۋاڭلى، زايىر پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ، ــ سەندەك ئېشەكنى خىزمەتكە سالغان مەنمۇ ئاخماق.

ـ يوقال! ـ دەپ زايىرنىڭ يۈزىگە شالاققىدە تۈكەردى ۋە يوتىسىغا تەپتى. زايىر گەپ ـ سۆز قىلماي، سوقچىيغان پېتى چىقىپ كەتتى.

ـ "ئىشەك، ھەممىڭ بىر خىل ئىشەك!" ـ دېدى ۋاڭلى ئىچىدە ۋە ئۈستەل ئۈستىدىكى كونۇپكىنى بېسىۋېدى، ھايال قىلماي، سەلەينى كېيىنكى قېتىم سوراققا ئالغان تېرگاۋچى كىرىپ كەلدى.

ـ ئولتا! ـ دېدى ئۇ كىنايە ئارىلاش. تېرگاۋچى ئەيمىنىپ ئولتارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ: ـ ئاخىرقى ئاخبارەتنى بەرگىن!

ـ دەپ قوشۇپ قويدى.

ـ نېمە دېسەم بولىدىكىن... ـ ئىنجىقلاپ قالدى تېرگاۋچى، چۈنكى ئۇنىڭ جاسۇسلىرى ۋەرەقىلەر ھەققىدە تۈتامغا چىققىدەك مەلۇمات بېرىشەلمىگەن ئىدى.

ـ دېمەك، ـ دېدى ۋاڭلى سوغ كۈلۈپ، ـ بۇ ۋەرەقىلەرنى ئاسماندىكى پېرىشتەلەر تاشلاپتۇدە؟

ـ بىلمىدىم، كوجاڭ...تەقىپنى شۇنچە كۈچەيتسەكمۇ...

ـ ئاجىزلىق قىلىۋاتىمىز، دېگىن! ـ سوراقچىنىڭ پىكرىنى ئۆزى داۋاملاشتۇردى ۋاڭلى.

ـ توغرىسىنى ئېيتسام ـ شۇنداق. قانچە كەسكىن چارىلەرنى قوللانساقمۇ، مىللىي غۇرۇرنى يوق قىلىش مۇشكۇل ئوخشايدۇ...

ـ ياق، ئۇنداق ئەمەس! ـ دەپ ئاچچىق ۋاقىراۋەتتى ۋاڭلى ۋە بۆلمىنى چاقپىلەكتەك بىر پىقىراپ چىققاندىن كېيىن، قولىنى يەلكىسىگە ئېلىپ، يېرىم ئېگىلىدە، سوراقچىغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

ـ ئەنە قۇراللىق قوشۇن، ئەنە ساقچى ئەسكەرلەر ھازىر تۇرۇپتۇ... ھاكىمىيەت قولىمىزدا، يەنە قانداق قىلىپ ئاجىز بولماقچىسىز؟ راستلا،

ـ دېدى خىيالى ھەريان چېچىلىپ تۇرغان ۋاڭلى بىردىن باشقا مەسىلىگە يۆتكىلىپ، ـ زايىر فەينى كۆزدىن يوقىتىشقا قانداق قارايسىز؟

ـ بۇ مەسىلە ئۈستىدە چوڭقۇرراق مۇلاھىزە قىلساق ياخشى بولارمىكىن،

ـ دەپ جاۋاپ بەردى تېرگاۋچى خېلە ئويلىنىپ ئولتارغاندىن كېيىن.

ـ ئۇ ئىشەكنىڭ پايدىسى چاغلىق بولۇپ قالدى.

ـ ئۇ بىزگە چەكسىز سادىق كىشىغۇ؟

— خې، — سوغ كۈلدى ۋاڭلى، — سادده دىل بولماڭ. يەرلىك خەلق ئىچىدە "چەكسىز سادىق" ئادەم چىقىدۇ دەپ خام خىيال قىلماڭ. ئۇلار مەجبۇرىيەت ئاستىدا بىزنىڭ سازغا ئۇسسۇل ئويناپدۇ، بىلەمسىز؟

— زايىر ئىرادىسىز مەخلۇق. ئۇنىڭدا مىللىي غۇرۇر ۋە سېزىم دېگەن نەرسىنىڭ يوقلىقىغا ئىشىنىمەن.

— ماقۇل، ماقۇل. ئۇ ھازىرچە تۇرۇپ تۇرسۇن، ۋاقتىدا كۆرەرمىز...

تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى ۋاڭلىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇنىڭ قولىغى تېلېفون تروبكىسىغا تېگىشى بىلەن رەڭگى ئۆچۈپ كەتتى. ئۇ "شى، شى..." دەپ بېشىنى لىڭشىتاتتى. ئاندىن تېلېفون تروبكىسىنى قويۇپ، پېشانىسىنى قولىنىڭ دۈشى بىلەن سۈرتتى ۋە يۇمشاق ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. تېرگاۋچى ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىمىدى ۋە سوراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماتتى، ئەلۋەتتە. بىر مەھەل ۋاڭلىنىڭ ئادەمنى يەپ تۇرىدىغان سۈرلۈك ئىش بۆلمىسىنى ئېغىر سۈكۈنات بېسىۋالدى. ئۆكۈپ، تاتىرىپ ئولتارغان ۋاڭلى زۇۋان چىقىرار ئەمەس. نە چىقىپ كېتەرىنى، نە ئولتىرارىنى بىلمەي قالغان تېرگاۋچى بىر-ئىككى قېتىم تاماق قىرىپ يالغان يۆتەلدىدە، ئاستا ئۆلۈم خەۋىرىنى سورايدىغاندەك تاۋۇشتا:

— بىرەر كۆڭۈلسىز خەۋەر...

— ھە-ئە، ھە-ھە! — تېرگاۋچىنىڭ سۆزىنى بۆلدى ۋاڭلى ۋە شارتتىدە مىشقارغاندىن كېيىن، — قاچقۇنلارنى چېگارىدىن ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىمىزنى يۇقۇرى ئەيىپلەيدۇ. بىلەمسىز، بۇ قانچىلىك سىياسىي خاتالىق ئىكەنلىگىنى؟ چەت ئەلگە ئادەم تۇرماق، قارغىنىمۇ ئۆتكەزمەسلىك كېرەك! ئەگەر بىزدىن چەتكە ئادەم قاچىدىكەن...

ۋاڭلى ئاچچىق ھەسرەتتە ئېيتىشقا بولمايدىغان، پەقەتلا دەرىجە بويىچە مەخپىي ساقلىنىدىغان سىرنى بايان قىلىشقا تاسلا قالدى. ئۇ ئەسلىدە "چېگارىدىن قېچىپ ئۆتكەن بىر كىشى بىردىن سىرنى پاش قىلسا، دۆلەت ئابرويىمىز تۆكۈلىدۇ، ئاغزىمىزدىن چىققان سۆز ئەمەلىيىتىمىزغا قايچى بولۇپ، سىرىمىز پاش بولىدۇ..." دېمەكچى ئېدى. تېرگاۋچى خىزمەت دەرىجىسىگە مۇۋاپىق بۇ خىل نازۇك سىرنى بىلىشكە "ھوقۇقى"

يوق بولسىمۇ، ھەممە بولىۋاتقان رەزىللىكلەرنىڭ ئىجرا بولۇشىدا مۇھىم ئورۇننى تۇتقانلىقتىن باشلىغىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ يۇقۇرىنىمۇ، تۆۋەننىمۇ رازى قىلىش مەقسىتىدە تۆۋەندىكى پىكىرنى ئېيتتى:

– گېزىت، رادىئولاردا: بىر تۈركۈم ئەكسىل ھەرىكەتچىلەر ئاغدۇرۇش ھەرىكىتىنى يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن قولغا ئېلىندى. ۋىلاخۇن باشلىق بەش نەپىرى تورغا چۈشمەي، دۆلەت چېگارىسىزدىن ئۆتۈپ كەتتى...

– توختاڭ، توختاڭ – دەپ تېرگاۋچىنى پىكرىنى بۆلدى ۋاڭلى. ئۇنىڭ پىكرى يورۇغاندەك قىلدى. – سەلەينى بۇ ئەنزىگە باشچى قىلىپ چىقىش لازىم بولار، ھە؟

– مەنمۇ شۇنى دېمەكچى ئىدىم، – دېدى ئالدىراش تېرگاۋچى.

– ئۇ ھالدا سوراق يۈنۈلۈشى باشقا ئىزغا چۈشىدۇدە؟

– ئەلۋەتتە.

– ئاددىي نەرسىنى ئۇستىگە ئالماي ياتقان جاھىل سەلەي، چوڭ "قالپاقنى" كىيەرمۇ؟

– ئۇ تەرپىنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ. بۇ ھەقتە نۇرغۇن تەجرىبە – ساۋاقلار بارغۇ؛ لايىغىنى ئىشلىتىمەن، – دېدى تېرگاۋچى.

– دەرھال ھەرىكەت قىلىڭ.

– يۇقۇرىغا ۋە گېزىت–رادىئولارغا بېرىلگۈچى ئاخباراتنى بېرىۋېتىشكە بولار؟

– مۇمكىن.

– چىقىشقا رۇخسەت قىلىڭ.

– توختاڭ، – دېدى ئويلىنىپ قالغان ۋاڭلى – ھېلىقى قىزچاق...

– خۇماخان.

– ئۇنى قاتتىق نازارەت قىلىش لازىم. كىملەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ، كىملەرگە بارىدىغانلىغىنى ئېنىقلاپ تۇرۇڭ!

– خوپ.

– ۋىلاخۇننىڭ ئائىلى چىمەننى باللىق ئائىللار لاگىرىدا تۇتۇش لازىم. ئۇ خىل كىشىلەرگە شەپقەت يوق، چۈشىنىشلىكمۇ؟

– چۈشىنىشلىك.

ـ بالىسنى ئايرىۋېتىڭ. بۆرىنىڭ كۈچىگى بۆرە بولۇپ ئۆسىدىسۇن. ئۇنى ئۆزىمىز باشقىچە ئادەم قىلىپ تەربىيىلەيمىز.

ـ ئۇقۇشلۇق.

ـ ئىشىڭىزغا بېرىڭ.

ـ خوپ! ـ چېىست بېرىپ چىقىپ كەتتى تېرگاۋچى.

## VII باب

لو ـ لەڭنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن خۇماخانىنىڭ تەشۋىشى بارغانچە كۈچەيدى. قېرىشقاندەك، كېرىم باققال بىلەن خېلىچېخان ئايالىمۇ بۈگۈن كەچ قالدى. تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئۇلارنى قەيەرگىدۇر، شەھەرنىڭ سىرتىغا ئىشقا هايداپ كېتىشكەن ئىدى. بۈگۈن ئەتىگەنىرەك قايتىپ كېلىمەن دېگەن لو ـ لەڭمۇ تېخىچە يوق. خۇماخان كوچىغا چىقىپ، بىر قاتار ئايلىنىپ كەلمەكمۇ بولدى، لېكىن لو ـ لەڭنىڭ: "ئېھتىيات بول، كىشىلەرنىڭ، خۇسۇسەن ئىشىك مارىلاپ يۈرىدىغان پايلاقچىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالما"، ـ دېگەنلىرىنى ئەسلەپ، بوسۇغىدىن ئاتلىمىدى. ئەمما، دۇنيادا كۈتۈشتىن ئېغىر نەرسە بولمىغاچقا، خۇماخانىنىڭ تاقىتى تاق بولغان ئىدى.

"گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ" دېگەندەك، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن نەچچە تۈرلۈك گۇمانلار كېچىپ، تەۋككۇلگە قاچماقمۇ بولۇپ، يەنە سەۋر قىلىشقا مەجبۇر بولدى... كىم بىلىدۇ، مونۇ ئاغزى مايلىق، مۇئامىلىسى سىلىق خىتاي بالىسى ئۇنىڭغا چوڭىراق خىيانەت قىلىش نىيىتىدە يۈرەمدۇ؟ بوۋاي بىلەن مومايىنىمۇ ئەتەي باشقا ياققا ئەۋەتىۋەتتىمۇ؟ بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئادەمگە ئىشىنىپ بولامدۇ؟ ھەر ھالدا ئېھتىياتلىق كېرەكتە! بۇ گۇمان ـ ئەندىشىلىك خىياللار چۇلغاۋالغان چاغدا، ئۇنىڭدا تەشۋىش ۋە ئۇمۇتسىزلىك پەيدا بولاتتىدە، ئۆزىنى يوشۇرار جاي تاپالمىغاندەك سېزىلەتتى. تۈرۈپلا كۆڭلىدە ئىشەنچ تۇغۇلۇپ، ۋۇجۇدىدا غەيرەت ۋە

قەتئىيلىك ھاسىل بولاتتى. "ياق، ئۇ يىگىتتىن گۇمان قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇ يامان خىتايلاردىن ئەمەس. ئۇنى قارا ساناش ئۇيات... ئۇ ۋەدىسى بويىچە ماڭا ياردەم قىلىدۇ، ئىشىنىمەن... ئۇنى كۈتۈش كېرەك..." دەپ پىچىرلايتتى خۇماخان ۋە يەنە كۈتمەك بولاتتى.

شۇ بىر كۈن ئىچىدە ھاۋا رايى ئۆزگەرگەندەك، خۇماخاننىڭ كەيپىياتى نەچچە خىل بولۇپ تۇردى. مانا ھازىر چىراقمۇ يېقىشنى ئەستىن چىقارغان خۇماخان، ئۆي ئىچىدە راۋاپ سازىغا تەڭكەش ناخشا سادىسىنى ياڭراتماقتا. بۇ سادا ـ قەلبى تارىنىڭ ساداسى، كۆڭۈل رىشتىنىڭ نالىسى ئىدى. بەلكىم، خۇماخاننىڭ ئاغزى ئەمەس، ۋىجدانى سۆزلەۋاتقاچقىمىكىن، ئۇنىڭ پىغانىدىن تام ـ تورۇسلار تىترىگەندەك بولاتتى.

كەلدى ئەلگە يۈز مىڭ جاپا،
نە تېپىلغاي نانۇ ـ تۇز.
ئەگەر ئۆلسە كۆمەككە يوقتۇر،
نە بورىيا، ئالقانچە بوز...

خۇماخاننىڭ غەزىلىنى لو ـ لەڭ بۆلۈۋەتتى. ئۇ ناخشىنى تالادىنلا ئاڭلاپ، قوش ـ قوۋۇقنى تاقىلداتمايلا، تامدىن ئارتىلىپ چۈشتى ۋە پەنجىر تۈۋىگە كېلىپ، بىر دەم تىڭشاپ تۇردىدە، ئۆزىنى توختىتىۋالالماي، "بالىكاللا" ـ دەۋەتتى.

ـ چىلاكى، چىلاكى ياقىدۇ ياكىشى! ـ دېدىدە، ئۆزى سەرەڭگە چېقىپ چىراقنى ياقتى.

ـ كېچىكتىڭىزغۇ، لو ـ لەڭ؟

ـ ھەي... شۇ، چاتاكى جىق، ـ دەپ يەرنى بىر تەپتىدە، قولىدىكى بولاقلارنى قازان بېشىغا قويدى. ـ سەن كوكدىمۇ؟

ـ ياق، قوقمىدىم، ئەنسىرىدىم.

لو ـ لەڭ نېمىنىدۇر دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن سۆز قىلماي، قىسىلغاندەك تۇرۇپ قالدى.

لو ـ لەڭنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن ۋە ئۇنىڭدىن سەلەينىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاشنى ئۈمۈت قىلغان خۇماخان ئۇنىڭدىكى ئۆزگۈرۈشنى سېزىپ، كۆڭلى غەش بولغان ئىدى.

ـ سەن خاپا بولما، مەن ئەرتە سەلەينى بىلىدۇ...

بۈگۈن كەچكىرگىچە پۈت ـ قولى يەرگە تەگمەي ئىشلىگەن لو ـ لەڭ خۇماخانغا بەرگەن ۋەدىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى. ئۇ بىچارىمۇ قانداق قىلسۇن، باشلىغىنىڭ بۇيرۇغىنى يىرالمايدۇ-دە! كېيىنكى كۈنلەردە يېڭى "مېھمانلار" بىلەن تولغان زىندان ئىچىدە قوساق ئاغرىغى ۋە كېزىك كېسىلى كۆپىيىپ، مەھبۇسلار غازاڭدەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئاۋال ئات ئېغىلى، ھازىر بولسا، زىنداننىڭ كېسەلخانىسى ئۈچ بۆلمىلىك داۋالاش ئۆيىدە ئاياق دەسسەپ تۇرغىدەك ئورۇن يوق. ئۈستى ـ ئۈستىگە، سەرجان تىزغاندەك، گىرەلىشىپ ياتقان كېسەللەر. ئىككى ھەمشىرە بىلەن يالغۇز لو ـ لەڭ بۇ كېسەللەرگە لايىغىدا دورا بېرىپ داۋالاش بۇ ياقتا تۇرسۇن، باشلىق ۋە سوراقچىلارنىڭ تەلىۋى بويىچە: ئۆلگەنلەر ئۈستىدىكى ئانكېتنى يېزىش بىلەن بەنت ئىدى.

بۇ كىچىككىنە كەسەلخانا ئەسلىدە سوراقتا تارتىلىپ، قىيناش ئازاۋىنى تارتقانلارنىڭ جاراھەتلىرىنى ياكى بولمىسا ئۇلارنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ، ياڭلىۋاشتىن سوئال ـ سوراق جايىغا ئەۋەتىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ئىدى. مابادا، كېسەللەر ئىچىدە تېخى سوراقتا تارتىلمىغانلىرى بولسا، ئۇلارنى داۋالاش ۋە چاپسانىراق "سايرىتىش" ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلەتتى. قىسقىسى: تىببىي ياردەم كېسەلگە نىسبەتەن تېۋىپنىڭ بىرىنچى ئىنسانىي خائىشى بىلەن ئەمەس، سىياسىي تەلەپ ۋە باشلىقلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلەتتى.

بۈگۈن ئادەتتىكى كۈنلەردىن كۆپ ئۆلگەن مەھبۇسلارنىڭ ھۆججەتلىرىنى "توغرىلاش" بىلەن بەنت بولغان لو ـ لەڭ ھېچ نەگە بۇلجىيالمىدى. سوراقلىرى تېخى ئاياقلاشماي، قىيىن ـ قىستاق ئۈستىدە ئۆلگەن سەككىز نەپەر ئادەمنىڭ ئاكتىسىنى لايىغىدا ـ سىياسەت، ۋەزىيەتكە توغرىلاپ يېزىش ئۈچۈن، تىببىي دەلىللەر لازىم بولۇپ، ئۇنى لو ـ لەڭ تۈزەپ چىقىش لازىمدە! ئەلۋەتتە، مۇناسىپ ئويدۇرمىلار سوراقچىلار تەرىپىدىن

توقۇلۇپ چىقىسمۇ، "ساقايماس كېسەلگە" دۇچار بولغان، "كونا كېسەل" دېگەن ئىبارىلەر ۋە ئۇلارنىڭ تېبىبىي تۈرلىرىنى ئويلاپ تېپىش لو ـ لەگنىڭ مەجبۇرىيىتى ئەمەسمۇ! ساپ ھاۋادا ئەركىن مەيشەت كەچۈرۈپ، ئائىلەۋىي پاراغەت لەززىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن ھالال ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن يەرلىك خەلق پەرزەندلىرىنى بىگۇناھ قاراڭغۇ زىندانلارغا تاشلاپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا تۈرلۈك ـ تۈمەن ياسالما "قالپاقلار"نى كىيگۈزۈپ، ئەيىپلەرنى ئارتىش ئۈچۈن ۋەھشىيانە قىيناش، جازالاشلارنىڭ گۇۋاچىسى بولۇش لو ـ لەڭ ئۈچۈن شۇنچىلىك دەھشەتلىك ئېغىر ئازاپ ۋە جىنايەت سېزىلەتتى. ئامال قانچە، باش تارتىشقا ئۇنىڭ چامى كەلمەتتى. لېكىن ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇندتا قەلبىگە يىڭنە سانچىغاندەك ئازاپ ئىچىدە ياشاتتى ئۇ. لو ـ لەڭ ئىلاجى بار كېسەللەرنى ساقايتىش، ئۇلارنى ئۆرە تۇرغۇزۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن چارىلارنى قىلىپ كۆرەتتى.

مانا بۈگۈن لو ـ لەڭ روھىي جەھەتتىن ئىنتايىن ھارغان ھالەتتە ياتىغىغا قايتقان ئىدى. شۇڭا ئوچۇق ـ يورۇقىنا سۆزلىششكە كۆڭلى تارتماتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئەتىدىن قالدۇرماي سەلەينىڭ خەۋىرىنى بىلىپ كېلىشنى ۋەدە قىلدىدە، لاتا خالتىسىدىن ئۈچ جىڭمۇما، بىر زاغرا نان، بىر قۇتا بېلىق يېغىنى ئېلىپ، خۇماخاننىڭ ئالدىغا قويدى.

ـ ئال، موشۇ ياكىشى، ـ دەپ بېلىق يېغىنى كۆرسەتتى.

ـ ياق ـ ياق، ئۆزىڭىز يەڭ، ـ دەپ رەت قىلدى قىز. ـ ئۆلچەم نېنىڭىزنى ماڭا بېرىۋېتىپ، ئۆزىڭىز ئاچ كالماقچىمۇ؟

ـ ئال، مەن يەنە تا ـ پى ـ دۇ. ـ لو ـ لەڭ "تاپىدۇ" دېگەن ئىبارىنى ئېيتقاندا، يۈزى قىزىرىپ كەتتى. چۈنكى ئۆلچەم ئاشلىق بېرىشتە پەرىق بولىدىغان. يەرلىك خەلقلەردىن كۆرە ئىچكىرىدىن كەلگەن "لوداگىلار"غا ئېتىۋار بېرىلگەچكە، ئۇلار ئۆلچەمنىڭ سىرتىدا تەمىنلەتتى. ئۇنىڭ سىرتىدا مالىيە ـ تەمىنات ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسى ئەشۇ لوداگىلار قولىدا بولغاچقا، "ئارقا ئىشىكلەر" ئۇلار ئۈچۈن كەڭ ئوچۇق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل ئادالەتسىزلىككە نەپرەت بىلەن قارايدىغان لو ـ لەڭ ئوخشىغان كىشىلەر ئاشلىقنى ئىشلەپ تاپقان يەرلىك خەلقتىن كۆرە پاراۋەن ياشىغىنىغا خىجالەت بولۇشىدىغان. مۇنداقلارنىڭ پېشانىسىغا شۇ

مەزگىللەردە خەلق ئىچىگە كەڭ تارالغان مونۇ تۆۋەندىكىدەك غەزەل قوشاقلار گۇۋا بولاتتى .
جاندىن ئۆتۈپ كەتتىڭغۇ ،
كوممۇنىنىڭ ئازاۋى .
كۇندىن ـ كۇنگە ئاشماقتا ،
جاڭگۇدىلارئازاۋى . . .

ـ رەخمەت ، ھېلىما سىز ئۆز نەپسىڭىزدىن كېچىپ ، مېنى بېقىۋاتىسىز ، ـ دېدى خۇماخان .
ـ ماۋۇ مايى ، ـ دېدى لو ـ لەڭ ، ـ كان تولا ـ تولا ، ھە ، ھە ، ساڭا كۇچ بولىدۇ ، ئال .
خۇماخان لو ـ لەڭ بەرگەن نەرسىلەرنى ناھايىتى خىجالەتچىلىك بىلەن قوبۇل قىلدى . لو ـ لەڭنىڭ خۇماخانغا بولغان مۇناسىۋىتىدە يالغۇز كۆيۈنۈش ، ئېچىنىشلا بولۇپ قالماي ، سەمىمىي خائىش ۋە تىلەكداشلىق ئەكىس ئېتىپ تۇرغاچقا ، خۇماخاندا بۇ يىگىتكە نىسبەتەن ئىشەنچ تىكلەنگەن ئىدى . شۇڭا ، لو ـ لەڭدىن ھېيىقماي ، كۆڭلىدىكىنى ئېيتىشقا قارار قىلدى .
ـ مەن يېزىغا بېرىپ كېلەي دېۋىدىم .
ـ نېمە؟! ـ چۆچۈپ كەتتى لو ـ لەڭ . ـ زايىلى يامان...سەن شۇ ھازىلى بالىما ـ دېدى يىلىنغان ھالدا ۋە ھازىرقى كەسكىن ۋەزىيەتنى ، "گۇمانلىق" دەپ سانالغان كىشىلەرنى تۇتقۇنغا ئېلىۋاتقانلىقىنى ، يۇقۇرىدىن زىندان ۋە "ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش" ئورۇنلىرىنى كۆپەيتىشكە يول ـ يورۇق كەلگەنلىكىنى ، ئەڭ ئاخىرىداۋېلاخۇنلارنىڭ چېگارىدىن ئۆتۈپ كېتىشى ، خۇماخان ھەم ئۇنىڭ يېزىلىقلىرى ئۈچۈن خەتەرلىك ئېكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ ، مونۇ پىكىرنى ئېيتتى:
ـ سەن ھازىلى تالاغا چىقما . كېيىن نېمە بولىدۇ ، قالايمىز ، ـ دېدى .
ـ مەن ، ـ دېدى خۇماخان ، ـ ئاكام ئورنىدا بولغان ۋېلاخۇننىڭ يولدىشى چىمەن ئاچامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسام بولمايدۇ . ئىلاجى بولسا ، ئۇنى بالىسى بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كېلەي دەيمەن .
ـ ياق ، ياق بولمايدۇ . ـ ئۇنىمىدى لو ـ لەڭ .

ئۇلار شۇ مەسىلە ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتقاندا، كېرىم بوۋاي بىلەن خېلىچە ئايلام دەلدەڭلەپ، جوزا يېنىغا كېلىپ ئولتاردىدە، خۇددى داۋان ئاشقاندائەك، چوڭقۇر ئۇھ تارتقاندىن كېيىن:

ــ تارتمىغان موشۇ كۈلپەت قالسا كېرەك، خۇدايىم... ــ دەپ زارلاندى.

ــ ئۇسسۇزلۇق ئىچەمسەن، ئانىكا؟ بۈگۈن ئىغىر ئىشقا سالغان ئوخشىمامدۇ؟ ــ دەر سورىدى خۇماخان ۋە موماينىڭ جاۋاۋىنى كۈتمەي، كومزەكتىكى سوغ چايدىن ئىككى ھېجىرغا قۇيۇپ، كېرىم بىلەن خېلىچە ئايلامغا سۇندى.

ــ سوراپ نىمە قىلاتتىڭ قىزىم، ــ دەپ باشلىدى كېرىم، سوغ چاينى ئىچىپ بولۇپ، ئولتارغاندىن كېيىن، ــ سۆزلىمىسەڭ قوساق كۆپىدۇ...

ــ ساڭما تۈزۈككىنە قارالمىدۇق، قىزىم. قانداق زامان بولۇپ كەتتىكىن تاڭ، ئادەم ــ ئادەمدىن كۆڭۈل سورالمىسا، ــ دىدى خېلىچە ئايلام كېرىمنىڭ گېپىگە ئۇلاشتۇرۇپ.

ــ ئىسسىق باغرىڭلاردا ئاسراۋاتىسلەر، يەنە نىمە قىلماقچىدىڭلار؟ ــ دىدى خۇماخان ۋە لو ــ لەڭنىڭ كۆرسىتىپ، ــ بۇ يىگىت ھالىمغا قەۋەتلا يېتىۋاتىدۇ.

ــ شۇنى دىسەڭ، قىزىم. بۇ بالىنى خۇدايىم ئۆزى يەتكۈزگەن. مۇسۇلمان تۇرۇپ ھېلىقى تۇدى پەس بىزنىڭ ئۈستىمىزدە تۇرۇۋېلىپ، نىمە ئازاپلارنى سېلىۋاتىدۇ. يائاللاھ...

ــ شۇنىڭ ئىتىنى ئاتىمىساڭ، خوتۇن. باشلىق بولغاندىكى، ھەر نىمە دىسە شۇنىڭ توغرىدە!

ــ توغرىسى قۇرسۇن. بىزدەك قېرى ــ چۆرىلەرگىمۇ ئارام يوق. خۇددى ئىشەكلەردەك ئىشلىتىدۇ. ئادەمنى سۆرەمگە سالدى دىگەن نەدە بارىكىن؟

ــ هاي ــ هاي... يەنە باشلىدىڭغۇ. بىرسى ئاڭلاپ قالمىسۇن يەنە، ــ دەپ پەنجىرىگە قاراپ قويىدى كېرىم. ــ بۇ كۈندە تۆت تامدىنما زۇۋان چىقىدۇ، بايقاپ سۆزلە!

خېلىچە ئايلامنىڭ زەردىسى راست ئىدى. بۈگۈن قېرىلارنىڭ تولىسىنى سۆرەم تارتىشقا سېلىپ، ياشلار كەتمەن بىلەن يەر قېزىشتى. سۆرەم تارتىشتىن باش تارتقان ئۈچ ــ تۆت كىشىنى ئوتتۇرىغا ئىلىشىپ،

"تەنقىت" قىلىشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۈچ كۆڭلۈك تەمىناتىنى بەرمەسكە قارار قىلىشقان.

ــ ئاتىكا، مەن مەھەللىگە بىرىپ كەلمەكچىمەن. ھازىرلا يولغا چىقاي دەيمەن...

ــ نېمە دېدىڭ، قىزىم؟ ۋاي ئالليەي... جۆيلۈپ قالدىڭما؟ ــ چۆچۈپ كەتتى موماي.

ــ ھازىرچە بۇ پەيلىڭدىن يانساڭ بولامىكىن، قىزىم؟ زامانەڭ مۇنداق تۇرغاندا، مېڭىش ــ تۇرۇشىنىمۇ ئويلاپ باسقان ياخشى بولار.

ــ ئۇغۇ شۇنداققۇ، ئاتتىكا، ــ دېدى كېرىمنىڭ سۆزىگە رەدىيە بىرىپ خۇماخان، ــ خۇدا دەپ ياتقانغا بەرمەس. چىمەن ئاچامنى يالغۇز تاشلاۋەتسەك، ئىنساپتىن بولماس.

ئۆي ــ ئىچىنى بىر دەم جىم ــ جىتلىق باستى. بۇ جىم ــ جىتلىق ئېغىر، ئادەم بالىسى كۆتىرەرلىك دەرىجىدىن بىتەر ئەلەم ــ ھەسرەت جىم ــ جىتلىقى ئىدى. ئىجىل ۋە قۇۋۋالىشىپ ئۆسكەن قوم ــ قېرىنداش، يارى ــ دوستلىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈنلەر ئۇلارنى ھەر ياققا سەرسان قىلىپ، خانۇ ــ ۋەيران قىلغان ئەمەسمىدى؟ شۇ قارا كۈنلەردە ئەڭ بولمىغاندا بىر ــ بىرىنىڭ ھالىنى سوراپ، بېشىنى سىيپىغاندىن ئۇلۇغ مەدەت تېپىلغايمۇ؟ خۇماخاننىڭ سەلەيدىن خەۋەر ئالمىغىچە كەتكۈسى بولمىسىمۇ بېشىغا تاغدىن ئېغىر كۈلپەت چۈشكەن دوستى، ئاچىسى چىمەننى يالغۇز تاشلاشقىمۇ كۆڭلى ئۇنىمىدى.

كېرىم بىلەن خېلىچە ئايلام بۇنى ياخشى چۈشىنىدۇ، لېكىن مونۇ قىزنى خەتەرلىك سەپەرگە دەۋەت قىلىپ بولامدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى، كېرىم بوۋاي بىرىشى كېرەك. بىراق ئۇنىڭ بىرىشى ئۈچۈن تەشكىلدىن رۇخسەت سورىماي بولمايدۇ. بىر چامدام ماڭسىمۇ، تۇدى پەستىن ئىجازەت سوراش كېرەكقۇ تېخى! دولان يېزىسىغا بىرىشنى ئېيتسا، مۆككۈپ كېتەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرىش مەقستى توغرىلىق سوئاللار، گۇمانلارمۇ بولار. يول خېتىچۇ؟ يول خېتى بىرىدىغان ساقچى ئورۇنلىرىنىڭ كەينىدە نەچچە كۈن يۈرمەك، مەھەللە باشلىغىنىڭ سۈرۈخ تامغىسىنى باسقان، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۆت بۇجەكلىك مۆھرىسى... بۇلار تەل ــ تۆكۈز بولمىغىچە

كېرىمنىڭ بوسۇغىدىن ئاتلاشقىمۇ ھوقۇقى يوق!
كېرىم باققال موشۇلارنى ئويلاپ، كەچكىرگىچە كالا ئورنىدا سۆرەم تارتقاندىنمۇ ئېغىر ھاردۇق يېتىپ، چوڭقۇر تىنىق ئالدى.
ـ ماڭا يول خەتىنگمۇ، ئۆلچەم قەغىزىمۇ كېرەك ئەمەس، ـ دېدى خۇماخان كېرىمنىڭ چىگىچ ئويلىرىنى چۇشەنگەندەك. ئۈچ كۈنگە قالماي قايتىپ كېلىمەن.
ئۇلار ئارىسىدا خېلىغىچە تالاش ـ تارتىش بولدى. لو ـ لەڭمۇ ئائىلە ئەزاسى سۈپىتىدە مەسلىھەتكە ئارىلاشتى. ئۇ خۇماخاننى سۆزگە كىرگۈزۈشكە كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن، مۇنداق دېدى:
ـ مەيلى، بالىسۇن. مەن تونۇش شوفولىغا ئاپىرىدۇ، شۇ.
ـ ئۇنداق قىلساڭغۇ، ئوغلۇم، جاھان ئىش بولاتتى، ـ دەپ خوشال بولدى كېرىم.
ـ قىز بالىسەندە... مۇنداق چاغلاردا ئوغۇل بولۇپ قالساڭغۇ كاشكى، ـ دېدىدە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئويۇقنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى خېلىچىخان ئايلام. يېرىم ھېجىرچە سۆك تالقىننى خۇماخاننىڭ ئالدىغا قويۇپ، يېڭىنىڭ ئۈچى بىلەن كۆزىنى سۈرتۈپ، يىغا ئارىلاش:
ـ قانداق قىلاي، بار بولسا يوللىغىڭغا سامسا، گۆش، نانلارنى، تۇخۇم پوشكاللارنى پۇشىرىپ بېرەر ئىدىم... ئۇھ، نىمە بولۇپ كېتىۋاتىمىز، خۇدايىم... بىر سىقىم تالقانمۇ توتىيا بولۇپ كەتتى.
ـ ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، ئانىكا، ئۆزەڭلارغا يەتمەي ياتقاندا، ئاۋارە بولماڭلار، ئالمايمەن، ـ دەپ قەتئىي رەت قىلدى خۇماخان.
ـ ئال، قىزىم، تارتىنما. بىز قېرىلارنىڭ كارامىتى چاغلىق. بىز يېگەننى ـ يەپ، كىيگەننى ـ كىيگەن. ياشلار ئاچتىن قېقىلىپ قالماڭلار، ـ دېدى كېرىم.
ـ قوساق تويۇپ، ئىسسىق تەر چىققىدەك غىزا يەيدىغان زامان كېلەرمېكىن تاڭ!
ـ ھاي ـ ھاي، يەنە باشلىدىڭغۇ، خوتۇن! ـ دەپ ئادىتى بويىچە پەنجىرىگە قاراپ قويدى كېرىم.
ـ سەن بەلىمە، ئايلاڭزا. مەن يولىغا كېلەكى نەلىسە بولىدۇ، ـ دېدىدە،

ياتىغىغا كىرىپ كەتتى لو ـ لەڭ.

ـ موشۇ بالىدىن ئېيتىپ قويغىنىڭغا مىڭ قات شۈكرى، تەڭرىم، ـ دەپ ساقلىنى سىيپىدى كېرىم.

ـ ئاق نىيەت ئىنسان باشقىدە! ـ دەپ ئورنىدىن تۇردى خۇماخان.

شۇ كېچىسى بوۋاي بىلەن موماي خۇماخاننى يىغا ـ زېرە ئىچىدە ئۇزىتىپ قويۇپ، تاڭ ئاتقىچە كىرپىك قېتىشقىنى يوق، ئۇلارنى تۈپسىز غەم ـ غۇسسە باسقان ئېدى.

* * *

ـ سېنىڭدىن ئۆتۈنۈپ سورايمەنكى، دوستۇم لويۇ، قانداق بولمىسۇن، موشۇ قىزنى دولان يېزىسىغا ساق ـ سالامەت يەتكۈزۈپ قويىسەن، ـ دېدى لو ـ لەڭ خىتايچىلاپ شوفېر دوستىغا.

ـ ساق ـ سالامەت دېدىڭما؟ ـ تەكرارلىدى لويۇ ئىسمىلىق شوفېر، دەرەخ دالدىسىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان خۇماخاننى ئىشارە قىلىپ.

ـ ھە ـ ئە! بەلكىم، يولدا سۇرۇشتە قىلىپ قالار، ئۆزەڭ يولنى تاپارسەن. ئەڭ ياخشىسى، يول خەت سۇرۇشتە قىلىدىغان ئورۇنلاردىن ئۆتكەندە پەخەس بولارسەن، ئۆزەڭ بىلىسەنغۇ...

ـ نېمەڭ ئېدى شۇنچە ئاۋارە بولىدىغان ياكى ھېلىقىدەك كىشىڭمۇ؟ ـ دەپ چاقچاق ئارىلاش كۈلدى لويۇ.

ـ ھەزىلىڭنى قوي، لويۇ. ئادەم ھاياتى بىلەن ئويناشما. ئەگەر مېنىڭ ھەقىقىي دوستۇم بولساڭ، ئىلتىماسىمنى رەت قىلمايسەن.

ـ ئۆزەڭ بولساڭ مەيلىدىغۇ، يات قىز ئۈچۈن بالاغا گىرىپتار بولۇش ئەلەم قىلىدۇدە!

ـ ئۇنداق دېمە، باشقا جىنىس بولغىنى بىلەن، ساڭا، ماڭا ئوخشىغان دەرتمەن...

ـ دەرتمەن، ۋاي دەرتمەنلىگەي... ـ دېدىدە، ماشىنىسىغا ئوت ئالدۇردى لويۇ ۋە "ئولتارسۇن"، دېگەندەك ئىشارە قىلدى.

خۇماخاننى كابىنىغا ئولتارغۇزۇپ:

ـ چاپچان كەلى، ـ دەپ ئىشكنى ياپتى لو ـ لەڭ. ماشىنا سېسىق

تۆتەك چىقىرىپ، كەينىگە سەل داجىدىدە، ئاچچىق توزاڭنى پۇقىرىتىپ، ئورنىدىن قوزغالدى.

* * *

دەسلەپكى پەيتلەردە باشقا ياشلار قاتارى، سىياسەت كارۋىنىغا ئۇلاشقان لو ــ لەڭ داغدۇغىلىق يۈرۈش، ئۇنلۇك چۇقان، يالقۇنلۇق شۇئارلار قاينىمى ئىچىدە تۇرۇپ، قايسى قىرغاققا سوقۇلۇشنى بىلمەي قالغان ئىدى.

ۋاقىت ئۆتۈپ، كەلكۈنلەر بېسىلغاندەك لاتقىلار يېتىپ، لايقىلار بىر ئاز سۈزۈلگەندەك بولسىمۇ لېكىن قۇياش نۇرىنى كۆرۈش ئورنىغا دەھشەتلىك بوران ــ چاپقۇن باشلىنىپ، هايات ئوڭتەي ــ توڭتەي بولۇپ كەتتى.

سىياسىي كەلكۈن تۆپەيلىدىن يۈز بەرگەن بەزى ئېغىشلارنى، ئالدىراقسانلىق ــ تەۋەكەلچىلىكلەرنى "ۋاقىتلىق هادىسە، بارا ــ بارا قىنىغا چۈشۈپ، هەممە توغرا يولىنى تاپىدۇ..." دەپ ئويلايدىغان ئىدى لو ــ لەڭ: ئەركىنلىك، تەڭلىك، خەلقچىلىك هوقۇقلىرى ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا دەپسەندە قىلىندىدە، كەڭ دائىرىلىك تەقىپ باشلىنىپ كەتتىكى، بۇ دەھشەتلىك قىيانىنىڭ ئاساسىي قۇربانلىرى يەرلىك خەلقتىن ئىبارەت بولدى.

تەنتەنىلىك يوسۇندا ۋەدە قىلىنغان: گۈزەل هايات ئورنىنى ــ ئاچلىق ــ يالىڭاچلىق، مەدەنىي ــ مائارىپ ئورنىنى ــ زىندان، قامالار ئېگىلىگەن ۋە جەمىيەتنى قورقىنىچ، تەشۋىش بۇلۇتلىرى قاپلاۋالغان ئىدى.

تەۋەككۈلچىلىك هەرىكەتلەرنى ئىزچىل كۆزىتىپ، ۋىجدان تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ يۈرگەن لو ــ لەڭ، هەر كۈنى دېگىدەك ئۇنلىغان پاجىئەلىك هادىسىلەرگە دۇچ كېلەتتى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ رەھبەرلەر تەرىپىدىن ئىشلىنىپ چىققان ئىككى يۈزلىمە سىياسەتكە قەتئىي قارشى ئىدىكى، بۇ قارشىلىق بىر كۈنلۈك تەسىراتتىن كېلىپ چىققان يۈزەكىي هېسسىيات بولماي، رېئال ئەمەلىيەت خۇلاسىسى ئىدى.

لو ــ لەڭدىكى ئادىل نارازىلىق جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتىگە قايچى ئەمەس، بەلكى مۇتلەق هەقىقەتنى بۇرمىلاپ، خەلق ئىستىقبالى ۋە تەغدىرىنى ئويۇنچۇق قىلىشقا ئۇرۇنغان رەھبىرى شەخسلەرگە قارىتا بولغان.

هازىرمۇ خۇماخاننى يولغا سېلىپ قويۇپ، خىيالچان قايتىپ كېلىۋاتقان لو ـ لەڭ: "مىللىي باراۋەرلىك دېيىشىدا! قېنى ئۇ ھەقىقىي باراۋەرلىك؟ مىللىي زۇلۇم، مىللىي كامسىتىش، ئىرقىغا قاراپ تەقىپ قىلىش ـ مىللىي باراۋەرلىكما؟" ـ دەپ ۋىجدان ئازاپلىناتتى ئۇنىڭ.

ئالىي تەختىگە چىقىۋالغان ماۋنىڭ خائىشنى رەت قىلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا شەك كەلتۈرۈپ بولمايدىغان بۇ كەسكىن ۋەزىيەتتە لو ـ لەڭدەك ۋىجدان ئىگىلىرىگە باش كۆتىرىپ چىقىش ئىمكانىيىتى بولغايمۇ؟ شۇنداقتىمۇ، روھىي ھەمكارلىق ئۇلۇغ مەدەتقۇ! قانداق بولمىسۇن، موشۇ مەھكۇم خەلققە قولدىن كەلگەن ياردەمنى ئايىماسلىق ئىنسانىي بورۇچى ئەمەسمۇ؟

"لو ـ لەڭ" دېگەن تاۋۇش ئۇنىڭ چىگىچ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى.

ـ نەدىن كېلىۋاتىسىز؟ ـ دېگەن پېتى ئۇنىڭغا قول سوزدى ھاسىراپ تۇرغان كىشى.

ـ سادىر... ـ خوشاللىغىنى يوشۇرالمىدى لو ـ لەڭ.

ـ ئەھۋال قانداق؟ مەن سىزنى ئەتىگەندىن بېرى ئىزدەپ تاپالمايۋاتاتتىم، نەدە يۈرىسىز؟

ـ ھەي...نەدە يۈرەتتىم، شۇ ئاۋارىگەرچىلىك. ئۆزەڭ قاچان كەلدىڭ؟ تامام قۇتۇلدىڭما؟

ـ قۇيرۇغى بار تېخى، لو ـ لەڭ دوستۇم، ـ دېدى خىتايچىنى سۇدەك بىلىدىغان سادىر.

ـ ئۇنداقتا قۇيرۇغىڭنى تۇۋىدىن كېسىش كېرەك، ـ دەپ كۈلدى لو ـ لەڭ.

ـ قۇيرۇق تۇرماق، تۇغراقما قالمىدى كېسىلمىگەن... قويساڭا شۇ گەپنى.

ـ قەيەردە بولدىڭ؟ توختا، خالىراق جايدا ئولتىرىپ پاراڭلىشايلى، ماشكىلار پۇراپ يۈرمىسۇن، ـ دېيىدە، سۆھبەتدىشىنى چەتكە تارتتى لو ـ لەڭ.

ـ خاڭدا بولدۇم، خاڭ بولغاندا، يەتتە قات يەرنىڭ تېگىدىكى خاڭدا ئىشلىتىشتى. قويساڭچۇ، ئۇنى ئەسلەپ نېمە قىلاي...

ـ سەن بىلەن بىللە كەتكەنلەر ئامانمۇ؟

ــ ئا ــ مان . . .

ــ ھە ، ئېيتقىنىڭ يوققۇ ياكى مەندىن گۇمانلىنىۋاتامسەن؟

ــ  سەندىن  نېمىنى  يوشۇراتتىم ، ئۇ  دەھشەتنى  ئەسلىسەڭ  يۈرەك كۆيىدۇ . . .

ــ شۇنداقتىمۇ ، ئۇقۇپ قويغاننىڭ زىيىنى  يوق .

ــ ئۆزەڭگە مەلۇمغۇ خالىڭ شارائىتى . ئېغىر ئەمگەك ، ئاچلىقتىن ئادەملەر غازاڭدەك تۆكۈلمەكتە .

ــ ئېغىر ، ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋال . . .

ــ ساڭا ئىلتىماسىم بار ئىدى .

ــ قانداق ، باياتىن نېمىشكە ئېيتمىدىڭ؟

ــ شۇ تاپتا ئۆيۈمگە بارالامسەن؟

ــ بارالمايچۇ؟ مېنى شۇنچە توشقان يۈرەك سانامسەن ، قارا سېنى!

ــ ھەر ھالدا نازارەتتىكى ئادەم مەن ، ئېھتىيات كېرەكتە .

ــ جاننى ئايىغۇچىلىق يېرى قالمىدى . قاراپ تۇرىسەنغۇ ، كەتتۇق!

ئۇلار خالى كوچىلار ئارقىلىق مېڭىشتى . ماشكىلاردىن بىرسى ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشكېن ئىدى ، ئىككىسى ئۇددۇل كەلگەن ئىشىگى ئوچۇق ھويلىغا كىرىشتىدە ، بېغى ئارقىلىق ئارقا كوچىغا چۈشۈپ ، ماشكىنى ئېزىقتۇرۇشتى . سادىرنىڭ ھويلىسىغا كىرگەن چاغدا ئۆز كۆزىگە ئىشەنگۈسى كەلمىدى لو ــ لەڭنىڭ . ئىككى يىل ئىلگىرى قىلىشىپلىق كۆرسىنى تۈگەتكەن سادىر ، لو ــ لەڭ باشلىق بىر نەچچە تىببىي مۇئەللىملەرنى چاقىرىپ زىياپەت بەرگەن ئىدى . ئۇ چاغدا ئىككى سىرىم باراڭلىق ئۈجمە ، قىرىق ــ ئەللىك تۈپچە شاپتۇلا ، نەشپۈت ، ئالما ، ئۆرۈك دەرەخلىرى باغ ئىچىگە ئالاھىدە زىننەت بېرىپ تۇراتتى . ھازىر نە ئۈزۈملۈك باراڭ ۋە مېۋىلىك قالغاي . . .

ــ باقا ئوت قويۇۋەتتىڭمۇ نېمە ، سادىر؟ ــ دېدى ئۆكۈنگەن لو ــ لەڭ .

ــ  ھېلىقى  جا  "ئاقتۆكلەر"  كېسىپ  بولغاندە!  باغ  دېگەننى  بالىنى ئاسىرىغاندەك ئاسىرىمىسا ، ئوڭايلا ۋاشاڭ بولىدىغان نەرسە .

ــ نېمە دېگەن جاھىللىق ، ھە! ــ دەپ ئۇھ تارتتى لو ــ لەڭ ، ــ بۇلار زۇلۇم قىلمىغان دەل ــ دەرەخمۇ قالمىدى . . .

ئۇلار ئۆيگە كىرگەن چاغدا، ئىككى ياشتىكى ئوغلىنى يېنىغا ئېلىپ پەپىلەپ ياتقان باھارگۈل تەسلىكتە بېشىنى كۆتىرىپ، ھالسىز تاۋۇشتا لو ـ لەڭ بىلەن تېچلىق سوراشتى. شىپشىسىز پىلىگى ياندۇرۇلغان لامپىنىڭ گىرىمسەن يورۇغىدا باھارگۈلنىڭ چىرايى ئوچۇق كۆرۈنمىسىمۇ، ئۇنىڭ تاۋۇشىدىن ئەھۋالى ئېغىرلىغىنى سەزدىدە، دەرھال تومۇرى ۋە يۈرەك سوقۇشىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى.

ـ قاچاندىن بېرى يېتىپ قالدى؟ ـ دەپ سورىدى لو ـ لەڭ باھارگۈلنى زەڭ قويۇپ تەكشۈرگەندىن كېيىن.

ـ ئون كۈنچە؟

ـ ئون كۈنچە؟! نېمىشكە دوختۇرخانىغا ئاپارمىدىڭلار؟ تۈنۈگۈندىن بېرى ئۆزەڭ نېمە قىلدىڭ؟ ـ دەپ تېرىكىپ سوراشقا باشلىدى لو ـ لەڭ.

ـ مېنىڭ ئايالىم بولغاچقا... دوختۇرخانىغا قوبۇل قىلىشماپتۇ...

ـ ۋەھشىلىك... ھەقىقىي ۋەھشىلىك! ئەندى دەپسەندە قىلمىغان تىببىي قائىدىلەر قاپتۇمۇ؟

لو ـ لەڭنىڭ غەزىۋىدىن ئۇخلاپ ياتقان سەبى ئويغۇنىپ يىغلاشقا باشلىدى؛ ئانا ماغدۇرسىز قوللىرىنى ئاران كۆتىرىپ، ئوغلىنى بەزلىمەك بولدى، ئەمما، بېشى قېيىپ، ياستۇققا قىڭغايدى.

تاش توختاتماقتەك ساغلام باھارگۈل سادىرنىڭ قول ـ قانىتى ئىدى. شۇنچە چوڭ باغدىكى ئۈژمە ۋە مېۋىلەرنى ئۆزى پەرۋىش قىلاتتى. ئىككى يىللىق كۈرستا ئوقۇپ، خىزمەتكە چىققان سادىر خىزمەتتىن باش كۆتەرمەتتىدە، ئائىلە ئىشىنى باھارگۈل ئۆزى باشقۇرۇپ، بىر تەرەپتىن دوپپىچىلىق ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان. "چىننىقش" باھانىسى بىلەن ئاياللارنى ئەللىك كىلومېترچە يىراقلىقتىكى كانغا پىيادە ھايداپ، ئۇ يەردىن ھەر ئايال يۈز جىڭ رۇدىنى كورلىغا كۆتىرىپ كېلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىگەندە، تەرلەپ كەتكەن باھارگۈل يولدا كېلىۋېتىپ سوغ سۇ ئىچىتىدە، ئەشۇ ئاخشىمى پوكلا چۈشكەن ئىدى. مانا، ھازىر ئۇ بىر ھالدا يېتىپتۇ. ئۆزگەرتىشتە ئىشلەۋاتقان سادىر شۇ باھانە بىلەن ئۈچ كۈن رۇخسەت ئېلىپ ئۆيگە كەلگەن.

ـ ئۇ قەدەر خەتەرلىك ئەمەس. سەندە قۇۋەت بەرگىدەك بىرەر نەرسە

بارمۇ؟

ــ قىزىق گەپ قىلىسەندە، ئۆي ئەھۋالى بۇ تۇرسا...

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆي ـ ئىچى تامامەن يالاڭاچلىنىپ، داق يەرگە ئايلانغانلىقىنى كۆزدىن كەچۈرگەن لو ـ لەڭ بېشىنى لىڭشىتتىدە:

ــ قاراپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، دەرھال ھەرىكەت قىلايلى، ــ دېدىدە، ئورنىدىن تۇردى. ھويلىغا چىققاندا لو ـ لەڭنى توختىتىپ:

ــ قورقۇنۇچلۇق ئەمەستۇ؟ ــ دەپ سورىدى سادىر.

ــ قورقما. ئالدى بىلەن بالىنى ئەمچەكتىن ئايرىغىن؛ ئۇ باتۇرلۇق ئانىسىنى شوراپ بىر يەرگە ئاپىرىپتۇ. راستلا، سەن قانچە كۈن تۇرالايسەن؟

ــ ئەتە كېتىشىم كېرەك.

ــ بۇسى يامان ئىكەن... مەيلى، مەن ۋاقىت چىقىرىپ يوقلاپ تۇرارمەن.

ــ ئايالىم بىلەن بالامنىڭ ھاياتىنى ساڭا تاپشۇردۇم؛ باشقا تايانچىم يوق...

ــ خاتىرجەم بول، قولدىن كەلگەننى ئايىمايمەن. ھازىر بېرىپ دورا بېرىمەن، ئۆزەڭ ئۆكول قىلىسەن. ئەتە ئەتىگەنگىچە يېمەكلىك نەرسىلەردىن تېپىپ بېرەرمەن...

ــ رەخمەت، دوستۇم، باشقا نېمە دەيتتىم...

ــ ئېغىر كۈنلەردە پانا بولمىغان دوستنىڭ نېمە كېرىكى بولسۇن؟ ساڭا ياردەم قىلىش، مانا شۇ پەيتتە مېنىڭ قەرزىم.

ــ ساڭا ئىشىنىمەن، ــ دەپ لو ـ لەڭنىڭ قولىنى مەككەم قىستى سادىر. بۇ قول قىسىش دوستلۇق ۋە پىكىرداشلىق بەلگۈسى ئىدى.

ــ ئەڭ مۇھىمى: روھىڭنى چۈشەرمەي، ھايات بىلەن كۈرەش، سادىر. سەن ــ مەن ئۈچ يىل ئالدىدىكى ساددە دىل، ئاق كۆڭۈل گۆزخورلار ئەمەس؛ بىز ھازىر ھەر نەرسىگە تاۋلاندۇق. قورقۇش بىلەن بۇ دۇنيادا ياشالمايسەن...

ــ تۇرمۇش مېنى پۇشەردى، لو ـ لەڭ. ئەندى كۆرۈنگەننى ئەگىشىپ، يولۇققانغا ئىشىنىدىغان سادىر يوق. سەن دېگەندەك، قورققانچاقلىق بىلەن ياشاش مۇمكىن ئەمەس!

ــ ھە بەللى... دېمەك، باش پۇركەپ ياتمايلى.
ــ ئەكە قولۇڭنى، كۆڭۈلدىكىنى تاپتىڭ...
بۇ كەمدە كوچىنى تامامەن قاراڭغۇلۇق باسقانلىقتىن، ئۇلار لو ــ لەڭنىڭ ياتىغىغا كەلگىچە قول تۇتۇشۇپ كېلىشتى.

## باپ VIII

"جىپ" ماشىنىنىڭ ئىچىدە غەمكىن ھالدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتارغان لو ــ لەڭنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشىنىكسىز گۇمان ــ ئەندىشىلەر چۇلغاۋالغان ئىدى. مانا، ئۇلار كورلا دەرياسى ئۈستىگە سېلىنغان ياغاچ كۆرۈكتىن ئۆتۈپ، سولغا بۇرىلدى، يەنە ئازراقلا ماڭسا، زىندان قورغانىغا يېتىدۇ. لېكىن "جىپ" ئۇددۇل ماڭماي، يەنە بۇرالدىدە، دەريانى بويلاپ غۇيۇلداپ كېتىۋاتىدۇ. دەريانىڭ شاقىرىشى خۇماخانىنىڭ جاراڭلىق تاۋۇشىنى ئەسلەتكەندەك بولاتتى. "بەلكىم، خۇماخانىنىڭ ئاھۇ ــ پىغانىغا تولغان غەزەللىرىنى كۆكسىگە سىڭدۈرگەن بۇ ئانا دەريانىڭ شاقىرىشى ئەشۇ دەرتمەن قىز مۇڭ ــ زارىنىڭ ئەكسى ساداسىدۇر..." دەپ پىچىرلىدى لو ــ لەڭ. "خۇماخان يېزىسىغا يەتتىمىكىن؟ كىم بىلىدۇ، ئۇما ماڭا ئوخشىغان ئېغىر خىياللار ئىلكىدە يولدا كېتىپ بارامدىكىن؟ شۇ قىزنى ئامان ــ ئېسەن كۆرەرمەنمۇ..." تۆمۈر قاپقىنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازىدىن دىڭ چۆچۈپ كەتتى لو ــ لەڭ. "جىپ" قاپقىدىن كىرىپ، ئارزاڭ ۋە سېسىق جۇسەي ھىدى بىقسىپ تۇرغان يالاڭ قەۋەت ئۆينىڭ ئالدىدا توختىدى.

كېچىلىك جىمسەكتە تۇرغان چېرىك قول چىرىغى بىلەن كەلگۈچىلەرنىڭ يۈزىنى يورۇتۇپ، تونۇغاندىن كېيىن، ئىشكىنى ئېچىپ، ئىچكىرى كىرگۈزدى. لو ــ لەڭگە تونۇش بولمىغان بۇ بىنا يېڭى سېلىنغان زىندانىنىڭ مەخسۇس سوراقخانىلىرىدىن بىرسى ئىدى. ماڭغان كىشىنىڭ قەدەم تاۋۇشىنى ئاڭلاتماسلىق ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئەتىمالىم، تار دەھلىزنى

بويلىتىپ قېلىن پالاز سېلىنىپتۇ. سوراق بۆلمىلىرىنىڭ ئىشىكلىرىگە تاختا قەلەي، روجەكلىرىگە بولسا، چوكا تۆمۈر قادالغىنىغا قارىغاندا، ئىنتايىن "مەخپىي" ئىشلار موشۇ بىنادا ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرۇپتۇ. "مەكتەپ ئۆگۈزىنى يېپىش ئۈچۈن تاختا قەلەي يوق دېگەننى ئاڭلىغۇېدىم، دېمەك موشۇنداق ئورۇنلارنى بالدۇر تەمىنلەيدىكەنده!" دېگەن خىيال كەچتى لو ـ لەڭنىڭ كۆڭلىدىن.

لو ـ لەڭلەر ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈن دەھلىزىدە ئەڭ ئاداققى ئىشىكنى شەرتلىك چېكىۋىدى، ئىشىك ئېچىلىپ، ۋاڭلىنىڭ بېشى كۆرۈندى ۋە لو ـ لەڭنى ئىما قىلىپ، ئىچكىرىگە ئېلىپ كىردى.

ـ مەرھەمەت، ئولتۇرىڭ دوختۇر، ـ دېدى تەكۇللەپ بىلەن ۋاڭلى.

ئىشىكتىن كىرىشى بىلەن بۆلمە ئىچىدىكى مەھبۇسلارنى قىيىن ـ قىستاققا ئالغاندا ئىشلىتىدىغان "ئەسۋاپ"لارغا كۆزى چۈشكەن لو ـ لەڭ ئالاقزادە بولۇپ قالغاچقا، ۋاڭلىنىڭ تەكلىۋىنى ئاڭقىرالمىدى. ۋاڭلى سوغ كۈلگەندىن كېيىن:

ـ ھەۋەسىڭىز كېلىۋاتسا كېرەك؟ بۇ ئەسۋاپلار ئادەمنى ئۆزگەرتىشتە ئىنتايىن پايدىلىق، ـ دېدى تەنە ئارىلاش.

ـ يائاللاھ! ـ دەۋەتتى لو ـ لەڭ. ئۇ خېلىدىن بۇيان ئاللاھنى ئېغىزغا ئالغىنى شۇ ئىدى.

ـ خالىسىڭىز، بۇ ئەسۋاپلارنىڭ سىرىنى ئېيتىپ بېرىمەن.

ـ ياق ـ ياق، لازىمى يوق... ئاڭلىغىنىم بار...

ـ شۇنداقمۇ؟ مونۇسىنى تېخى بىلمەسسىز؟ بۇنى يېڭىدىن ئىجاد قىلدۇق، ـ دېيىدە، چىراقپاي سىمان ياسالغان ئېگىز ئورۇندۇق قېشىغا باردى ۋاڭلى، ـ مەھبۇسنى يالىڭاچلاپ، مونۇ پۈلتىيىپ تۇرغان جايغا سوڭىچە ئولتارغۇزىمىزدە، ئىككى پۇتىنى ساڭگىلىتىپ، ئىككى قولىنى ئەۋۇ تۆڭگىلەرگە ئىلىمىز. شۇندا ئادەمنىڭ بارلىق ئېغىرلىغى سۆڭگەشكە جەملىنىدۇ... قېنى، مەن ـ مەن دېگەن خەڭزە چىداپ كۆرسۇنچۇ!

ـ مەندە نېمە ئىشىڭىز بار ئىدىكىن؟

ـ ھە ـ ھە! قۇلاققا خۇشياقمىسا كېرەك، ھە؟

ـ بۇ خىل گەپنى قىلمايلىچۇ...

ـ سىزدەك ياشلارنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار بولغىنى زىيان بولماس، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ـ مېنى نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلتۈردىڭلار، شۇنى ئېيتىڭا؟ ـ دېدى ئەسەبىي تىترەك باسقان لو ـ لەڭ. ئۇنى دىمىسسىمۇ، مۆشۈك ـ چاشقان ئويىنىنى ئويىنغاندەك قىلىۋاتقان قىلغىنى قارا مونۇ جاللاتنىڭ.

ـ سىزنى جاڭ ـ جۇجاڭ چاقىرتقان. ئۇنى يېڭىلا چوڭ ئورۇنلارنىڭ مەسئۇلى چاقىرتىپ كەتكەچكە، سىزنى مەن قوبۇل قىلدىم.

ـ ئۇنداقتا كېتىشىم مۇمكىن ئىكەندە؟

ـ ياق! بۇ جايغا كىرگەن كىشى ئۆز خائىشى بويىچە چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىغىنى ئەستىن چىقارماڭ. خوش، زۆرۈر ئىش باركى، سىزنىڭ مۇداخىلىڭىز بەكمۇ لازىم.

ـ بۈگۈن بىر سائەتمۇ ئارام ئالالمىدىم...

ـ توختاڭ! ئارام دېگەننى ئادەم بالىسى گۆرگە كىرگەندىلا يېتەرلىك ئېلىشى مۇمكىن. ماڭا ئارام بارمېكەن؟ ـ تۇرۇپلا تېرىكىشكە باشلىدى ۋاڭلى. ـ مېنى سەزگۈسىز مەخلۇق دەمسىز؟ خا ـ خا ـ خا! ـ ۋاڭلى بىر پەس لو ـ لەڭگە تىكىلىپ قالدى. ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەۋىنى چۈشىنەلمىگەن لو ـ لەڭ نېمە دېيىشىنىمۇ بىلمەيتتى.

ـ مەن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىدىغان ئادەممەن... نېمە ماڭا چەكچىيىپ قارايسىز؟ مېنىڭ كۆزۈمدىن خۇن قۇيۇلىۋاتامدۇ؟ خوش، خىيال قىلماڭ، مەندىمۇ ۋىجدان بار... ـ سوراقچى بىردىن لو ـ لەڭنىڭ مۇرىسىنى پەپىلەپ، ئاستا، يۇرۇڭ، ئىش بار، ـ دەپ سىرتقا باشلىدى.

ئۇلار پىششىق خىشتىن ياسالغان پەلەمپەي ئارقىلىق يەر ئاستىغا چۈشكەندىن كېيىن، ئادەم يېنىچە ماڭارلىق تېخىمۇ تار، غۇۋا يورۇپ تۇرغان، ئىنتايىن زەي ۋە دىمىقتا ئارىلىقنى بويلاپ بارىدىدە، چاپراس ھالقىلىق تۆمۈر ئىشىككە سىلىنغان ئىشت بېشىدەك قۇلۇپىقا ئاچقۇچ سېلىشقا بۇيرۇدى ۋاڭلى. چوقۇر يۇزىدىن سىسىق تەر تاپچىراپ تۇرغان گۇندىپاي دەرھال ئىشىكنى ئاچتى.

ـ مەرھەمەت، ـ دېدىدە، لو ـ لەڭنى ئىشترىپ دېگىدەك ئىچكىرى ئېلىپ كىردى ۋاڭلى. ـ قانداق كۆرۈشكە ئەرزىمدىكەن؟ ھەقىقىي دوختۇر

بولىسىز، موشۇ مەخلۇقنى تىرىلدۈرۈپ بېرىسىز، ئۇقۇشلۇقمۇ؟
مۇزخانىدىنمۇ سوغ بۇ كاتەكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا ئانىدىن تۇغما يالىڭاچ بىر جان ئېگىسى ياتاتتى. ئۇنىڭ تېنى بىلەيدەك كۆكەرگەن بولۇپ، دۇمبىسى گۆشىدەك شەلۋەرەپ كېتىپتۇ؛ دۇمچە ياتقانلىقتىن، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزى كۆرۈنمەتتى. ئۆسكىلەڭ چاچلىرى بولسا، گەجگىسىگە چاپلىشىپ، قېتىپ قاپتۇ. بۇ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشكە بەرداش بېرەلمىگەن لو ـ لەڭنىڭ بېشى پىررىدە قېيىپ، كۆزىنى يۇمۇۋالدى.
ـ ئىرادىڭىزنى بوشاتماڭ، ئەزىزىم. بۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈڭ. ئۇنىڭ سورىغى تېخى بىر تەرەپ بولغىنى يوق. ئۇ ھازىرچە ھايات تۇرۇشى شەرت، بىلەمسىز!
لو ـ لەڭ جاۋاپ قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئىشىكتە توغرىسىغا تۇرغان گۇندىپاينى شۇنداق ئىتتەردىكى، گۇندىپاي "ئەي ـ يا" دەپ ئۇن چىقاردىدە، ئوڭدىسىغا يىقىلدى. سۇغۇر ئىنى ئوخشىغان يەر ئاستىدىكى سەكسەن تۆشۈكنىڭ ئېپى ـ جېپىنى بىلمەيدىغان لو ـ لەڭ قېچىپ چىقىپ كېتەلمىدى. ئۇنى تۇتۇپ، ۋاكىلىنىڭ بۆلمىسىگە ئېلىپ كىرىشتى. سوراقچى لو ـ لەڭنىڭ يەتمىش پۇشتىنى قالدۇرماي تىللاپ چىققاندىن كېيىن، پوپۇزا قىلىپ:
ـ ئەگەر داۋالاشتىن باش تارتىدىكەنسەن، ئۆزەڭ ئەشۇ مەخلۇق ئورنىدا جازالىنىسەن!
ـ داۋالاش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇ تىرىك مۇردىغا تىكىلىپ قاراشقا مادارىم يەتمەيدۇ...
ـ شۇنداقمۇ، بۇ سۆزۈڭدىن قايتامسەن؟
ـ ياق، قايتمايمەن.
ـ تۇر ئورنىڭدىن!
ـ نە ـ گە؟
ـ نەگەمىش؟ سەن جاھىلنى سەلەي جاھىلغا قوشىمەن.
ـ توختا، توختا، كىم دېدىڭ؟
ـ ئەشۇ دولانىلىق سەلەيدە! ئۇنى سوراپ قالدىڭمۇ؟
ـ ...

لو ـ لەڭ لاسسىدە ئولتىرىپ قالدى. ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشكە ھەيران بولغان سوراقچى:

ـ سەلەي بىلەن چېتىلىشىڭ بار ئوخشىمامدۇ، ھە؟

ـ تو ـ نۇ ـ مايمەن! ـ دەپ جاۋاپ بەردى لو ـ لەڭ، لېكىن ئۇنىڭ يۈزى تېخىمۇ ئۆڭۈپ كەتتى.

ـ تونۇمساڭ ئىسمىنى نەدىن بىلىسەن؟ ئۇستىلىق قىلما، كىم بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغىنىڭنى بىلىسەنغۇ!

ـ ...

ـ دېمەك، يات ئۇنسۇرلار بىلەن ئالاقەڭ بار ئېكەندە؟ ياخشى. سەن ئۆز ئېچىمىزدىن چىققان ساتقۇن ئېكەنسەندە!

ـ جۆلىمە! مەن ئۇنى تونۇمايمەن دېدىم، تونۇمايمەن...

سوراق بۆلمىسىنى بىر دەقىقە سۈكۈنات باستى. بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتارغان لو ـ لەڭگە ئوق ئىلاندەك سانچىلىپ تۇرغان ۋاڭلى، ياش دوختۇرنىڭ تەغدىرىنى قاياققا بۇراۋەتسە، شۇ ياققا بۇراۋېتەتتى. لېكىن ئۇنداق قىلمىدى. بەلكىم، لو ـ لەڭدىن پايدىلىنىپ بولغاندىن كېيىن جاجىسىنى بەرمەكچىدۇ؟ ئاچچىق دەملەنگەن چايدىن بىر پىيالە قۇيۇپ:

ـ ئىچ. ئەسەبلىرىڭنى باس، ـ دېدى ھېلىلىك بىلەن.

لو ـ لەڭ چاينى ئالدىرىماي ئىچكەچ، گەپ ياساپ ئۈلگەرگەن ئېدى. ئۇ:

ـ مېنىڭ دېگىنىم دولانلىق سەلەي ئەمەس، ئۈرۈمچىلىك شوفېر سەلەي، ـ دەپ سوراقچىنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشتى.

ـ قايسى سەلەي ئېكەنلىگىنى كېيىنگە قويۇپ تۇر. مونۇ ئۇتىلەنگەن ئېشەكتەك بېھوش ياتقان سەلەينى ئۆرە تۇرغۇزۇپ بېرىشىڭ شەرت!

ـ نېمە قىلدىڭلار ئۇنى؟ ئادەم سىياقى قالماپتىغۇ؟

ـ سەككىزىنچىنى قوللاندۇق.

ـ سەككىزىنچى؟ ـ ھەيرانلىقتا سورىدى لو ـ لەڭ.

ـ سەككىزىنچى موشۇ بولىدۇ، ـ دېدىدە، ئورنىدىن تۇرۇپ، كەتمەننى قولىغا ئېلىپ دەسسىدى ۋاڭلى. ـ يەتتە قىيناقتىن ئۆتكەن جاھىلغا كەتمەننى چوغدەك قىزىتىپ باسساڭ... تەرىڭنى تۇرمە!.. تېرە دېگىنىڭ پوجاڭزىدەك پارسىلداپ كېتىدۇ...

ــ بولدى ــ بولدى ، ئاخىرىنى ئاڭلىمايلاق قويايلى...
ــ ئىختىيار ئۆزەڭدە ، دوختۇر . ئەمما ــ لېكىن بۇ خىل "چۆچەكنى" ئاڭلاپ قويساڭ زىيان بولماس .
ــ نېمە گۇناھ قىلغان ئادەم ، ئۇ؟
ــ ئادەم ئەمەس ، نوۋجىۋان بالا!
لو ــ لەڭنىڭ يۈرىگى زىڭىلداپ كەتسىمۇ ، چىشىنى چىشلەپ ، جىم ئولتىرىۋالدى .
ــ ھەر قانچە ئازاپلىساقما ، "ياق" "بىلمەيمەن" دېگەن ئىككى كەلىمە سۆزدىن باشقىنى ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىرالمادۇق .
ــ گۇنايى نېمە؟
ــ خې... گۇمانىمىز زور . بىلەمسەن ، ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرغاندا بىر تال پاپىروس تاپتۇق .
ــ پا ــ پى ــ روس؟
ــ ھە ــ ئە ، "كازبېك" پاپىروسىدىن بىر دانە .
ــ ھە...دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى لو ــ لەڭنىڭ .
ــ سەن يۈزە چاغلىما . سەلەينى ئەيىپلەشتە بۇندىن باشقىمۇ دەلىل ــ ئىسباتىڭلار باردۇ ، ئەلۋەتتە؟ ــ دەپ سورىدى ، ئەندى بىردىن غەزەپ ئارىلاش قىزىقىشى ئويغانغان لو ــ لەڭ .
ــ بۇ دەلىل ئازمىكەن؟ ئۇنىڭ دادىسى ئۆتمۈشتە ئورۇس يېرىگە نەچچە قېتىم بارغان ، ئۇنىڭ دوستى ۋېلاخۇن سوۋېتكە قاچتى ــ بۇلار ئاز گۇناھمۇ؟ بىلەمسەن ، لو ــ لەڭ ، سەن مېنىڭ... نېمە دېسەم بولىدىكىن؟ . .
ــ ۋاڭلىنىڭ كەيپىياتى تۇرۇپلا ئۆزگەرگەندەك بولدى . ئۇ ئەندى بايىقىدەك تەلەپچان ، ھوقۇق دائىرىسىدە ئەمەس ، ئەيىپكار كىشىدەك ئۆزىنى ئاقلاشقا ، لو ــ لەڭنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشتى . ئىنىغىنى ئېيتقاندا ، بۇ قاداڭ سوراقچى جىنايى ئىشلار ساھاسىدا خېلە تەجرىبىگە ئىگە بولۇپ ، ئۇنىڭ قولىدىن كۆپلىگەن جىنايى تەللىلەر ئۆتكەن . ئۇنىڭ دەسلەپكى پائالىيىتى (ۋىجدانى تېخى بۇلغانمىغان مەزگىلدە) ، ھەر قانداق ئىشتا ئادالەتلىكنى دەستەك قىلىپ ، قىلنى قىرىق يېرىشقا قارىتىلغان بولسىمۇ ، لېكىن كېيىنكى قالايمىقان تەۋەككۇلچۇلۇق ۋەزىيەت ئادىل بولۇشنى تامامەن تەلەپ

قىلمىغاچقا، بەلكى بىسىم كۈچى بىلەن مەجبۇرىيەت ھۆكۈم سۈرگەچكە، باشلىقلار خائىشنى رەت قىلماسلىق، ئۇلار نىمىنى بۇيرۇسا ھەق ـ ناھەقلىگىگە قارىماي، شۇنى ئىجرا قىلىش؛ ئاقلاش، ھەقىقەتلەشتىن كۆرە قارىلاشقا نىشان قىلىشقا باشلىدى. بۇ خىل رەزىللىك ۋاڭلىنىڭ قېنىغا ئانا سۈتى بىلەن كىرگەن ئەمەس، بەلكى مەۋجۇد ۋەزىيەتتىن ئاستا ـ ئاستا ھاسىل بولغان مۇرتەتلىك ئىدى. ئادەمنىڭ ئەقلى بۇلغانسىمۇ، ۋىجدانى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى مەلۇم ئىجابىي تەسىرات نەتىجىسىدە تەۋرەنمەي قالمايدىغۇ! مىڭلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ئىسسىق قانلىرىنى تۆكۈشتە بىۋاستە قاتناشقان تېرگاۋچى ۋاڭلى، بىر جۈپ قۇش كەبى، ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كېلىدىغان مۇلايىم، دىلكەش سەلەي بىلەن خۇماخاننىڭ ھاياتىغا، ئۇلارنىڭ پاك مۇھەببىتىگە زامىن بولۇشقا كۆڭلى تارتماي، خېلىغىچە ئىككىلىنىپ يۈرگەندى. شۇڭا سەلەي مەسىلىسىدە ئۇنىڭدا قانداقتۇر ئىنسانىي شەپقەت ـ خەيرىخاھلىق قوزغالغاندەك بولدىيۇ، ئەمما ئۆز باشلىقلىرىنىڭ غەزەپلىك نازارىتى، تەلەپچانلىقى تۈپەيلى قاتىللىققا گىرىپتار بولغان ئىدى. مانا ھازىرمۇ، كۆلگە كۆمۈلگەن چوغنى كوچىلىغاندەك، مونۇ ئىنسانپەرۋەر دوختۇر لو ـ لەڭنىڭ سۆزلىرى ۋە سەلەيگە نىسبەتەن ئىنسانىي دىل كۆيەرلىگىدىن خىجىل بولغان ۋاڭلى خىجىللىق ئىچىدە شۇنداق دىدى:

ـ سەن تېخى ياش، كۆپ نەرسىنى چۈشەنمەيسەن. سىنىڭ بىلەن مەن

ـ تەلەپ قىلىپىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىشكە ھەققىمىز يوق! ھە، مانا شۇنى ياخشى چۈشىنىپ قوي.

لو ـ لەڭ:

ـ "ئىنسانىي پەزىلەتنى يوقاتمىغان ئادەم ھەر قانداق شارائىتتا بىرەۋلەرنىڭ قول چومىغى بولۇشنى خالىمايدۇ. مەنسەپ ۋە شەخسىي خائىشنى قوغلىشىپ، ۋىجداننى ساتقاندىنمۇ ئىغىر خائىنلىق بارمىدۇ؟" ـ دېمەكچى بولسىمۇ، ئەمما، ۋاڭلىنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىغان بويىچە جىم تۇرىۋەردى.

ـ ھازىرقى پەيتتە، ـ داۋام قىلدى ۋاڭلى چىشاڭ چىشلىرىنى يالتۇۋالغاندىن كېيىن، ـ مىنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولساڭ، بەلكىم سىنىڭ

قولۇڭ مېنىڭ قولۇمدىنما بېتەر قانغا پاتار ئىدى. سەن شۇ كونا دۇمباقنى چېلىشىڭنى ئەندى تاشلا! سەن، مەن ـ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغۇچىلار ـ خالاس! قۇرۇق سەپ ـ ساتارىڭنى قويدە، سەلەينى داۋالا! ياكى، سەن ئۇيغۇرلارغا يان باسماقچىمۇ؟

تۇرۇپلا ھەپىرەڭدەك نەچچە تۇسكە كىرگەن سوراقچىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىگە ھەيران بولغان لو ـ لەڭ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. "ئۇيغۇر" دېگەن ئىبارە ئۇنىڭ يۈرەك قېتىدىكى ئىنتايىن نازۇك ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇقەددەس تۇيغۇسىنى قوزغىغان ئىدى. "ئەسلى زاتىم ئۇيغۇر دېسەم نېمە قىلالايسەن" دېمەك بولۇپ تەمشەلدىيۇ، لېكىن ئۆزىنى زورغا توختاتتىدە، "ھەجەپ... موشۇ كەمگىچە مىللىي چەككە ئېتىۋار قىلماپتىمەنا... دېمەك، بۇلار يۇزىدىكى چۈمپەردىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئەشەددىي خەن مىللەتچىلىك سىياستىنى ئىجرا قىلىشقا باشلاپتۇدە..."

ـ ئىنسانپەرۋەرلىك قىلمەن دەپ ئاۋارە بولمايلا قوي! ـ داۋام قىلدى لو ـ لەڭنىڭ ئىچكىي كەچۈرمىلىرىدىن مەڭپۇڭ ئالغان ۋاڭلى، ـ ياخشىسى ـ بۇيرىغاننى ئىجرا قىلدە، جېنىڭنى باق.

ـ ئۆلگەن ئادەمگە نېمە شۇنچە يېپىشىسىلەر؟

ـ تېرگاۋ جەريانى شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن سەلەينىڭ ھاياتى بىزنى قىزىقتۇرمايدۇ.

ـ خوپ، ـ دېدى نائىلاج لو ـ لەڭ، ـ ئەمما شەرتىم بار.

ـ قانداق؟

ـ سەلەينى زىندان ئىچىدە داۋالاپ ساقايتىش ھېچ مۇمكىن ئەمەس.

ـ نېمە، نېمە؟! ياق، بۇ شەرتىڭ قائىدىگە سىغمايدۇ.

ـ دېدىمغۇ: زىندان شارائىتىدا سەلەينىڭ ھاياتىنى يەتتە كۈنگە سوزۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭغا ساپ ھاۋا، ياخشى پەرۋىش كېرەك.

ـ تېببىي چارە قىلالماسسەنمۇ، ھە؟ ـ دەپ لو ـ لەڭگە سىنچىلاپ قارىدى ۋاڭلى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن گۇمان ـ شۇبھە يېغىپ تۇرۇپتۇ.

ـ مەيلى، ئىختىيار ئۆزەڭلاردا، ـ دېدى لو ـ لەڭ، مونۇ كۆزىدىن زەھەر يېغىپ تۇرغان تېرگاۋچىنىڭ سوئالىغا جاۋابەن. ـ قولۇمدىن كەلگەن چارىنى قىلىپ كۆرەي، لېكىن تەكرار ئېيتىمەنكى، زىندان شارائىتىدا ئۇنى

ئۆرە تۇرغۇزۇش مۇمكىن ئەمەس.

– چوڭ باشلىقنىڭ رۇخسىتىسىز بىر نەرسە دېيىش تەس، – دېدىدە، ئورنىدىن تۇردى ۋاڭلى ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، – سەن كۈتۈپ تۇر، مەن ھازىر كىرىمەن. – ئۇ لو – لەڭنى بۆلمىسىدە يالغۇز قالدۇرۇپ، ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

"ۋاڭلىنىڭ سۆزىنىڭ ئۇرامىغا قارىغاندا، خىزمىتىدىن بېزار بولسا كېرەك" – دەپ پىچىرلىدى لو – لەڭ. – سەلەينى سىرتتا داۋالاشقا چوڭ باشلىقنى كۆندۈرەلەمدۇ؟ ھەجىبا، بۇ كالا كېسەرلەرگە سەلەينىڭ بىر نەچچە كۈنلۈك ھاياتى لازىم بولۇپ قاپتۇ؟ تايىنلىق بۇنىڭ تەكتىدە سىر بولۇشى چوقۇم..."

لو – لەڭنىڭ پەرەزلىرى توغرا ئىدى. شىنجاڭنى "سوۋېتلەر سويۇزىنىڭ تەسىرىدىن تازىلاش"نى مەقسەت قىلغان ماۋچىلار سەلەينىڭ "جىنايى دېلوسىنى" كەڭەيتىشكە ئۇرۇناتتى. ۋېلاخۇن ئوخشىغان كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ زۇلۇم دەستىدىن قېچىپ كېتىشلىرى ئۇلارنىڭ قاتىلانە ھەرىكەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتتۈرگەن ئىدى. سەلەينىڭ ئۆيىنى ئاختۇرغاندا تېپىلغان ئۇيغۇر تىلىدىكى سوۋېت يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى، خۇسۇسەن،ساندۇق تېگىدە ئاسراپ ساقلانغان "كازبېك" ماركىلىق بىر تال پاپىروس سەلەيگە "سوۋېت پەرەس شۇجىڭجۇيىچى" دېگەن سىياسي "قالپاق" كىيگۈزۈشتە چوڭ دەستەك بولغىنى بېكار ئەمەستە! ماۋ – چىلارنىڭ ئەندىكى پىلانى: سەلەيگە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە زەربە بېرىش؛ سەلەينى "قىلمىشىغا ئىقرار" قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى يۇزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن سەلەينىڭ بىر نەچچە كۈن تىرىك تۇرۇشى شەرت.

"ماڭىمۇ قىلتاق قويغاندىمۇ بۇ بەتنىيەتلەر؟.. ھەر ھالدا، ئېھتىيات قىلىشىم كېرەك". لو – لەڭ ئۆز خىياللىرىدىن چۆچۈپ، ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆزىگە تامدا ئېسىقلىق تۇرغان چوڭ خەرىتە چېلىقتىدە، بېئىختىيار خەرىتىگە يېقىن باردى.

– ھە، لو – لەڭ، كېلەچەك جۇڭگو يېرىنى سەيلى قىلىۋاتامسەن نېمە؟ – دېدى ۋاڭلى ئىشىكتىن كىرە – كىرمەي.

ـ كېلەچەك دېدىڭىزما؟ ـ ھايرانلىقتا سورىدى لو ـ لەڭ.

ـ شۇنداق! ـ ۋاڭلى خەرىتىگە يېقىنلاشتى، ـ بۇ ھەممىسى بىزنىڭ يېرىمىز، ـ دەپ سوۋېتلەر سويۇزىغا تەۋە سىبىرىيە، قازاقىستان، قىرغىزستان ۋە ئۆزبەكىستاننىڭ چوڭ قىسمىنى بويلىغان قىزىل سىزىقنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە ھىندىستان، نېپال، بىرما، كامبودژغا ئوخشىغان چېگارىداش مەملىكەتلەرنىڭ يېرىگىمۇ ئېچكىرىلەپ كىردى ئۇنىڭ قولى.

ـ تېخى مۇنداق دەڭ...

ـ شۇنداق بولمايچۇ! ياۋروپالىق لومودىلارغا ئاسىيا قىتئەسىدە نېمە بار!

ـ سوۋېتلەر سويۇزىنىڭ قانۇنىي تەۋەلىكىگە قانداقلارچە "بىزنىڭ يەر" دەپ ئېغىز ئېچىپ بولار؟

ـ ئۇلۇغ جۇڭگوۋا خەلقى پۈتۈن ئالەمگە ئېگىدارچىلىق قىلىشى لازىم، ـ دەپ شۇئار ئېيتقاندەك ۋاقىرىدى ۋاڭلى.

ـ تېخى شۇنداقمىدى؟ كوممۇنىستىك، ئىنتېرناتسىئونالىلىق پرىنسىپلار قېنى؟

ـ ئاخماق! ماۋ ـ جوشى مەپكۇرىسى دۇنيا خەلقىنىڭ نىجات يۇلتۇزى بولۇشى شەرت! ـ شەپىرەڭ قانات قاققاندەك، قوللىرىنى شىلتەتتى ۋاڭلى، بارغانچە قىزىپ.

ـ ماركسىزم، لېنىنىزم؟

ـ ئۆتمۈشنى غاجىلاپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ـ ئۇ دېۋەيلىگەندەك لو ـ لەڭگە ھۈرپەيدى. ـ ھازىر ماۋ ـ جوشى مەپكۇرىسى دۇنياۋىي ئەھمىيەتكە ئېگە. باشقا "ئىزىملىرىڭنىڭ" كېرىگى يوق!

بۇ خىل سەپسەتە ۋە جۆلۈشلەردىن ئىنتايىن غەزەپكە كەلگەن لو ـ لەڭ ۋاڭلىنىڭ كانىيىنى بوغماق بولدىيۇ، لېكىن يولداشلىرى ۋە سەلەي بىلەن خۇماخانىلار ئېسىگە چۈشۈپ، ئۆزىنى زورغا توختاتتى. ئۇ:

ـ ھەممىنى كېلەچەك بەلگۈلەيدۇ، ـ دەپ قويىدى خالاس. ئىچىدە بولسا: "زور خائىنلىق ۋە مۇتەھەمچىلىككە ئايلىنىپتۇ بۇ مۇناپىقلار... بېچارە خىتاي خەلقى ۋەيرانچىلىققا دۇچار بولمىسا..."

ـ ھەممە ھەرىكەت ـ پائالىيىتىمىز، ـ دېدى لو ـ لەڭنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى بۆلگەن ۋاڭلى، ـ موشۇ باش يولغا مەركەزلەشمەك، لو ـ

لەڭ!

- خې... - دەپ كۈلدى لو-لەڭ.

- ئىشىڭغا بار. سەلەيىنى سىرتتا داۋالاشقا رۇخسەت قىلدى.

- ماقۇل.

- لېكىن شەرتىم بار.

- قانداقچە؟

- بىرىنچىسى، مەخپىي داۋالايسەن، ئىككىنچىسى، قاچۇرۇپ قويساڭ ئۆزەڭ ئۇنىڭ ئورنىدا زىنداندا ياتىسەن؛ ئۈچىنچىسى، ئۇنى ھېچ كىم بىلەن سۆزلەشتۈرمەيسەن.

- بۇيرۇقنى ئورۇندايمەن، - دېدى ئىچىدە خوشال بولغان لو-لەڭ. ئۇنىڭ مونۇ ئەشەددىي زالىمنىڭ قېشىدا ئارتۇق تۇرۇشقا تاقىتى قالمىغان ئىدى.

* * *

مەھبۇسلارنى توشۇيدىغان مەخسۇس ئاۋتوماشىنىدا سەلەي لو-لەڭنىڭ ياتىغىغا يەتكۈزۈلۈپ قويۇلدى.

تېخىچىلا چالا ئۆلۈك ھالىتىدە ياتقان سەلەينى كېرىم بىلەن خېلىچە ئايلامغا كۆرسىتىشنى خالىمىدى لو-لەڭ. ئۇ ئالدى بىلەن سەلەينىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، ئاندىن يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشىدى. "ئۇكولنى كۆتىرەلەيدىكەن"، - دەپ ئۇمۇتلىك پىچىرلىدىدە، قۇۋۋەت بېرىدىغان ئۇكولدىن ئانا تومۇر ئارقىلىق تەنگە ئەۋەتتۈيدى، بەش مىنۇت ئۆتمەي، قاپىغىنى قىيا ئاچقاندەك قىلدى سەلەي ۋە ھالسىز تولغاندى. لو-لەڭنىڭمۇ كۆتكىنى شۇ ئىدى. چۈنكى، سەلەي ئېغىر كېسەل ئەمەس، بەلكى، قىيناق ئازاۋىدىن ھوشسىزلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا تېگىشلىك تىبىي ياردەم قىلىنسا، ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن.

ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈش بىلەن دورا ئىستىمال قىلغىدەك، تاماق يېگىدەك ھالەتكە كەلتۈرۈش ۋە دۇمبىسىدىن كۆيۈك تەسىرىنى ئىچكى ئەزاسىغا ئۆتكەزمەسلىك لازىم. شۇڭا لو-لەڭ سەلەينىڭ جاراھىتىنى ئىنتايىن زەڭ قويۇپ قاراشقا باشلىدى.

ئېغىر كەتمەن بىسلغان جاينىڭ تېرىسى تۈرۈلۈپ چىققانلىقتىن، كاۋاپ بولغان گۆش قورۇلۇپ قالغان ۋە قانداقتۇ نە قان نە يىرىڭغا ئوخشمايدىغان سۇيۇقلۇق تەپچىرەپ، شەلۋەرەپ تۇرۇپتۇ.

ياش تىببىي خادىم لو ـ لەڭنىڭ كۆيۈكنى داۋالاش تەجرىبىسى ئاز ئىدى. شۇنداقتىمۇ، چىن قەلبى بىلەن داۋالاشنى نىيەت قىلغان دوربگەر ئىمكانىيەت تاپماي قالمايدىغۇ! لو ـ لەڭ ئىككىلەنمەي تۇرتەكلىنىپ، كاۋاپ بولۇپ قالغان گۆشلەرنى ئاستا ئاۋايلاپ قىيىشقا باشلىدى ۋە سپىرتقا چىلانغان پاختە بىلەن جاراھەتنى تازىلانغاندىن كېيىن، تەننى يۇمشىتىدىغان ماي بىلەن مايلاپ، يۇمشاق، جاراھەتكە چاپلاشمايدىغان قەغەزنى ياپتىدە، ئۇنىڭ ئۇستىگە پاختىنى قېلىن قويۇپ ئۇستىدىن بەلۋاغ قىلىپ ماتاۋەتتى. كۆيۈككە چاپسان تەسىر قىلىدىغان ياغاچ مېيى يوق ئىدى.

بۇگۈنچە شۇنچىلىك داۋالاش بىلەن چەكلىنىشكە توغرا كەلدى. "ئىچكى ئەزالىرى ساق. كۈچلۈك تاماق كېرەك. قانداق بولمىسۇن، توخۇ ۋە تۇخۇم تاپماي بولمايدۇ...".

لو ـ لەڭنىڭ خىيالىنى سەلەينىڭ خېلىلا ئۇنلۇك تۈۋلىشى بۆلۈۋەتتى. بۇ قېتىم سەلەي كۆزىنى ئېچىپ، پۇت ـ قولىنى قىمىرلاتقان ئىدى. "ئۆلمەي ـ سەن، سە ـ لەيى" دەۋەتتى خوشاللىقىدىن لو ـ لەڭ ۋە سەلەينىڭ بېشىغا يەنە بىر ياستۇقنى جۈپلەپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنى دۈمگە ياتقۇزغان پېتى، چاڭگىلىشىپ، سىركە ـ پىشتىت ئۇگسىغا ئايلانغان چېچىنى قىرقىشقا باشلىدى...

ئەتىسى لو ـ لەڭ بىلەن بوۋاي، موماي ئۈچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا "ئائىلەۋي" مەسلىھەت بولۇپ ئۆتتى. ئادەمنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جاراھىتىنى داۋالاشتا سەمىمىي مېھرىۋانلىق بىلەن ئىللىق دىلكەشلىكتىن ئۇلۇغ مەدەت بولسۇنمۇ؟ لو ـ لەڭ جىگەر ـ باغرى بىلەن كۆيۈنىپ پەرۋىش قىلىۋېدى، بىر كۈن ئىچىدىلا سەلەي ئادەم سىياقىغا كىرىپ قالدى. ئۇ بوۋاي ـ موماي بىلەن ئۆلۈك ھالىتىدە ئەمەس، خېلىلا ئەسلىك ھالەتتە ئامان ـ ئېسەنلىك سوراشقان ئىدى.

ئۇلارنىڭ بۇ دەسلەپكى ئۇچرىشىشى، گەرچە، ئىنتايىن كۆڭۈلسىز

بولسىمۇ، شۇ كۆكۈلسىزلىكنىڭ ئاخىرىسىدا ياش يىگىتنىڭ ھاياتى ساغلاملىقىغا بولغان ئىشەنچ ـ ئۈمىت يورۇپ تۇرغاندەك قىلاتتى. كېرىم ۋە خېلىچە ئايلام باشتا ئۆپكىلىرى ئۆرۈلۈپ يىغلاشسىمۇ، سەلەيىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇتۇپ، ئۇنىڭغا شىپالىق تىلىگەن چاغدا ئۆزلىرىنى تىمەن تۇتۇپ، سەلەيىنىڭ قىسىنماي، ئۆز ئائىلىسىدەك ئاياق سۇنۇپ ئارام ئېلىشىنى ئۆتۈنۈشتى.

سەلەيىنىڭ سەللىمازا ساقىيىشى ئۈچۈن ئۈچ تۈرلۈك شىپالىق: جاراھەتكە لايىق دورىلار، روھىي دورا ۋە ئەڭ مۇھىم ـ قۇۋۋەت بېرەرلىك غىزا ـ تائام زۆرۈر ئېدى. بۇلاردىن يۇقارقى ئىككىسىنىڭ ئىمكانىيىتى بولسىمۇ، ئۈچىنچىسىنىڭ ئورنىنى قىلىش بەسى مۈشكۈل. لو ـ لەڭ گلىيۇكوزا ۋە بەزى ۋىتامىنلارنىڭ ئامالىنى قىلدى. لېكىن ئەڭ مۇھىمى ئىسسىق تاماق كېرەكقۇ! نان، گۈرۈچ، گۆش، ماي، تۇخۇم، ئوخشىغان ئاساسىي يېمەكلىكلەر شۇ كۈنلەردە ئانقانىڭ تۇخۇمىدىنمۇ كام، يوق بولۇپ كېتىشى تۇپەيلىدىن، قانچە ئۆرۈنۈپ كۆرمىسۇن، بۇ نەرسىلەرنى دەسلەپكى كۈنى تاپقىلى بولمىدى. لو ـ لەڭ بىر ئامالاپ، زىندان كۈزەتچىلىرىنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ، بىر قوشۇقچە قوي يېغى ئوغۇرلاپ چىقتى. بۇگۇن شۇ ياغ بىلەن يېرىم موما، بىر ئوچۇمچە قاغا جىگدىسى تالقىنىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئاتىلا ياساپ بېرىشتى ۋە ئېھتىيات ئۈچۈن ساقلاپ قويغان لو ـ لەڭنىڭ خىتاي شېكىرىمۇ سەلەيىنىڭ ئۇسسۇزلۇق شەربىتىگە ئىشلىتىلدى. ئەندى قانداق قىلىپ قۇۋۋەتلىك تائاملار بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش مەسىلىسى تۇرۇپتۇ. شۇ تاپتا ئۈچەيلەن شۇ مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇشماقتا.

ـ سەلەي ياكىشى. يۇلەك ياكىشى. كۈچ تولا ـ تولا، تاماكى ياكىشى، شۇ ياكىشى، ـ دېدى لو ـ لەڭ.

ـ دېمەمدىغان، بالام، ـ دېدى لو ـ لەڭنىڭ چالا ـ پۇلا گېپىگە كۆنۈپ قالغان موماي، ـ ئۇ بالىغا قۇۋۋەتلىك تاماق بولسا، دەس تۇرۇپ كېتەتتى.

ـ مەن ئاكىشام توخۇي ئاڭلىدى، ـ ئۆتكەن كېچە سەلەيىنىڭ ئېلىپ كېلىۋاتقاندا توخۇنىڭ چىلىلىشىنى ئاڭلىغانلىقىنى گەپ، ئىشارە ئارىلاش ئېيتىپ بەردى لو ـ لەڭ.

ـ ھە، ھە، بولدى، ھېلىقى "چوكا بوستان" كوچىسىدىكى پاشاخان سەتەڭنىڭ ئىككى مېكيان، بىر چا غورىزى بار دەۋاتقان، ـ دېدى كېرىم.

ـ ھېلىقى زايىر زاغۇننىڭ يېقىنى پاشاخانما؟ ۋاي، ئاتامەي... ئۇ ھازازۇلدىن تۇخۇمنىڭ شاكىلىمۇ ئاشماس، ـ دەپ بېشىنى لىڭشىتتى موماي.

ئۇلار ئۇ ياقتا ـ بۇ ياقتا سۆزلىشىپ، ھېچ يەردىن نە تۇخۇم ۋە نە توخۇ چۈجىسىدەك نەرسە تېپىشنىڭ ئورنىنى قىلالمىدى. لو ـ لەڭغۇ ئەتىگىچە ئامال قىلىپ، ئىككى ـ ئۈچ موما، شېكەر، ئاز بولسىمۇ مايىنىڭ ئامالىنى قىلىشنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە قوي ئورنىدا بىرەر توخۇ بوغۇزلاپ، ئىسسىققىنا شورپا قايناتقۇسى بار ئىدى. ئاخىر سۆز پاشاخاننىڭ توخۇلىرى ئۈستىگە بېرىپ تىرەلدى. لو ـ لەڭ ئوغرىلاشنى تەكلىپ قىلىۋېدى، ئېھتىياتچان كېرىم ئورنىدىن مۆڭكۈپ كەتتى. مۇنداق چاغلاردا غەيرەت جەھەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان موماي:

ـ ئاشۇ ياش يىگىت ئۈچۈن بىرەسىمىز ئۆلسەك نېمە بولاتتى؟ ئۇيالسىلىچۇ، كېرىماخۇن! ـ دەپ بوۋاينى جېمىلىدى موماي. كېرىم ئۇيىلىپ قالدى. ئۇ:

ـ ئەمدى، ئەرزىمەس نەرسە ئۈچۈن بالاغا قالمايلى دەيمىنا.

ـ قانداقچە ئەرزىمەسكەن؟ بالىنى ھايات ساقلاپ قالايلى، كېرىم چوڭ.

ـ خاپا بولما، ئاناڭزا. مەن ئۆزۈم بالىدۇ.

ـ ياقە، نېمە دېگىنىڭ، بالام! سەن مەندەك يۈز قېرىغا تەڭ كېلىسەن... بولمايدۇ، مانا مەن جېنىمنى تىكتىم...

كېرىم راستىنلا ھاياجانغا كەلگەن ئىدى. ئىنتايىن ئېھتىياتچان، ھەتتا كۆلەڭگۈسىدىنما قورقىدىغان بۇ ئادەمگە لو ـ لەڭنىڭ ئادەمگەرچىلىكى چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئىدى. ئۇ راستىنلا لو ـ لەڭنى ئۆزىدەك يۈز ئادەمگە تەڭ قويمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپچىلىككە پايدىسى، مەنپەئىتى، ياردىمى تېگىدىغان كىشىنى چىن كۆڭلىدىن ئاياتتى. كېرىم، ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئوغرىلىق ئىشقا قەدەم قويۇشقا بەل باغلىدى. ئۇنىڭ بۇ قەدىمى قانداقتۇر شەخسىي غەرەز ياكى مەجبۇرىيەت بولماي، ئىختىيارىي،

خالىس قەدەم ئىدى.

ئائىلىۋى مەسلىھەتنىڭ بىرىنچى مەسلىسى پاشاخان سەتەڭنىڭ توخۇلىرىنى ئوغرىلاش باققال زىممىسىگە ئارتىلىپ ئاياغلاشتى. ئەندىكى مەسلە خۇماخانغا خەۋەر بېرىپ، ئۇنى چاپسان يەتكۈزۈپ كېلىش كېرەك. دولان يېزىسىغا پىيادە ئادەم ئۈچ كۈندە ئاران بارىدۇ. هازىر ئوزۇق، ئۈلچەم ۋاقتىدا، قۇۋۋەت ئاز بولغانلىقتىن، بەش كۈندە ئاران يېتىپ بارار. كېلىش بەش كۈن ـ دېمەك، ئون كۈن. ئۇنغىچە سەلەينىڭ يەتتە كۈنلۈك قەرەلى تۇگەپ، زىندانغا كىرىپ كېتىدۇ. تېخى كىم بارىدۇ؟ توخۇ مەسلىسى كىرىمگە يۈكلەندى، مومايىنىڭ پۇتى ئاغرىق، لو ـ لەڭ سەلەينى داۋالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەتتىكى ئادەم رۇخسەتسىز قانداق ماڭالىسۇن؟ نېرى تات، بېرى تات ـ هېچ ئۈچىغا چىقىشالمىدى.

ـ تەۋەككۈل خۇدا، ـ دېدى كېرىم ساقاللىرىنى تىترەتكەن هالدا، ـ سەلەينىڭ تەلىيى بولسا، خۇماخان ئۆزى كېلىپ قالار.

لو ـ لەڭ بىلەن موماي گەپ قېتىشماي، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇشاتتى. لو ـ لەڭ: "لويۇ قايتىپ بارسا، ئالغاچ كېلەر... ئۇنىڭدىن باشقا تايانچى يوق. بۇ قېتىم ئۇنارمىكىن؟ يەنە يالۋۇرۇپ كۆرەي..." دەيتتى ئىچىدە. خېلىچە ئايلام بولسا: "تۇغقىنىم ئۆلۈپ قالدى" دەپ دۇيجاڭدىن رۇخسەت سورىسام، ئىشەكلەردىن بىرەسىنى بېرەر..." دەيتتى ئۆز ـ ئۆزىگە. نېمىلا بولسا، بىرەر ئامال ئىزدەش لازىمدە! باشنى خېلىلا قاتۇرغان بۇ مەسلىدىمۇ بۇ تۇگۇنگە كېلىشتى ئۇلار. لو ـ لەڭ بىلەن خېلىچە ئايلام هېلىقى ئويلانغانلىرى بويىچە هەرىكەت قىلىشىپ كۆرمەك بولۇشتى ـ ئىككىنىڭ بىرى بولۇپ قالار...

## IX باب

يولخەت تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلغان لويۇ، كورلىنىڭ سىرتىغا چىقىشى بىلەن، تاش يولدىن چەتنەپ،

يانباغىرلاپ كېتىدىغان هارۋا يولىغا چۈشۈۋالدى. ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يولدا كونا ماشىنا پومزەكتەك قاڭقىپ، جالاقلاپ كېتەتتى ـ دە، خۇماخاننىڭ سۆڭەك ـ ئۈستىخانلىرى زىڭىلداپ ئاغرىسىمۇ، چىشىنى چىشىغا بېسىپ تېچ ئولتۇراتتى. لويۇ بولسا، ئىلاجى بار ماشىنىسىنى سىلىق هايداشقا تىرىشاتتى. مۇشۇ هالەتتە تاڭ سۈزۈلگۈچە يول ماڭغان يولۇچىلار ئاخىر كورلىنىڭ شەرقى ـ جەنۇبىدىكى چاقىلىق قىرغاقلىرىغا تۇتىشىدىغان دۆڭگە ياماشقاندا:

ـ ئازراق دەم ئالمىساق بولمىدى، ـ دېدى هالىدىن كەتكەن شوپۇر ماشىنىسىنى توختىتىپ ۋە يەرگە چۈشۈپ كېرىلدى ـ دە، ئۇيقۇسىز تالغان كۆزلىرىنى ئۇۋىلىدى.

ـ مېنى دەپ سىزما ئاۋارە بولدىڭىز، ـ دەپ ئەپۇ سورىدى خۇماخان.

ـ مۇنداق ئۇيقۇسىز تۈنلەرنى تالاي قېتىم ئۆتكۈزگەن ئادەملەر بىز، ـ دېدى بالونلارنى تەكشۈرۈۋېتىپ لويۇ. ـ هەتتا، ماشىنا بۇزۇلۇپ، چۆللەردە قالغان كۈنلەرمۇ بولغان. خۇداغا شۈكرى، مونۇ كونا ئاداشمۇ بۇزۇلۇپ قالمىدى.

تاڭ ئېتىپ، قۇياشنىڭ ئالتۇن شولىلىرى ئەتراپقا سەپسېلىشقا باشلىدى. كورلا ۋادىسىنى ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان كۆنچى دەرياسىنىڭ ئېقىنى خۇدى كۈمۈش قەمەر ئوخشىغان پايانسىز ۋادىنى ئايلىنىپ ئاقماقتا. چېكى يوق ۋادا بولسا، يېشىل گىياھ دېڭىزىدەك دولقۇنلىنىپ، كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. بۇ دىيارنىڭ گۈزەللىكىگە مەپتۇن بويۇنتۇرۇقىدەك، كۆز ئۈزمەي قاراپ قالدى خۇماخان. ئۇ شۇ تاپتا هەممە دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۇنتۇغان، خىياللىرى ئانا ماكانىنىڭ كەڭ قۇچىقىدا سەيلانە قىلاتتى. بەلكىم مۇشۇ كۆركەم يېرىمىز ئۆزىمىزگە دۈشمەن بولغاندۇر... مۇشۇ يەرنى تالاشقان باسقۇنچىلار بىزنى شالاپ چىقارماقچىدۇر..."

ـ بىزنىڭ خىتايلار، ـ دېدى خۇماخاننىڭ ئىچكى كەچۈرمىلىرىنى بۆلگەن لويۇ، ـ كورلىنى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئەڭ گۈزەل جايى جاڭنەنگە ئوخشىتىدۇ. دېمىسىمۇ راستە، قاراڭا، بۇ نېمە دېگەن باي، گۈزەل دىيار؟ يېرىمىزگە لايىق بەختىمىز گۈزەل بولماي ۋاتقىنى ئەلەم قىلىدۇ ـ دە، لويۇ!

- ئۈمىدسىز بولماڭ، سىڭلىم. سىلەرگە: "ئۇسما كېتىدۇ، قاش قالىدۇ، سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ" دېگەن تەمسىل بارغۇ. ھازىرقى قىيان سۇ كېتىدۇ،

مۇشۇ گۈزەل يەر ئۆز ئورنىدا قالىدۇ - خەلق يەنە كۆكىرىدۇ.

- لەۋزىڭىز ياخشى ئىكەن، لويۇ، - دېدى خۇماخان ختاي يىگىتكە چەكسىز مەمنۇنىيەت بىلدۈرۈپ.

- مونۇ قۇرۇق شۇئارچى ئاغمىچىلار سوۋېت ھۆكۈمىتىگە يۆلىنىپ ئىش قىلغاندا، مۇنداق مۇشەققەتكە قالماي، بىزمۇ سوۋېت خەلقىدەك بەختلىك ياشايتتۇق، - دېدى - دە، ئاچچىقىدا قولىدىكى تاماكىسىنى يەرگە تاشلاپ نەچچە قېتىم چەيلىگەن لويۇ، ئېسىغا مۇھىم نەرسە چۈشكەندەك، ئىشتىك سۆزلەشكە باشلىدى، - بىلەمسىز، مەن بىر چوڭ خىزمەت ئورنىدا ئىشلەيدىغان كىشىدىن كورلىنىڭ كېلەچەك لايىھىسىنى ئاڭلىغىنىم بار.

- قانداقچە؟ - دەپ سورىدى لويۇنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ خۇماخان.

- سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تۈزەپ بەرگەن لايىھىسى بويىچە: كورلا تېخىمۇ گۈزەل مېۋىزارلىق، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سانائەت مەركىزى بولۇش بىلەن بىللە، تۆمۈر يول قاتنىشىنىڭ مۇھىم ھالقىسى بولماق ئىكەن.

- شۇنداقمىكىن؟!

- كەلگۈسىدە، - داۋام قىلدى تىلەك - ئارزۇغا تولغان لويۇ، - كورلىدىن تۆمۈر يولنىڭ تۆت تەرەپكە سوزۇلغان تۆت شېخى: بىرى - تيانشاننىڭ جەنۇبىي باغرىنى بويلاپ ئۈرۈمچىگە تارتىلسا، يەنە بىرسى - بىپايان يايلاقلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، مەشھۇر ئىلىغا بارىدۇ؛تارىمنى تارىمنىڭ غەرب ۋە جەنۇب تەرىپىدىكى يوللارنى بويلاپ، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ كۆكسىگە جايلاشقان قەشقەر شەھىرىگە، تۆتىنچى شېخى - تارىم ۋادىسىنى توغرا كېسىپ، كۇئېنلۇن تېغى ئېتىكىدىكى چەرچەنگە بارىدىكەن... قاراڭا، ئەگەر مۇشۇ پىلان سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان بولسا، ئادەملەر قانچىلىك راھەتتە ياشار ئىدى...

- ھازىر قۇرۇلۇش ئورنىنى تۈرمە - زىندان ئىگىلەپ ئالدىغۇ.

- ياق - ياق! - دەپ قولىنى شىلتەتتى ھايات سۆيەر ختاي يىگىتى، - ئاز ساندىكى تەۋەككۇلچىلەر مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. خەلق

ئۆز يولىنى تاپماي قالمايدۇ... كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، ئاشۇ پىلان ئەمەلگە ئاشىدىغان كۈنلەر چوقۇم كېلىدۇ...

ــ كاشكى دېگەنلىرىڭىز كەلسە، ــ دېدى مونۇ ئوپتىمىست يىگىتنىڭ يالقۇنلۇق ئارزۇ ــ ئارمانلىرىدىن كۆڭلى بىر قەدەر تىنغان خۇماخان.

ــ بىزنىڭ تارىخىمىزدا مۇنچىلىك ئەخمىقانە ھەرىكەتلەرنىڭ بولغىنىنى ئاڭلىماپتىمەن. خۇددى ئودىكام ئويىنىدەكلا بىر ئىشلارغۇ بۇ!

خۇماخان شۇنداق كۈلدىكى، ئۆتكەن نەچچە ئاي ئىچىدە مۇنداق راھەتلىنىپ كۈلمىگەن بولغىيدى.

ــ سەددىچىن سېپىلىنى خەلق سۆڭىكىگە ئارىلاشتۇرۇپ سوقتۇرغان چىڭ ــ شىخۇاڭ بۇ قەدەر زالىم ۋە رەزىل بولمىغان، ــ دەپ داۋام قىلدى لويۇ.

ــ ياق، خەلق بۇ زۇلۇمغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ ــ ماۋچىلارنىڭ ئەدىپىنى شۇنداق بېرىدۇكى، خاي ــ خەي...

خۇماخان تاكى دولان يېزىسىغا يېتىپ كەلگۈچە ماشىنا ئازابىنى سەزمەي قالدى. مونۇ كۆرۈنۈشتە ئاددىي ــ ساددا، پاكار، دوغىلاق، قېلىن كالپۇكلىرىدىن كىنايە تەبەسسۇم كەتمەيدىغان، ئۇيغۇرلارغا ئارىلىشىپ چوڭ بولغان خىتاي يىگىتى ھازىرقى ۋەزىيەت توغرىلىق خېلى قىزىق يېڭىلىقلارنى ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ سەممىيىتىدىن رازى بولغان خۇماخان: "ھەر مىللەتنىڭ ياخشى ــ يامىنى بولىدىكەن. ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش خاتا، ئەلۋەتتە. ئەگەر ھەممىلا خىتاي لو ــ لەڭ بىلەن لويۇ ئوخشاش بولسا، ئارىمىزدا ئالىلىق بولماس ئىدى..."

ــ بەلكىم ئۆز يېزىڭىزنى تونۇماي قالارسىز، خۇماخان، ــ دېدى دولان يېزىسىنىڭ چېتىگە كەلگەندە ماشىنىسىنى توختاتقان لويۇ.

ــ خۇدايىم، بۇ نېمە ۋاقىئە؟! ــ دەۋەتتى كابىنىكىدىن چۈشۈپ ئەتراپقا كۆز تىككەن خۇماخان. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بۇرۇنقى بۈك ــ باراقسان دولان يېزىسىنىڭ ئورنىدا تاقىر، خۇددى چېچى يوق تاز جۇۋاندەك سەت، قاقشال يېزا كۆرۈندى.

ــ بىلەمسىز، بۇ ــ سەكرەپ ئىلگىرىلەشنىڭ خۇلاسىسى، ــ دېدى ــ دە جاراڭلىق كۈلۈشكە باشلىدى لويۇ. ئۇ قىسقا، لېكىن توغرا خۇلاسە

چىقارغان ئىدى.

"ئۈلۈغ داھىي" ماۋجۇشىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەمەلگە قويۇلغان "ئۈچ قىزىل بايراق" — باش يول، سەكرەپ ئىلگىرىلەش، خەلق كوممۇنىسى، ئىقتىسادىي بوھرانچىلىق بىلەن ماددىي ۋەيرانچىلىققا ئېلىپ كەلگەن ئىدى. پولات تاۋلاشتا مىڭلىغان ئات ـ ئۇلاقلار ئۆلۈپ، يىقىلغۇ يېتىشمىگەنلىكتىن، دەل ـ دەرەخلەر، ھەتتا باغلاردىكى مېۋە دەرەخلىرى كېسىلىپ، ئوتۇن ئورنىدا يېقىلغان. لېكىن پولات ئورنىغا داشقال ئېلىنىشقان ئىدى. دولان يېزىسىدىكى قەدىم زاماندىن كۆكلەپ كەلگەن مېۋىلىك باغلارمۇ شۇ "قۇربانلارنىڭ" بىرسىدە!

— ئەنە قاراڭا! — دەپ يان باغرىدىكى تۇتەك چىقىۋاتقان قاتار "پولات تاۋلاش" ئوچاقلىرىنى كۆرسەتتى لويۇ، — ئاشۇ ئوچاقلارنىڭ بېشى ئامان بولسا، ئەتە ـ ئۆگۈن ئادەملەرمۇ يېقىلغۇغا ئايلىنىشى چوقۇم...

خۇماخاننىڭ ھېلىقى "كۈرەش مەجلىسى" كۈنى ۋېلاخۇننى سولاققا ئېلىشقاندىن كېيىن، قالغان "يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇرلارنى" ئۈچ كۈن ئۇدا كۈرەش قىلىپ، پولات تاۋلاشقا ئەۋەتكەنلىكى، شۇ قاتاردا ئۆزىنىڭمۇ بارلىقى يادىغا چۈشكەندە، بەدىنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

— ئىپلاسلارەي...

— ئەتە قاراڭغۇ چۈشكەندە مەشەگە كېلىڭ، — دېدى ـ دە، ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇردى لويۇ ۋە كابىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ، — ئامان بولساق تېخى ئاجايىپ باغلارنى كۆكەرتىمىز، خۇماخان! — دەپ قوشۇپ قويىدى. ماشىنىنىڭ قارىسى يۈتكىچە قوزۇقتەك تىك تۇرۇپ قالغان خۇماخان، بىردىن يېزا تەرەپكە قاراپ ئىلدام مېڭىپ كەتتى.

* * *

ھەر يىلى باھار پەسلىدە بەزمە قىلىپ، مەشرەپ ئوينايدىغان بوستان قېنى؟ قېنى، قاياققا كەتتى چىلان دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرىغا قونۇۋېلىپ، خەندان ئۇرىدىغان گۈل ئاشىقلىرى — بۇلبۇللار؟ ھە، راستلا، "تۆت زىيانكەشكە قارشى تۇرۇش" ھەرىكەت مەزگىلىدە قۇشقاچلارغا قىرغىن

تەككەن مەزگىلدە، بۇلبۇل بىچارىلەرمۇ ئاپەتكە ئۇچرىغانە!
خۇماخان ئاستا بىسىپ، شىرغىپ ئىقىۋاتقان ئېرىق لېۋىگە كەلدى. "ھېلىمۇ ياخشى سۇ يوقاپ كەتمەپتۇ..." ئۇ يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ، سۇدىن نەچچە ئوچۇم ئىچىۋىدى، خېلىلا يېنىكلەپ،يەڭگىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. تۇغۇلۇپ ـ ئۆسكەن دىيارنىڭ سۈيى ـ دەردىڭگە داۋا، رەنجىڭگە شىپا، دېگەن بىكار ئەمەستە! بۇلتۇر سەلەي ھەربىي خىزمەتتىن قايتقاندا، دەل مۇشۇ ئورۇندا، مۇشۇ سۇدىن ئوچۇملاپ ـ ئوچۇملاپ ئىچىپ يۈرىكىنى قاندۇرغان ئىدى. لېكىن ئۇ چاغدا ئەتراپ بۈك ـ باراقسان سايىۋەنلىك بولۇپ، دىل ئاراملىق بەخش ئېتىپ، تىللا تەڭگىدەك چىلان دانىلىرى مەي باغلاپ تۇراتتى. ھازىر ھېچ نەرسە يوق ـ تاپ ـ تاقىر...
قاياقتىندۇر پەيدا بولغان قۇيۇنتاز ئەخلەت ـ چاۋارنى مانانلاشتۇرۇپ، خۇماخاننىڭ كونا ياغلىغىنى ئۇچۇرتۇپ كەتتى.
ـ ئۇچۇرت، يىراق ـ يىراقلارغا ئۇچۇرت؟ سەن قالغان بىزنى بوزەك قىلمىغان.
ـ تەتۈر شامال! ـ ھەسرەتلىك پىغان چىقاردى خۇماخان ۋە ئەسەبىي كۇلۇۋەتتى.
نېراراقتىكى بۇلاق تۇۋىدە نىمە سەۋەبتىندۇر ئامان قالغان يالغۇز تۇپ قېرى قارىياغاچنىڭ شاخلىرىغا يامىشىپلىشقان ئۇچ ـ تۆت خىتاي باللىرى يېگىدىن بۆرتىشكە باشلىغان "پۆرلەرنى" ئاچ كۆزلۈك بىلەن تالىشىپ يېيىشمەكتە. يېشى چوڭراقى بولسا، قېرى ياغاچ ئۇچىغا چىقىپ، ئاچىماقتىكى ئۇۋىدا ئەندىلا تۆمۈر قانات بولغان قاغا باللىرىنى قويىنىغا سېلىپ، تۆۋەنگە چۈشتى.
خۇماخان يېزا كوچىلىرىدا يۈرتداشلىرىدىن ھېچ قايسىسىنى ئۇچرىتالمىدى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قوللىرىدا ياۋا كۆكتات سېلىنغان سېۋەت كۆتۈرگەن خىتاي ئاياللىرى، چۈچۈك بۇيا يىلتىزى شورىشىپ يۈرگەن شۇمتەكلەر كۆزگە چېلىقاتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە پاكىزە سۈپۈرۈلۈپ، سۇ سېپىلىدىغان ئىشىك ـ ئارامىلار ئەمدى مەينەتلىشىپ، ئەخلەت ـ دۆۋىسىگە توشۇپ كېتىپتۇ.
خۇماخان سەلەيلەرنىڭ ئۆيىگە يېقىن كەلگەندە، ئۇنىڭ يۈرىكى ئويناپ

كەتتى. مانا، مانا، سەلەي يۈگۈرۈپ چىقىدىغاندەكلا، مەرھۇم تاجىخان ئايلام ھويلىدا يۈرگەندەك تۇيۇلدى ئۇنىڭغا. ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگە، خارتىلداپ چىققان قارا چوشقا كۈچۈكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توغرا كېسىپ ئۆتمەسمۇ... "ئاپا!" دەپ ۋاقىراۋەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى خۇماخان ۋە يىرتقۇچ ھايۋاندىن ئۈركۈگەن كېيىكتەك، يۈگۈرۈپ ماڭغىنىچە ئۆيىگە يېتىپ توختىدى ۋە دەرەخكە يۆلىنىپ، خېلىغىچە تۇرۇپ قالدى.

ھېمىشەم چىنىدەك تازا، سەرەمجان ھويلا ـ ئارامنىڭ ئاياق باسقىدەك تازا يېرى قالماپتۇ. سوقما تاملارنىڭ چۆرىسىدىكى نىجاسەتلەرگە ئولاشقان چىۋىنلارغا قارىساڭ قەي قىلىسەن. يۇندا سۇدىن ھاسىل بولغان ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى "كۆلچەك" كۆكىرىپ، قۇرۇتلاشقا باشلاپتۇ. خۇماخان قەي قىلدىيۇ، قوسىغى ئاچ بولغانلىقتىن، بايىقى ئىچكەن سۇيى ئېغىزىدىن يېنىپ كەتتى.

بالدۇر مېۋە بېرىدىغان ئۈچ تۈپ ئۈژمىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. يازلىق ئوچاق ئورنىدا چىلە ـ تېزەك دۈۋۈسى تۇرىدۇ. بەلكىم، پىلان بويىچە يىغىلغان ئوغۇت بولسا كېرەك. ئۆينىڭ ئىشىكى بولسا ـ قىيا ئېچىقلىق تۇراتتى. خۇماخان خۇددى ئۆز ئۆيى ئەمەستەك، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ، بوسۇغىدىن ئاتلىماقچى بولدىيۇ، لېكىن ئۆي ئىچىدىن چىققان ئاجايىپ سېسىق پۇراق دىمىغىغا كىرىش بىلەن كەينىگە داجىپ كەتتى.

ـ كىم؟ ـ دېگەن تونۇش تاۋۇش چىقتى ئۆي ئىچىدىن ۋە يېڭى دەم تۇرغان بالىدەك ئاران تايتاڭلاپ قېرى ئايال پەيدا بولدى. خۇماخان چوققىسىنىڭ تۈكى قالمىغان، ئۆچكە يۈت ختاي ئايالنى تونۇدى. بۇ ئايال ئوغلى بىلەن ھېلىقى "تەقسىماتتا" خۇماخانلارنىڭ ئائىلىسىگە بۆلۈنگەنلەر ئىدى.

ـ داداڭزا يوكى، دېدى چىشسىز ئېغىزىنى يالماپ ئايال.

ئۇنىڭ سۆز ئورامىدىن سادىق بوۋاينىڭ يوقلىغىنى چۈشەنگەن خۇماخان گەپمۇ قىلماي، باققا كىردى. شۇنچە تەل ـ تۆكۈز چىراقلىق باغ قاقاس ئىدى.

خۇماخان ئۆزىنى توختىتالماي يىغلىۋەتتى .چىمەنگۈلمۇ يوق بولۇپ چىقتى . ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىمۇ ئۆز ئائىلىسىگە ئوخشىغان مەنزىرە...

جاندىن ئەزىز ئاتىسى ، مېھرىبان دوستى جىگەرى چىمەننى كۆرۈش ، بىر دەم بولسىمۇ مۇڭدىشىپ ، ھەسرەتلىنىش نىيىتىدە يېزىغا كەلگەن خۇماخان ، خۇددى ئېسىنى يوقاتقان ئادەمدەك ، دولان يېزىسىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى . ئۇ كوممۇنىچىلار ئىشلەيدىغان ئېتىزلىقتا بىرىشنى قارار قىلىپ ، يېزا سىرتىغا ئەندىلا چىقىۋىدى ، تۇڭ ئارتىلغان ئېشەكنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان بالا ئۇچراپ قالدى .

ــ خۇما ئاچا! ــ دېگەن پېتى خۇماخانغا ئېسىلدى بالا .

ــ ھوشۇر ، ھوشۇرەك... ــ خۇماخان خۇشاللىقىدىن بالىنىڭ يۈز ـ كۆزى ، ھەتتا تاز بېشىنىمۇ سۆيۈشكە باشلىدى .

جۇدالىقتىن كېيىن ، يۈرتدىشىڭ بىلەن دىدارلىشىش نەقەدەر خۇشاللىق ـ ھە!

ــ ئېيت ، ھوشۇرگىم ، ئېيت ، دادام ، چىمەن ئاچاملار نەدە؟ ئېيتساڭچۇ ، نېمە گۆشىيىپ تۇرىسەن؟ يە ئۇلارنى... ياق ، ياق... سۆزلىمەيلا قوي...

ۋېلاخۇن بىلەن خۇماخان سولانغاندىن كېيىن ، سادىق بوۋاي بىلەن چىمەنگۈلنى "يەر ئاغدۇرۇش" قىلىپ قاياققىدۇر ئېلىپ كېتىشكەن ئىدى . ئۇلارنىڭ بار ــ يوقلىغىنى ئېنىق بىلمەي ، كۆڭۈل جاراھىتى ئۈستىگە جاراھەت قوشۇپ ، نائىلاج كورلىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى خۇماخان .

* * *

تۇغۇلۇپ ـ ئۆسكەن يېزىسىنىڭ مۇنچىلىك كۆڭۈلسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرگەن خۇماخاننىڭ دەردى يەنە بىر ھەسسە ئاشقان ئىدى . كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەردىن ئۇلۇغ نەرسە بولمايدىغۇ! گەرچە ، دولان يېزىسى شۇنچە خارابى ھالەتكە چۈشكەن بولسىمۇ ، خۇماخاننىڭ كۆزىگە تېخىمۇ قىممەتلىك ، تېخىمۇ قەدىرلىكتەك كۆرۈندى .

ئۇ تۇغۇلغان يېزىدىن قېچىپ كېتىۋاتقىنى يوق . ھازىر ، شۇ تاپتا ھېلىقى لويۈنىڭ ماشىنىسىنىڭ كابىنكىسىدا ئولتۇرۇپ كېتىۋېتىپمۇ ، دولان

يىپزىسىنى ھازىرقى خارابى ھالەتتە ئەمەس، بۇرۇنقىدىنمۇ گۈزەل، چىرايلىق ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلاتتى. بەلكى، سەلەي بىلەن دىدار كۆرۈشۈشكە تەلپۈنگەن قىز، سەلەي ئۆسكەن، سەلەيىنىڭ نىپىنىڭ ئاۋازى سىڭگەن يىپزىنى ھەرگىز خانۇ ـ ۋەيران ھالەتتە كۆرگۈسى كەلمىگەندۇر...

...شاپتۇلا چىچەكى مەزگىلى ئىدى. بۇ پەسىلدە گۈل ـ چىچەك ئوخشاش قىز ـ چوكانلارنىڭ نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئويغىنىپ، غايىب، لېكىن مۇقەررەر مۇھەببەتكە تەلپۈنۈشەتتى. خۇماخانمۇ شۇ شاپتۇلا چىچەكى مەزگىلىدە سەلەيگە مۇھەببەت باغلىغان ئەمەسمىدى؟ ۋىلاخۇن "قارىقاش" بىلەن چىمەنىنىڭ توي ـ نىكاسى ئادەتتىكىدەك كۈز پەسلىدە بولماي، شاپتۇلا چىچەكى مەزگىلىدە بولغان. توي مەرىكىسىدە يىگىتلەر تاجى سەلەي، قىزلار تاجى داڭقىنى ئالغان خۇماخانىنىڭ بەسلىشىپ ئېيتىشقان غەزەللىرى ھەممىنى تاڭ قالدۇرغان ئەمەسمىدى؟ بەسلىشىپ ئېيتىشتا سەلەي خۇماخاننى يېڭىۋالغان. ياق، خۇماخان ئەتەي يېڭىلىپ بەرگەن ئەمەسمىدى؟ دوستلىرى خۇماخاننى جىملىگەندە خاپا بولۇپ، قىزىرىشىنىڭ ئورنىغا، سەلەيدىن يېڭىلگەنلىكىگە ئىچىدە خۇشال بولغان ۋە شۇ سائەتتىن باشلاپ ئۇنىڭ نەزىرىدە سەلەي ھەممىدىن گۈزەل، ھەممىدىن ئۇستۇن، ھەممىدىن دىلكەش، ۋاپادار بولۇپ، يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئورۇن ئالغان ئىدىغۇ؟ .. باش توخۇ چىلىلىدى. ئۇلار توي مەرىكىسىدىن قايتىشتى. ئۆيگە كەلگۈچە كۈچلۈك ھاياجان ئىچىدە سەلەيىنىڭ ئېيتقان قوشاقلىرىنىڭ ئىچىدە كۆڭلىگە ئورناشقانلىرىنى تەكرارلاپ كەلگەنە! خۇماخان تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بارغانچە ئىشتىك سوقاتتىدە، پۈتۈن ۋۇجۇدى چوغدەك قىزىپ كەتكەن ئىدى. ئۇچقۇر خىيالى بولسا، سەلەينى قانىتىغا مىندۈرۈپ، ئېگىز كۆكتە سەيلە قىلاتتى... خۇماخانىنىڭ قۇلىقىغا نەي ساداسى ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ چۆچۈپ قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، تىنىقىنى ئىچىگە سىڭىرىپ تىڭشىدى. نەي ساداسى تەكرار ئاڭلانمىدى.

خۇماخان يۈگۈرۈپ دېرىزىدەك باققا چىقتى. تاڭ سۈزۈلۈپ، شەرقتە قۇياشنىڭ ئالتۇن رەڭ سىزىقلىرى كۆرۈنمەكتە. تاڭ ئاتقىچە گۈل ئىشقىدا سايراپ، رەناسىنىڭ چىچەك ئاتقىنىنى كۆرەلمەي، ئۇيقۇ غەپلىتىگە

گىرىپتار بولغان بۇلبۇلنىڭ خەندانى توختىغان. باغ ئىچىنى سەھەر سۈكۈناتى بېسىۋالغان ئىدى. خۇماخان شاپتۇلنىڭ توپ ئېچىلغان نوتىسىدىن بىرىنى ئۈزدى ـ دە، كۆكسىگە باسقان پېتى ئېرىق لېۋىگە ئولتۇردى ۋە ئاخشام سەلەي ئېيتقان ناخشىنىڭ بىرىنچى مىسراسىنى سەلەيدىنمۇ يېقىملىق ئاۋازدا ئېيتىشقا باشلىدى:

قىزىرىپ تەنگە سىغماسمەن،
مەگەر كۆرسەم جامالىڭنى.
جىمي ئالەمگە بەرمەسمەن،
سېنىڭدەك جورىخانىمنى...

خۇماخان ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئۇنىڭ ناخشىسى ئاياغلاشمايلا، ناخشىنىڭ داۋامىنى سەلەي ئېيتقان ئىدى:

قىزىرىپ چىقساڭ ھويلاڭدىن،
ئاكاڭ ئايلانسۇن بويۇڭدىن.
جىمي ئالەم ساڭا خۇشتار،
سېنىڭكى پەيلى ـ خۇيىڭدىن...

سەلەي چىپتا تامدىن سەكرەپ چۈشكىچە، يۈگۈرۈپ بارغان خۇماخان ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلغان ئىدى...
ـ مەشەدە چۈشۈپ قېلىڭ، ـ دېدى لويۇ
شېرىن خىيال دەرياسىغا چۆمۈلگەن خۇماخان ئاۋتوماشىنىنىڭ توختىغىنىنى ۋە كورلىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزمەي قالدى.
ـ رەھمەت، سىزگە. خەتەرنى بېشىڭىزغا ئېلىپ ياخشىلىق قىلدىڭىز. مەندىن بولمىسا، باشقىلاردىن قايتىپ قالار. ـ مىننەتدارلىق بىلدۈردى خۇماخان، يەرگە چۈشۈۋېتىپ.
ـ مېنى لو ـ لەڭدەك ھېسابلاۋېرىڭ، سىڭلىم. ئادەم ياخشىلىق، ھەمكارلىق ئۈچۈن تۇغۇلمىسا، ھاياتنىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن؟ خەير،

ئامان بولۇڭ! ــ دېدى ــ دە، توپا ــ چاڭ تورۇتۇپ، يۈرۈپ كەتتى لويۇ.

## X باب

خۇش مۇئامىلە ۋە ئىخلاسلىق پەرۋىش نەتىجىسىدە، ئىككى كۈن ئۆتمەيلا ئاياغقا تۇرۇپ، ئىشىك ــ ئارامغا چىققۇدەك بولۇپ قالدى سەلەي. ئۇنىڭ قان ــ يىرىڭ تەپچىرەپ تۇرىدىغان جاراھىتى قېتىشىشقا باشلىغان بولسىمۇ، قىمىر قىلسا زىڭىلداپ، يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىشى تېخى توختىغىنى يوق. ئۇ قەددىنى رۇسلاپ ئۆرە بولالمايتتى ۋە ئولتۇرالمايتتى، پەقەت دۈمچە ياتاتتى. بىر قېتىم سىرتقا چىقىپ كېلىش قىزىل ــ قىيامەت ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئورنىغا تاھارەت قىلىشتىن نومۇسلانغان سەلەي، ئاغرىققا چىداپ سىرتقا چىقاتتى. "نومۇس قىلما، ئوغلۇم، مۇنداق كۈن كىمنىڭ بېشىغا چۈشمەيدۇ دەيسەن. تولا قىمىرلىساڭ جاراھەتنىڭ "كۆزى پۈتمەيدۇ"، ــ دەيتتى ئۇنىڭغا كېرىم.

كېچە ــ كۈندۈز نۆۋەت بىلەن بېشىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن ئۈچ كىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن شەپقەت پەرىشتىلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىللىق مېھرى تەپتىدىن خۇددى ئۆز ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئەركىلەپ ياتقان بالا كۈنلىرىنى ئېسىغا ئالاتتى سەلەي. تېنىدە ئىسسىق قان يۈگۈرۈپ، كۆڭلى يورۇپ، ياش يىگىت سائەتلەپ دېگۈدەك كۈچىگە كەلمەكتە ئىدى.

كېرىم باققال ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئوغۇرلۇققا ئاتلىنىپ، ۋەزىپىنى ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق ئورۇنلاپ، پاشاخانىغا تۈيدۇرماستىن ئىككى توخۇسىنى ئوغرىلاپ كەلدى. توخۇلار ھايال قىلماستىن يۇڭلىنىپ، تۆت قېتىم لەززەتلىك توخۇ شوۋىسى پىشۇرۇلغان ئىدى. شۇنداق قەھەتچىلىك زاماندا ئۆز نەپسلىرىدىن كەچكەن ۋاپادارلار، دىماغنى يېرىپ تۇرىدىغان تەملىك غىزادىن بىر قوشۇقمۇ ئېغىزلىرىغا سالماي، سەلەيگە زورلاپ يېگۈزەتتى، ئىچكۈزەتتى. مۇشەققەت بىلەن تېپىلغان دورا ــ دەرمەك، يېمەك ــ ئىچمەكنىڭ مەدەت بولۇشىدىن كۆرە، چەكسىز ئېقىدە ــ مېھىر سەلەينىڭ شىپالىقىغا كۆپرەك مەدەت بولغان ئىدى.

ئۈچ يىل ئەسكىرىي خىزمەتتە بولغان سەلەي خىتايچە تىلنى خېلىلا ئوبدان بىلىدىغان. ئۇ ئېسىنى ئېلىپ، سۆزلەشكە مادارى يېتىشى بىلەن لو ـ لەڭ ئىككىسى دىدارلىششقا باشلىدى. زىندان ۋە نەچچىلىگەن سوئال ـ سوراقلار سىنىقىدىن ئۆتكەن كىشىنىڭ سۆز ـ مۇئامىلىدە ئۆزىنى سالماقلىق تۇتۇشى تەبىئىي نەرسە.

دەسلەپكى كۈنلىرى لو ـ لەڭنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى "ئالدامچىلىق" دەپ ھېسابلىغان سەلەي، دوختۇر يىگىتنىڭ سوئاللىرىغا، ھەتتا "قەيىرىڭ ئاغرىيدۇ" دېگەن سوئالىغىمۇ جاۋاب بەرمەي، دۇم يېتىۋالدى. پەقەت ئىككىنچى كۈنىلا لو ـ لەڭنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ سەممىيلىكىگە، ئۇنىڭدا ھېچ قانداق قارا نىيەت يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېرىم ۋە خېلىچە ئايلامنىڭ ئېغزىدىن لو ـ لەڭ قوشۇلۇپ چىقىدىغانلىقى ۋە لو ـ لەڭنىڭ خۇماخانىغا قىلغان غەمخورلۇقى سەلەينىڭ كۆڭلىنى تىندۇرغان ئىدى. مانا شۇ تاپتا سەلەينىڭ جاراھىتىنى يۇيۇپ، يېڭىدىن دورىلاپ تاڭغان لو ـ لەڭ قەيەردىندۇر تېپىپ كەلگەن "شاڭپەر" (ئالىي دەرىجىلىك) چاينى ئاچچىق دەملەپ سەلەيگە ئىچكۈزدىدە، ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ "ئۇھ" تارتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەددىدىن تاشقىرى ھارغانلىق، قانداقتۇر تەشۋىش ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بۇ ئالامەتلەرنى سەزگەن سەلەي، لو ـ لەڭگە ئېچىنىش بىلەن ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېسابلاپ، ئىچىدە كايىشقا باشلىدى:

ـ مەن تەتۈر پېشانە ئۈچۈن ھالىڭدىن تايىدىغان بولدۇڭدە! ـ دېدى ئۇ.

ـ نېمە دەپ جۆيلۈيسەن، سەلەي! ئەگەر يوق نەرسىلەرنى كۆڭلۈڭگە ئېلىۋەرسەڭ، ئورنۇڭدىن تۇرالمايسەن، بىلدىڭمۇ؟

ـ ئۇنىغۇ قۇلاقتا قۇيۇۋەتتىڭغۇ، لو ـ لىڭىم... ماقۇل، دېگىنىڭنى قىلاي ئەمدى، سەندىن ئۆتۈنۈشۈم بار.

ـ نېمە، ئېيت، دېگىنىڭنى قىلىپ بېرەي، ـ دەپ سەلەينىڭ بېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى لو ـ لەڭ.

ـ ياخشىلاپ ئارام ئالساڭچۇ، قارىغىنا كۆزلىرىڭنىڭ چەكچىيىپ كەتكىنىنى!

ـ دەيدىغىنىڭ شۇمىتى! قارا، تاپقان گېپىڭنى...

ــ ئاندىن، مېنىلا بوداپ، ئۆزۈڭ ئاچ قېلىۋاتىسەن...

ــ يەنە شۇ كونا گەپ! ۋالاقلىماي ئارام ئال!

ــ ماقۇل، ماقۇل.

ئۆي ئىچىنى خېلىغىچە جىمجىتلىق باسقاندەك قىلدى، لېكىن ئۇلار ئۇيقۇ ئارامىنى ئېلىشقىنى يوق ــ ھەر ئىككىسى ئېغىر خىيالغا چۆمۈشكەن ئىدى.

سەلەي تەقدىرگە تەن بېرىشتىن باشقا چارە يوق دەپ ئويلايتتى. ئۇنى قەرەل توشقاندىن كېيىن ھېلىقى تەلەتى سۆرۈن سوراقچى كېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ ـ دە، ئاپارغان پېتى قىين ـ قىستاققا ئالىدۇ... سەلەينىڭ خىيالىدا سوراقچى گەۋدىلىنىدىكەن، بەدىنى تىكەنلىشىپ، يۈرىكىنى سوغ ئامبۇردا قىسقاندەك بولاتتى ۋە بىئىختىيار ئاچچىق پىغان چىقىراتتى. بۇ قېتىم لو ـ لەڭنىڭ كەيپىنى بۇزماس ئۈچۈن ئۈن چىقارماي، تىلىنى قاتتىق چىشلەپ قانىتىۋەتتى.

"ئۆملەپ بولسىمۇ قېچىپ كېتىشىم كېرەك... ياق، ئۆلسەممۇ بۇ قەدەمنى باسماسمەن..." دەپ پىچىرلىدى ئۇ كۆزىنىڭ قىرىدا لو ـ لەڭگە قاراپ. "مەن قاچالىسام، مېنىڭ ئورنۇمدا ئاشۇ ئاق كۆڭۈل يىگىت قىينالمامدۇ؟ ئۇنىڭ ياخشىلىق قىلغىنىغا قايتۇرغان مۇرۇۋۋىتىم شۇ بولىدىكەندە؟! ھەي ئىپلاس سەلەي... ئويلىغان ئويىڭنى قارا!" سەلەي كۆزىنى يۇمدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا خۇماخاننىڭ قەددى تىكلەنگەن ئىدى. "نېمىشكە يېتىپ كەلمەيدىغانسەن، خۇماخان... بىرلا كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم قالماتتىغۇ... ھە ـ ئە! مەندە ئۇنىڭدىن باشقا ئارزۇ قالمىدى..."

سەلەي شۇ خىيالنى قىلىدىكەن، ۋۇجۇدىدا جان قالمىغاندەك بولاتتى. ئۇ زۇلۇم ئوتىدا داغلىنىپ، مۇنچىلىك ھالسىزلانمىغان بولغىيدى. "خۇماخان، خۇمارىم..."

دەپ ئىنتايىن غەمكىن، ھالسىز پىچىرلاپ، كۆيىنگىنى ئاستا، لو ـ لەڭگە تۇيغۇزماي قايرىپ كۆكسىنى يەرگە ياقتى.

لو ـ لەڭ كۆزىنى يۇمۇپ، ئۇخلىغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئۇما گادىرماش ئويلارغا بېرىلگەن. "سەلەينى داۋالاپ، ئۆز قولۇم بىلەن جاللاتلارغا تاپشۇرۇشۇم لازىم.

شۇندا مېنىڭ سەلەيگە قىلغان ياخشىلىغىم نېمىدىن ئىبارەت بولدى؟ سەلەينى ساقايتىپ، قايتىدىن ئازاپلاشقا تۇتۇپ بېرىشتىنمۇ ئېغىر جىنايەت بولامدۇ؟ ئەگەر جىنايەت بولىدىكەن، مۇنچە پاي ـ پېتەك بولۇشنىڭ نېمە كېرىگى بار ئىدى؟ ياق ـ ياق... مەن مۇنداق بولۇشنى كۈتمىگەن..." دەتتى ئۆز ـ ئۆزىگە لو ـ لەك. ئۇ دەسلەپتە سەلەينىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشنى نىيەت قىلغان. ئاخىر نەتىجىدە شۇنچە مەشەققەت بىلەن داۋالاپ، ساقايتىپ، يەنە سوراقچىنىڭ قولىغا تۇتۇپ بېرىش ئۇنىڭ ئېسىغىمۇ كەلمىگەن ئىدىكى، مۇنداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغىنىنى بىلگەندە، ھەرگىز داۋالىماس ئىدى...

"ئەندى نېمە قىلىش كېرەك؟ خۇماخان ئىككىسىنى ئۇچراشتۇرۇپ، سەلەينى ئۇنىڭدىن ئايرىپ، ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىمەن ئىكەندە! ۋاي، نامۇسەي..."

لو ـ لەڭنىڭ ئاغزىدىن ئاخىرقى ئىبارە ئۈنلۈك چىقىپ كەتتى. ئۆز دەردى بىلەن يەرگە كاندەك چاپلىشىپ ياتقان سەلەي ئاڭلىسىنمۇ؟ ئىنتايىن ئېغىر ئېچكىي كەچۈرمىلەرگە بېرىلگەن لو ـ لەڭنىڭ تاماقلىرى قۇرۇپ، يۈرىگى چاكىلداپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە سەلەينىڭ "ئارامىغا" دەخىل بەرمەسكە تىرىشىپ، ھويلىغا چىقتى.

ھاۋا ئوچۇق. سۈپەتەك ئايدىڭ. ئاسمان گۈمبىزىنىڭ قاق چوققىسىغا چىقىۋالغان ئاي جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرمەكتە ئىدى. لو ـ لەڭنىڭ ئېسىگە بەش يىل مۇقەددەم خىلۇڭجاڭ دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا مەھبۇبى لىڭ ـ چۈن بىلەن ئاپپىلىسىن دەرىخىنىڭ سايىسىدا يانمۇ ـ يان ئولتىرىپ، "خۇن ـ لۇ ـ مڭ" (قىزىل روۋاقتىكى چۈش) ناملىق رومانىنىڭ باش قەھرىمانلىرى باۋيۈ دەييۈ ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتى ئۈستىدە ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى ئېيتىشقانلىرى چۈشتى. شۇ كېچە خۇددى بۈگۈنكىدەك ئايدىڭ ئىدى.

ئىككىسى دەريانىڭ تىنىق جايىغا قاماقلارنى سېلىپ قويۇپ، دىل ئەسرارلىقا بېرىلىپ كېتىشكەن ئەمەسمىدى... "لىڭ ـ چۈن نېمە قىلىپ يۈرىدىكىن؟" ئاسماندىكى ئايدىن كۆزىنى يۈزمەي پىچىرلىدى لو ـ لەڭ.

"خەتمۇ يازماس بولۇپ كەتتى. بەلكىم، مېنى بارا ـ بارا ئۇنتۇپىمۇ قالار...

مەجلىس، ئەمگەك... قايسىسىغا ئۈلگۈرىدۇ؟ ئۆزەمچۇ، ئۆزەم؟ ھەتتا

بەزىدە خەت يېزىشقا چولام تەگمەي قالدۇ! لىك ــ چۈندىن خەت كەلمىگىنىگە ئۈچ ئاي، ياق، تۆت ــ بەش ئاي بولدىغۇ دەيمەن! نېمە بولۇپ كېتۋاتىدۇ. ھە؟ ئاستا ــ ئاستا شەخسىي تۇيغۇلىرىمىزدىنمۇ ئايرىلىپ، جانسىز ۋىنتىغا ئايلىنىپ قالدىغان ئوخشايمىز..."

لو ــ لەگىنىڭ خىيالىنى قوۋۇقنىڭ تاقىلدىشى بۆلۈۋەتتى. قوش قوۋۇقنى ئاچقان لو ــ لەك "خۇماخان!" دەپ ۋاقىراۋەتتى خوشاللىغىدىن ۋە ئىككى قولىدىن تۇتقان پېتى ياتىغى تەرەپكە ماڭدى:

ــ قېنى ئۇ؟ ــ سورىدى خۇماخان. ئۇنىڭ تاۋۇشىدىن ھاياجان تىترىگى بىلىنىپ تۇراتتى.

ــ ئۇخلاك دەيدۇ.

ــ توختاڭا، ــ دېدى بوسۇغا تۇۋىگە كەلگەندە خۇماخان. ئۇنىڭ يۈرەك دۇپۇلدىشى لو ــ لەگگە ئوچۇق ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ.

سەلەي نەدىن ئۇخلايدۇ. ئۇ كۆكسىنى يەرگە يېقىپ، باش ــ ئۈچى يوق خىياللار دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرگەندە، قوش قوۋۇقنىڭ تاقىلدىشى بىلەن سەسكىنىپ، بېشىنى كۆتۈرگەن. ئۇنىڭ نازۇك تۇيغۇلىرى خۇماخاننىڭ كەلگىنىدىن دېرەك بەرگەن ئىدىكى، غايىب كۈچ تەسىرىدە ئورنىدىن دەس تۇرغان سەلەي يۈگۈرۈپ دېگۈدەك بېرىپ، ئىشىكنى ئۇلۇغ ئاچتى، شۇئان: "سەلەي! خۇماخان!" دېگەن سادا بىر ئېغىزدىن چىققاندەك تەڭلا چىقتى ۋە ئىككىسى گىرەلىشىپ كېتىشتى...

قەدىردانلىق بىلەن ۋاپادارلىق، تېنەش بىلەن سېغىنىش، دىلكەشلىك ــ دىل راۋالىق ۋە قايغۇ ــ ھەسرەت قوشۇلغان بۇ گىرەلىشىش لو ــ لەگىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەس خاتىرە بولۇپ قالغان ئىدى.

* * *

مۇھەببەت ۋىسالىنىڭ شېرىن ــ شەربىتىگە تەشنا بولغان دىل خەستىلەر ئۈچۈن، ئۈچ كۈن ــ ئىككى دەقىقىدەكمۇ سېزىلگىنى يوق.

ھەر ئىككىلىسى ئاندىن تۇغۇلۇپ، ئۈچلا كۈن ئۆمۈر كەچۈرگەندەك ھېس قىلىشاتتى. ئۈچ كۈن داۋام قىلغان دىلكەشلىك ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭۈل

جاراھەتلىرىگە شىپالىق، يۈرەك دېگىنغا داۋالىق بەرگەن ئېدىكى، گويا ئالەمدە ئىككىسىدىن باشقا بەختلىك ئادەم يوقتەك قىياس قىلىشاتتى.

ئەي، رەزىل پەلەك! سەن كىملەرنى خار، كىملەرنى زار قىلمىدىڭ! شۇ تاپتا ئىككى ياشنىڭ بەختىگە قارا ساناپ، ئىشكىنى ماراپ يۈرسەنا! پەرىشتىدەك ئىككى ياشنىڭ شادىمانلىقىغا دەخىل بەرمىسەڭ نېمە بولار! مانا، خوشاللىق ـ شادىمانلىق ماتەم قايغۇسىغا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

سەلەينى زىندانغا ئېلىپ كېتىدىغان قارا سائەتلار يېقىنلاپ كەلمەكتە...

تەقدىر دېگەن شۇنچىلىك رەھىمسىزمىكىن!..

ئۈچ كۈندىن بۇيان داۋام قىلغان شېرىن سۆھبەت، خۇشال كۈلكىلەر، مۇڭلۇق غەزەللەر جاراڭلىغان ئۆينى، ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلىۋالغاندەك، ماتەم قايغۇسى بېسىۋالغان ئىدى. ئاز كۈن بولسىمۇ ھەقىقىي ھايات قايىنىغان ئۆي ـ ئىچى بىردىن گۆرىستانلىققا ئايلاندى ـ دە، تۆت جان باشلىرىنى ساڭگىلاتقان ھالدا، زۇۋان چىقارماي ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇلارنى تىيانشان تېغىدىنمۇ ئېغىر دەرد ـ ئەلەم بېسىۋالغاندەك تۇيۇلاتتى.

"مانا، مانا ھازىر لو ـ لەڭ چېرىكلەرنى باشلاپ كېلىدۇ ـ دە، سەلەينى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېتىدۇ..." ئولتۇرۇشقان تۆت كىشىنىڭ بېشىغا ئەنە شۇ دەھشەتلىك خىيال ئورۇنلاشقان. نېمە ئۈچۈن ئۇلار ئاخىرقى سائەتتە ئەلۋىدالاشمايدۇ؟ نېمە سەۋەبتىن يۈرەك سىرلىرىنى دېيىشمەيدۇ؟

ئۇلار "خوش"، "ئامان بول" دېيىشتىن قورقۇشاتتى. بۇ سۆزلەرنى ئېيتىش ئۇلار ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر تۇيۇلاتتى. بۇ سەپەر سەلەينىڭ

بارسا ـ كەلمەس سەپىرى ئىكەنلىكىنى قانداقمۇ يوشۇرغىلى بولىدۇ؟ مۇنداق چاغلاردا ئەڭ مۇناسىپ، زۇۋانسىز سۈكۈنات... لېكىن بۇ دەھشەت يوشۇرۇنغان سۈكۈنات تەكتىدە چەكسىز غەزەپ، نەپرەت ۋە ئۈيغۇرلارغا خاس "تەقدىرگە تەن بېرىش" سەۋرچانلىقى يوشۇرۇنغان ئىدى.

لو ـ لەڭنىڭ يالغۇز كىرگەنلىكىنى ھېچ كىم سەزگىنى يوق. بوسۇغىدا تۇرۇپ قالغان لو ـ لەڭ:

ـ چىلاكى كىنى؟ ـ دېدى ۋە يېڭىدىن سەرەڭگىنى ئېلىپ ياندۇردى. چىراغ يېقىشنىمۇ ئېسىدىن چىقارغان ئىدى ئۆيدىكىلەر.

ئۇلار كۈتكەن دەھشەتلىك دەقىقە كەلگەچكە، لو ـ لەڭنىڭ ئۈننى ئاڭلاش

بىلەنلا سەلەيگە يېپىشتى خۇماخان.
— ئال ـ لاھ، ئۆزى مەددەت بولغاي، ئوغلۇم...
— بەختلىك يار بولغاي، بالام...
بوۋاي ۋە موماي ئىككىسى ئارانلا مۇشۇ سۆزلەرنى ئېيتالىدى. خۇماخان بولسا، ئۇن قاتمىدى. ئۇ سەلەيىنىڭ مۇرىسىگە قوللىرىنى ئارتىپ:
"ھېچ كىمگە بەرمەيمەن" دېگەندەك، مەككەم چاپلىشۋالغان ئىدى. يۇمشاق كۆكۈل قىزلار بەرداشلىق بېرىشەلمىدى؛ ئۇلار شۇنداق ھازا باشلىدىكى، تار ئۆي ئىچىدە مىڭ ئادەم ئاۋاز قىلىپ يىغلىغاندەك بولۇپ كەتتى.
— چاپسان، چاپسان، سەلەي!..
ئۇلار لو ـ لەڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلار ئەمەس ۋە ئۇنىڭ يالغۇز، چىرىكلەرسىز كىرگەنلىكىنىمۇ تېخى سېزىشمىدى.
— كوكىما، ئاتاڭزا، ئاناڭزا، مەن ئۆزى شۇ!
— چېرىكلىرىڭ قېنى، دوستۇم لو ـ لەڭ؟ — سورىدى ھوشىنى يوقاتمىغان سەلەي خىتايچىلاپ.
— مەن يالغۇز ئۆزۈم...
— نېمىشقا؟
— ئۇنىسىنى سورىما. خۇماخان ئىككىڭلار چاپسان كىيىنىڭلار.
— بىرەر ئۆزگىرىش بولدىمۇ؟
— ھە ـ ئە!
— ياق. نېمە بولسىما، چاپسان بولغىنى ياخشىكەن... كۈتۈشتىنىمۇ ئېغىر نەرسە بولغايمۇ؟ مېنى ئاپىرىدىغان جايىڭغا ئاپار، دوستۇم، قىسىلما.
— خۇماخان ئىككىڭلار بىرى چىقىڭلار! — دېدى ـ دە، ئىككىسىنى يېتىلەپ، ئۆز ياتىقىغا ئېلىپ ماڭدى لو ـ لەڭ. بوۋاي بىلەن موماي ئاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېلىشتى.
— مەسىلە شۇنداق، — دەپ باشلىدى لو ـ لەڭ ئۆز ياتىقىغا كىرگەندىن كېيىن، — ۋاقتتىن پايدىلىنىش كېرەك. سەن يولغا چىدالامسەن، سەلەي؟
— نېمە دەۋاتىسەن، لو ـ لەڭ؟ — سورىدى ھەيرانلىق ئىچىدە سەلەي، —

گېپىڭگە زادىلا چۈشەنمىدىم.

ــ قېچىشىڭ كېرەك...

ــ نېمە؟!

ــ قاچىسەن!

ــ سېنى بالاغا تۈتۈپ بېرىپما؟

ــ مېنى بالاغا تۈتۈپ بەرمەيسەن. مەنمۇ تىرىك جان بولغاندىكىن يولىنى تاپارمەن.

ــ ھەرگىز بولمايدۇ. رەھمەت ساڭا. ئۆلسەممۇ قاچمايمەن، لو ــ لەڭ...

ــ قارارىم شۇ ــ قېچىشىڭ كېرەك. ئالىي جاناپلىغىڭنى قوي، سەلەي!

ختايچە تىلنى بىلمىسىمۇ، يۈز بەرگەن ئەھۋالنى تەخمىنلىگەن خۇماخان، لو ــ لەڭگە باشقىچىلا مەمنۇنىيەت ئىچىدە قاراپ تۇرۇپتۇ.

ــ مەن ساڭا ياخشىلىق قىلاي، ساۋابىنى ئالاي دېگەن نىيەت بىلەنلا بۇ قەدەمنى باسقىنىم يوق، ــ دەپ باشلىدى لو ــ لەڭ، ــ مېنىڭ ۋىجدانىم ماڭا شۇنداق قىلىشنى بۇيرۇدى، بىلەمسەن؟ ۋىجدان ئىگىسى، ــ ئۆلۈمدىنمۇ، خەتەردىنمۇ قورقمايدۇ...

ــ كېرىم تاغام بىلەن خېلىچە ئايلاملارنى قېرىغانلىرىدا بالاغا گىرىپتار قىلىپ قويىمىزغۇ؟ ــ دەپ كۆردى سەلەي، لو ــ لەڭنى كۆندۈرەلمىگەندىن كېيىن.

ــ ئۇلارنى بالاغا تىقماسلىقنىڭ چارىسىنى ئويلاپ قويدۇم، خاتىرجەم بول. قېچىشنى بىلسەڭ، قولغا چۈشمىسەڭلا بولغىنى. قالغىنىنى ماڭا قويۇپ بەر. بۇگۈن ياخشى پەيت، قولدىن بەرمەيلى.

ئۇلار خېلىغىچە تالاشتى. ئاخىر، سەلەي بىلەن خۇماخان قېچىشقا قارار قىلىشتى. ئۇلارنىڭ قېچىشىغا لو ــ لەڭنى ياردىمىدىن باشقا ئەپلىك شارائىت تۇغۇلمىغان ئىدى. زۇلۇم سېتەمگە قارشى چاپلانغان تەشۋىق ۋاراقلار ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنىڭ بىرسى تۇتۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ كۈنى جىددىي سوراق يۈرمەكتە ئىدى. كورلا ۋىلايەتلىك "بىخەتەرلىكنى ساقلاش" باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جۇجاڭ ئۆزى لو ــ لەڭنى قوبۇل قىلىپ، بۈگۈن كېچە زىنداندا "لازىم" بولۇشنى بۇيرۇغان ئىدى. باشتىن تارتىپ سەلەينى قاچۇرۇشنى نىيەت قىلغان ۋە سەلەينىڭ بىر ئاز ماغدۇرغا

كىرىشنى كۈتكەن لو ـ لەڭ ئۇچۇن مۇنداق ياخشى پۇرسەت تېپىلمايتتى، ئەلۋەتتە!

ۋاقتنى غەنىيمەت بىلگەن لو ـ لەڭ، دەرھال ھەرىكەتكە كەلگەن ئىدى. بوۋاي بىلەن مومايىنى كۆندۈرۈشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. چۈنكى ئۇلار سەلەي بىلەن خۇماخانلار ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلسا، ئۆز باشلىرىدىن قايغۇ قىلىشمايتتى. لو ـ لەڭ ئۇلارغا سەلەيلەرنى قاچۇرماق بولغىننى چۈشەندۈرگەندە، ئۇلار لو ـ لەڭنىڭ پېشىنى تۇتۇپ يىغلىغان ھالدا:

ـ ئاللاھ ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلغاي، ئوغلۇم، ـ دېيىشتى قېرىلار، ـ بىز نېمە بولساق بولايلى، ياشلار كۆكەرسۇن...ھېلىمۇ كۆرمىگەننى كۆرۈۋاتىمىز. بىر پۈتىمىز گۆرگە ساڭگىلىغان چاغدا، ئايايدىغان جان قالدىمۇ...

مونۇ يىگىت چېغىدا خېيىم ـ خەتەرنى بېشىغا ئېلىپ، ئەرلىك قىلغانلىقى قېرىلارغا تەسىر قىلدىمۇ، ئۇلار لو ـ لەڭنىڭ تەكلىپىنى سەمىمىيەت بىلەن قوبۇل قىلىشقان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، قېرى كىشىلەرنى زالىملار ئازابىغا گىرىپتار قىلىپ قويماسلىقنى ئالدىن ـ ئالا ئويلىغان لو ـ لەڭ، سەلەيلەر قېچىش ئالدىدا ئۇلارنى ئارغامچا بىلەن ماتاپ، ئاغىزلىرىنى تېڭىپ قويماق بولدى...

* * *

مەسلىھەت تۈگۈنى تۈگۈلۈپ، مۇقىم قارارغا كېلىشتى دوستلار. ھەتتا، ھەممىنى ئالدىن ـ ئالا مۆلچەرلىگەن لو ـ لەڭ، سەلەي بىلەن خۇماخان ئىككىسىگە يىگىرمە كۈنگە يەتكۈدەك ئوزۇقنىڭ ئورنىنى قىلىپ قويغان ئىدى.

ـ ئەمدى ئىككىلىنىشكە بولمايدۇ، سەلەي، پەقەت ئالغا، چېكىنىشكە بولمايدۇ، ـ دېدى لو ـ لەڭ سەلەيىنى روھلاندۇرۇپ.

ـ چېكىنىش يوق...

ـ خۇماخان بۈگۈن سادىرلارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ، ئەتە كەچ توقايلىققا بارغىنى ياخشى. ھەر ئېھتىمالغا قارشى شەھەردىن بىر ـ بىرلەپ چىقىپ كېتىشىمىز كېرەك.

ــ ھېلىقى قېلىشىر سادىركامما؟
ــ شۇ. ئۆيدە ئايالى بار. مەن سۆزلىشىپ قويغان. ئۇلار ئىشەشلىك دوستلار.
خۇماخان بوۋاي ۋە موماي بىلەن خوشلىشىپ چىقتى. ئايرىلىش قانچىلىك ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن زۇلۇم سىتەمدىن قۇتۇلۇشقا بەل باغلىغان ياشلارنىڭ جاپالىق سەپىرى ئىككى قېرىنى خۇشال قىلغاچقا، ئۇلار ئانچە يىغلاشمىدى
ــ ياشلارغا خەيرلىك سەپەر تىلەشتى.
خۇماخان ئۆيدىن چىقىشقا قەدەم تاشلىدىيۇ، لېكىن بوسۇغىنى ئاتلىماي، لاپپىدە سەلەيگە تىكىلدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا "ئەتىگىچە ئامان بول، سەلەي... يەنە كۆرۈشەرمىزمۇ؟.." دېگەن ئەندىشە ئەكس ئەتكەندەك قىلاتتى. نېمە ئۈچۈندۇر، سەلەيىنىڭمۇ كۆڭلىنى گۇمانلىق ئەندىشە قاپلاپ ئالغاندى. ئۇ: "توختاڭ، خۇماخان" دېگىنى تاسلا قالدى. لو ــ لەڭ خۇماخاننى ئۈزىتىپ قويۇپ كىرگىچە، ئۇ تۇرغان ئورنىدا داڭقېتىپ تۇراتتى.
ــ ئەمدى مەنمۇ بەزى بىر تەييارلىقلىرىمنى قىلىشىم كېرەك، ــ دېدى ــ دە، يازغان ــ سىزغانلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى لو ــ لەڭ.
سەلەي بولسا، قايغۇلۇق خىيالغا بېرىلگەن. ئۇنىڭ نەزىرىدە مانا ــ مانا چېرىكلەر خۇماخاننى تۇتۇۋېلىپ، ھەيدەپ كىرىدىغاندەكلا، سەلەي بىلەن لو ــ لەڭنى قوشۇپ ھەيدەپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى.
ــ جاپالىق سەپەر ئالدىدا تۇرسەن، سەلەي. غەم ــ ئەندىشىنى بېشىڭدىن چىقاردە، ياخشىلاپ ئۇخلا. مەن بىر ئايلىنىپ كېلەي، ــ دېدى لو ــ لەڭ چىقىشقا تەييارلىق قىلىپ. لو ــ لەڭنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ئۇنىڭ ھاياجانلىنىغى، ئىچكى جەھەتتىن خاتىرجەم ئەمەسلىكى سېزىلىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ ئىچكى ھاياجانلىغىنى سەلەيگە سەزدۇرگۈسى كەلمەيتتى. شۇ ئارىدا "جىپ" ماشىنا ئىشىك ئالدىدا توختاپ، كىملەردۇر ماشىنىدىن چۈشۈپ، قوشقوۋۇقنى تاقىلدىتىشقا باشلىدى. لو ــ لەڭ بىلەن سەلەي نېمە قىلىشنى بىلمەي، تۇرغان جايلىرىدا خۇددى قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قېلىشتى. نېمە قىلىش كېرەك؟ ئارقا تامدىن ئارتىلىپ قېچىش كېرەكمۇ؟ ياق، خۇماخاننى تاشلاپما؟ قولغا چۈشكەن نەرسە بىلەن

ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئىلىشىش كېرەكمۇ؟ شۇندا نەتىجە نىمە بولىدۇ... ئەنە، سۇرلۇك دەقىقىدە مۇشۇ خىل خىياللار كۆڭۈلدىن كەچكەن ئىدى. سەلەي ئىشىك تەرەپكە تەمشەلدى.

ــ توختا، ئالدىرىما، سەلەي، پايدىسىز. سەن قىمىرلىماي ئورنۇڭدا يات، ئۇقتۇڭمۇ. مەندىن بىرەر ئىشارە بولمىغۇچە قول كۆتۈرگىلى بولما، ئىشنى بۇزۇۋالمايلى.

ــ خاتىرجەم بول. مەن تەلۋە ئەمەسقۇ، قاراپ تۇرۇپ ئۆزۈمنى ئوتقا ئاتىدىغان.

ــ بەلكى سېنى تەكشۈرۈپ كېلىشكەندۇ. ئېغىر ھالەتتە ئىكەنلىكىڭگە كۆزلىرى يەتسۇن، ئۇقتۇڭمۇ! ــ لو ــ لەڭ ئىشتىك چىقىپ كەتتى. ئۇ زايىر ۋە ئىككى قوراللىق چېرىك بىلەن كىرگەندە، سەلەي ئېغىر كېسەل ھالىتىدە ياتاتتى. ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا زايىرنى كۆرۈش بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى غەزەپ تىترىگى بېسىپ، چاچراپ تۇرماق بولدىيۇ، لېكىن لو ــ لەڭنىڭ سۆزلىرى ئېسىغا چۈشۈپ، ئۆزىنى ئاران توختاتتى.

ــ قوپاۋە، مۇغەمبەر، ئانىكاڭنى ئېمىدىغاندەك يېتىۋاپسەنا، ــ زايىرنىڭ زەھەرخەندىلىكى يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلغاچقا، ئۇ كۈچىنى جەملىمەكچىدەك، بەدەنلىرىنى كىرىشتۈرۈپ تولغاندى. ئۇنىڭ پەيلىنى سەزگەن لو ــ لەڭ:

ــ ئۆلۈم ھالىتىدە ياتقان كىشىگە بۇ خىل بىمەنا سۆزنىڭ نىمە ھاجىتى؟ ئىشىڭ بولسا، مەن بىلەن سۆزلەش، ــ دېدى.

ــ ئۇھ... ــ پىغان چىقاردى سەلەي. ئەگەر لو ــ لەڭ "ئۆلۈم ھالىتىدە..." دېمىسە، ئورنىدىن تۇراتتى ــ دە، مونۇ ئەبلەخ زايىرنىڭ كانىيىنى بوغاتتى. "ھەسسىنە، لو ــ لەڭ بولمىسىدى..." دەپ ئىچىدە پىچىرلىدى ئۇ.

ــ بۇ تەلۋىنى بۇ يەردە سۆرەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. ــ دېدى ــ دە، سەلەيدىن يىركەنگەندەك، تەرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، تەتۈر قارىۋالدى.

ــ ۋاڭلىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن داۋالاۋاتىمەن، بىلەمسەن؟

ــ بىلمەيچۇ. بۇيرۇق: بۇنى ئېلىپ كېتىمىز.

ــ نىمە، نىمە؟! ــ لو ــ لەڭ زايىرنى ئۇرماقچىدەك ئالغا قەدەم تاشلىدى.

ــ بۇيرۇق. تەييارلان!

ـ ياق . ۋاگلى بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن .
ـ بۇيرۇق . ـ يەنە ھېجايدى زايىر ۋە يانچۇقىدىن قەغەزنى چىقىرىپ ،
ـ مەرھەمەت .
ـ نېمەڭ بۇ؟ ـ خۇش ياقماي ئالدى لو ـ لەڭ .
ـ ئوقۇپ كۆرۈڭدە ، دوختۇر!
لو ـ لەڭ خەتنى ئوقۇپ ، تاتىرىپ كەتتى .
ـ ۋاقتنى بىكارغا ئۆتكۈزمەيلى ، دوختۇر . تۇرە ئورنۇڭدىن ، تەلۋە! ـ دەپ سەلەيگە خىتاب قىلدى زايىر .
ـ ئۇ ئورنىدىن تۇرالمايدۇ ، قىمىرلاشقا ھالى يوق .
ـ ماشىنىغا سېلىڭلار! ـ بۇيرۇدى زايىر چېرىكلەرگە . ئۇنىغىچە ھويلىدا قالغان يەنە ئىككىسى كىرىشتى .
لو ـ لەڭ بىلەن سەلەي نېمە قىلىشنى بىلمەي ، گاڭگىراپ قېلىشقان ئىدى...
* * *

ئىشنىڭ كۆپلۈكىدىن ۋاگلىنىڭ بېشى خېلىلا قاتقان ئىدى . "سىياسىي مەھبۇسلار" دەپ ئاتالغانلارنىڭ دېلولىرىنى رەتلەپ ، ئۇلارنى "ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش" لاگېرىغا ئەۋەتىش؛ يېڭىدىن قاماققا ئېلىنغانلار ئۈستىدىن تېرگاۋ يۈرگۈزۈپ ، ئۇلارغا لايىقىدا "قالپاق" كىيگۈزۈش؛ "قارا تىزىمغا" ئېلىنغانلار ئۈستىدىن نازارەت يۈرگۈزۈشكە ئوخشاش جىددىي ئىشلار ۋاگلىغا مەركەزلىشەتتى .
تەشۋىق ۋەرەقە چاپلاۋاتقاندا قولغا چۈشكەن ئون ئۈچ ياشلىق بالا سوراق ئۈستىدە ئۇنى خېلى ئاۋارە قىلدى . ئۇ بالا ھېلى ئېيتقانلىرىدىن ھېلى تېنىۋېلىپ ، كورلىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك "مەخپىي تەشكىلات" ئەزالىرى ، ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ "ئىشەشلىك" ئادەملىرىنىمۇ چېتىپ سۆزلەيتتى . "بۇ شۇمتەكنى ياخشىلاپ "سايرىتىش كېرەك" . مانا شۇ پەيتتە باشقا ئىشلاردىن كۆرە مۇشۇ مەسىلە جەريانىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە كىرىشكەن ۋاگلى ، قېلىن دېلونى ئالدىغا قويۇۋېلىپ ، تەكشۈرمەكتە . ئىشىكنىڭ چېكىلىشى ئۇنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى بۆلىۋەتتى .

ــ كىر! ــ بۇيرۇدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ.

ــ سىز مېنى سورىغانمىدىڭىز؟ ــ ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا سورىدى لو ــ لەڭ.

ــ كەل، كەل ئولتۇر، ئۇكا. ــ ھېلىلىك بىلەن ئورۇن كۆرسەتتى ۋاڭلى ۋە ستاكانغا چاي قۇيۇپ، لو ــ لەڭگە سۇندى، ــ ھارغان ئوخشايسەن، ئىچ.

ــ ھاردىم... ــ قىسقىلا جاۋاب بەردى، ۋاڭلىنىڭ سىلىق مۇئامىلىسىنىڭ تەكتىدە رەزىللىك يوشۇرۇنغانلىقىنى سەزگەن لو ــ لەڭ.

ــ سەلەينى قايتۇرۇپ كېلىشىمىز ساڭا ئىشەنمىگەنلىك ئەمەس. ئۇنى سىرتتا داۋالاشقا يول قويغانلىقىم ئۇچۇن قاتتىق سۆكۈش ئالدىم. ــ ئۇنىڭ ئاخىرقى ئىبارىلىرى يالغان ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن لو ــ لەڭ مىيىقىدا كۈلدى ۋە تەنە ئارىلاش:

ــ باشلىقلاردىن رۇخسەت ئالغان ئەمەسمىدىڭىز؟

ــ ئۇغۇ شۇنداققۇ... ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، بۇ زاماندا باشلىقلارمۇ لىڭگىل تاق ــ تاق بولۇپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟

ــ ئەمدى سەلەينىڭ ھاياتى سىلەرنى قىزىقتۇرمايدىكەندە؟

ــ ئۇنداق دېمە. سەلەي سوۋېتپەرەس ئادەملەرنى بىلىدۇ. بىزگە شۇلارنى ئېيتىپ بېرىشى شەرت. شۇڭلاشقا، سەلەينى قانداق بولمىسۇن ئاياق ئۆرە تۇرغۇزىسەن!

ــ تەكرار ئېيتىمەنكى، تۈرمە شارائىتىدا ساقايتالمايمەن.

ــ ساقايتىسەن... ئايرىم بۆلمىدە داۋالايسەن. مەيلى، يەنە يەتتە كۈنگە مۆھلەت بېرىمەن. سۆزلىگۈدەك ھالەتكە كەلتۈرسەڭ بولدى.

ــ مەيلى، ئىختىيار ئۆزۈڭلاردا، ــ دېدى قارشىلىق كۆرسىتىش ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن لو ــ لەڭ. لېكىن شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۈمىد پەيدا بولدى ــ دە، قەلبى يورۇپ كەتتى.

ــ مانا، ھېمىشەم باشلىقلارغا نىسبەتەن مۇشۇنداق پوزىتسىيىدە بولساڭ ئىناۋىتىڭ ئېشىپ، دەرىجەڭ كۆتۈرۈلىدۇ.

"ئىپلاس، ــ دېدى ئىچىدە لو ــ لەڭ، ــ ئاشۇ دەرىجەڭگە ئۆزۈڭنى قوشۇپ تۇرۇپ جايلارمېدى..." لو ــ لەڭ ئۆزىنى زورغا توختاتتى ۋە: ــ بۇيرۇغاننى رەت قىلمىدىمغۇ.

ــ شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك. چوڭلار شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە تۆت ئادەم كېزىكتىن ئۆلدى. تۇرمە باشلىقى بىلەن ئانكېت يېزىڭلاردە، كۆمۈۋېتىڭلار. راستلا، ماشىنىلار بەند، ئەمدى ئۆلۈكلەر هارۋىدا توشۇلسۇن. يۇقۇملۇق كېسەلدىن ئۆلگەنلەرنىڭ كىيىملىرىنى كۆيدۈرۈش كېرەك.

ــ يەنە نېمە ھەشەم؟

ــ كىيىم بىلەن كۆمۈلگەن كېسەللەرنىڭ گۆرىنى ئېچىپ، كىيىملىرىنى ئېلىپ قېتىۋاتىدۇ. هازىر سىرتتا يۇقۇملۇق كېسەل كۆپىيىپ كەتتى.

ــ يۇقۇملۇق كېسەل... ــ تەكرارلىدى ۋاڭلى. ئۇ: "بۇ چەنتۇلارغا نېمە شۇنچە كۆيۈنىسەن؟ ئۆلۈپ تۈگىسە يەر بوشايدۇ"، ــ دېمەك بولۇپ توختاپ قالدى. ــ مەيلى نېمە قىلساڭ شۇنى قىل! ــ دېدى ــ دە، دېلونى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

لو ــ لەڭ ۋاڭلىنىڭ بۆلمىسىدىن چىقىشى بىلەن سائەتكە قارىدى: كەچ ئون ئىككىدىن چارەك ئۆتكەن. "بىچارە خۇماخان تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتامدىكىن، ئالدىراش كېرەك". ئۇ ئالدىراشلىق تۇرمە باشلىغىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۆلگەنلەرنىڭ ئانكېتىغا قول قويدۇرۇپ، كۆمۈشكە ئوردېر كەستۇردى ۋە ۋاڭلىنىڭ رۇخستى بىلەن ئۆلۈكلەرنى كۆمۈشكە بىللە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، چىقىپ كەتتى.

ئىككى ئات قوشۇلغان تۆت چاقلىق هارۋا مەخسۇس تۇرمىنىڭ ئارقا قاپقىسىدىن چىققان چاغدا سائەت بىر بولغان. كورلىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى كورلا ــ ئاقسۇ تاش يولىدا ئاندا ــ ساندا ئۆتۈۋاتقان يۈك ماشىنىلىرىنىڭ گۇركىرەشلىرىدىن باشقا تاۋۇش ئاڭلانمايدۇ. يىراقتا ــ باش ئەگىم ئۆتكۈلىنىڭ شەرقىي قاپتىلىدىكى پولات تاۋلايدىغان كىچىك خۇمدانچىلاردىن چىقىۋاتقان ئوت يالقۇنلىرى يېقىنلا جايدىدەك كۆرۈنىدۇ. كورلا ئەتراپى قاراڭغۇ ۋە سۇرلۇك كۆرۈنىدۇ. تۆت جەسەتنى باسقان هارۋىدا ئولتۇرغان ئۈچ كىشى جىم. بەلكى، مونۇ ئۆلۈكلەردىن بىقسىپ چىقىۋاتقان چىدىغۇسىز پۇراققا بۇرۇقتۇم بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەنلىرى شۈركۈنۈپ، ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بەنتتۇر. ساناقسىز ئۆلۈكلەرنى كۆمۈشتە باش بولۇپ كەلگەن ياڭ ــ خۇلۇ ناملىق سېمىز، كالانپاي گۇندىپاي بېشىنى ئىچىگە

تىقۋېلىپ، ئۇگدەپ كېتىۋاتىدۇ. لو ـ لەك بولسا، بارلىق دىققىتىنى جەملەپ، سەلەي ۋە خۇماخانلار بىلەن بولىدىغان مەسلىھەت پىلانىنى ئويلايدۇ. ئۇ شۇنداق ئەپلىك كۇنلەرنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىغا، سەلەيلەرنى قاچۇرالمىغانلىقىغا ئۆزىنى ئەيىبلەپ، دوستلىرى ئالدىدا زور جىنايەت قىلغاندەك ھېس قىلاتتى. ئەمدى قانداق قىلىپ بولمىسۇن، شۇ خاتاسىنى تۈزەپ، سەلەينى قۇتۇلدۇرۇش. بۇ يولدا جېنىنى تىكلەش بىلەن ھەر قانداق خەتەردىن باش تارتماسلىقىقا قەتئىي نىيەت باغلىغان ئىدى. تۈرمىگە تەۋە زەرەتكالىق ئانچە يىراق بولمىغاچقا، قىرىق مىنۇتقا قالماي يېتىپ بېرىشتى. ئالدىن ئالا سەۋزە ئورىسىدەك قېزىلغان تار گۆرلەرگە جەسەتلەرنى يالىڭاچ كۆمۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى كۆيدۈرۈشتى. مۇشۇ ئىشلار تۈگىگىچە ئۇن چىقىرىشماي، پەقەت ئىشارەت بىلەنلا قىمىرلاشتى ئۇلار.

ـ مەۋەگە كەل، ـ دەپ ياك ـ خۇلۇنى چەتكە تارتتى لو ـ لەك، ـ سەن ئاغرىقلار ئارىسىدا تولا يۈرسەن. مونۇ سپىرت بىلەن يۈز ـ كۆزۈڭنى يۇدە، مونۇنى ئىچىۋەت.

ـ بۇ ياخشى بولدى ـ دە، لەك دەيفۇ، ـ ھاراق خۇمارى شۇنداق تۇتقاندىكى، قويۇۋېرىڭ. ـ خۇشاللىقىدىن يۈز ـ كۆزىنى تازىلىمايلا سپىرتنى ئىچىۋەتتى ياك ـ خۇلۇ.

ـ ئەمدى كېتەيلى. ـ ئالدىراتتى لو ـ لەك. قۇرۇق ھارۋا قايتىشتا ئىلدامىراق ماڭدى. دەريا بويىدىكى توقايلىققا كەلگەندە ھارۋىنى توختاتقۇزدى لو ـ لەك.

ـ مەن مەشەدە چۈشۈپ قالىمەن، سىلەر كېتىۋېرىڭلار.

ـ ئاپىرىپ قويىلى، لەك دەيفۇ. ـ دېدى. سپىرت تەسىرىدە ئۇگۇدەشكە باشلىغان ياك ـ خۇلۇ.

ـ رەھمەت، ھاۋا يېگەچ ئاستا كېتىمەن، ـ دېدى ـ دە ئاچىلاش يولغا بۇرۇلدى لو ـ لەك. ئۇ يولنى قىسقارتىش مەقسىتىدە، توقايلىقنى كېسىپ ماڭدى. كېسىلگەن دەل ـ دەرەخلەر كۆتەكلىرىگە نەچچە قېتىم پۇتلىشىپ يىقىلىسمۇ، ئالغا قاراپ مېڭىۋەردى. "خۇماخان كۈتۈپ تۇرىدۇ..." دەپ پىچىرلاتتى ئۇ سۇرۇلگەن پۇتىنىڭ ئاغرىقىغا پەرۋا قىلماي...

...كۈتە ـ كۈتە ـ سەۋر ـ تاقىتى قالمىغان ئەسەبىي ھالدا تىترەپ، گۇمان ـ ئەندىشە ئىچىدە ئۆزىنى قويار جاي تاپالماي، نە كېتىشنى، نە يەنە كۈتۈشنى بىلمەي قايمۇقۇپ قالغان ئىدى خۇماخان. "تېخىچىلا يوق... نېمە بولغاندۇر..." تەشۋىشلىك سوئالنى يۈزلەرچە قېتىم تەكرارلىغان خۇماخان، ھەر قېتىمدا ھوشىنى يوقىتىپ قويۇش ھالىتىگە يېتەتتى. مۇشۇ تەشۋىشلىك ئىككى سائەت ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر دەرد تارتقاندىنمۇ ئېغىر تۇيۇلدى. ئاخىرى... مانا كىمدۇر كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ھېچ نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپلا، سىزىم كۈچى بىلەن كېلىۋاتقان كىشىنى بىلدى. خۇماخان ئۆزىنى توختىتالماي "سە ـ لەي!.." دېگەن پېتى، ئوقتەك ئېتىلىپ كەلدى ـ دە، لو ـ لەڭنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ، ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلىۋەتتى...

نېمە دەپمۇ بۇ سىزىمى كۈچلۈك قىزنى بەزلەپ، نېمە دەپمۇ ئۇنى قانائەتلەندۈرەر؟ كۆڭلى يۇمشاق لو ـ لەڭنىڭ كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياشلار ئېقىشقا، مېھرىبان يۈرەكتىن ئېقىۋاتقان بۇ ياشلار خۇماخاننىڭ يۈزىگە تامچىپ، ئىسسىق تەپتىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىنلا ئېسىنى يىغقان قىز كۆزلىرىنى ئېچىپ "لو ـ لەڭ!" ــ دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

ــ مەن، ئۇكاڭزا، مەن...

ــ سەلەي قېنى؟

ــ سەلەيى بار...

ــ نېمىشقا كەلمىدى؟ قەيەردە قالدى؟ چاپسان سۆزلىسىڭىزچۇ، يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەي، ــ دېدى، زىنھار...

ــ سەلەي ئامان... ــ لو ـ لەڭ بولغان ۋاقىئەنى سۆزلەپ بەردى. دەھشەتلىك خەۋەرنى ئاڭلىغان خۇماخان يېنىشلاپ يىغلىمىدى، قۇدۇقتا تاش چۈشكەندەك، جىمىپ كەتتى. ئىككىسى سۇۋۇق كۆتۈرۈلگۈچە كورلا دەرياسى لېۋىدە ئولتۇرۇشتى. لو ـ لەڭ بارلىق ئەقىدىسىنى تۆكۈپ، خۇماخاننى بەزلەپ، كۆڭلىنى ئاۋۇتتى ۋە سەلەينى جەزمەن قۇتقۇلدۇرۇش پىلانىنى سۆزلەپ، قىزنى خاتىرجەم قىلالىدى.

* * *

بۇگۈن كېچە تەقدىر ھەل بولىدۇ. ئۈچ كۈندىن بۇيان پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بىرلا ئىشقا بەند بولغان لو ــ لەڭ سەلەيىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۈچ خىل چارىسىنى ئويلاپ، بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئېپى كەلگەندە سەلەي بىلەن مەسلىھەت قىلدى. تۈرمە تېمىنى تېشىپ قېچىش ئۈچۈن كۈچ ۋە ۋاقىت كېرەك، بەلكى چېنىپ قېلىشى مۇمكىن. ۋاڭلى بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا ئۇنىڭغا تاپانچا تەڭلەپ، پروپۇسكا يازدۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى ئېتىۋېتىپ قېچىش. بۇما ئەقىلگە ئانچە سىغمايدۇ. تۈرمىدىن چىقا ــ چىقمايلا قولغا چۈشۈپ قېلىش تۇرغان گەپ. سەلەيىنى ئۆلدىگە چىقىرىپ ئانكىت يېزىش. ياق، سەلەيگە دىققەت بۆلۈۋاتقان ۋاڭلى ئۆزى كېلىپ تەكشۈرۈشى مۇمكىن – بۇ ئۇسۇلما بولمايدۇ. ئەڭ مۇۋاپىقى ئۆلگەن جەسەتلەرنىڭ بىرسىنىڭ ئورنىغا سەلەيىنى سەپلەش. بۇنىڭدىن ياخشى ئامال يوق. ئەمدى گۇمان تۇغدۇرماي، ھەممىنى ئېپىغا كەلتۈرۈش كېرەك. سەلەيمۇ ئىككى ــ ئۈچ سائەت ئۆلۈكلەر ئارىسىدا ئۆلۈك ھالىتىدىلا يېتىشقا، ھەممە سىناققا چىداشقا رازىلىق بەردى. ئۇنىڭ ئەندىشىسى لو ــ لەڭدە. "سەن مەندەك نەچچە ئادەم. مېنى دەپ ھالاك بولساڭ، خەلقىمىز زور يوقىتىشقا دۇچار بولىدۇ"، – دەپ كۆردى ئۇ. "ياق، خاتا سۆزلەيسەن، – رەددىيە بەردى لو ــ لەڭ. – مەن كۈرەشكە بەل باغلىدىم. كۈرەشنىڭ ئەمەلىي قەدىمى مۇشۇ بولىدۇ. يالغۇز سېنىڭ ھاياتىڭ ئۈچۈنلا ئەمەس، خەلق بەختى ئۈچۈن، زۇلۇمغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلاندىم..."

ئىككى دوست تالاي قېتىم تالاش ــ تارتىش قىلىشىپ خۇلاسىگە كېلىشكەن ئىدى.

قاراڭغۇ كېچە. ئاسماننى بۇلۇت قاپلىۋالغاچقا، ئىككى قەدەم نېرىدىكى ئادەمنى بايقىماق تەس. مەخسۇس تۈرمىنىڭ ئىچىنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان پانۇسلار تۈركلەرنىڭلا چۆرىسىنى ئاران ــ ئاران يورۇتۇپ تۇرىدۇ. گۈندىخانىلارنىڭ شامىلىرى ئالىلقاچان ئۆچكەن. ئاندا ــ ساندا جاراڭلاپ ئېچىلغان تۆمۈر ئىشىكلەر گۆرىستاننى ئەسلىتىدىغان، تۈرمە سۈكۈناتىنى

بۇزۇپ، قورقۇنچ ھاسىل قىلىدۇ. مانا، نەچچە قات زەنجىر بىلەن ئېتىلىدىغان تۆمۈر قاپقا جاراڭلاپ ئېچىلىۋېدى، تۇرمە تەكتىدىن تىترىگەندەك سېزىلدى. تۆت ـ بەش يۈك ماشىنا تۇرمە ھويلىسىغا كىرىپ، دەرھال جىمىپ قېلىشتى. ئاز ئۆتمەي، گۇندىخانىلارنىڭ ئىشىكلىرى جاراڭلاپ ئېچىلىشقا باشلىدى. دېمەك، سىياسىي مەھبۇسلارنى "ئەمگەك لاگېرىغا" يۆتكەيدۇ ياكى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كېتەرمىكىن. مۇشۇ پەيتنى كۈتكەن لو ـ لەڭ تۇرمە باشلىغىنىڭ قېشىغا كىردى ۋە ئانكىتنى كۆرسەتتى.

ـ تۇرۇپ تۇرۇڭ، مۇنۇلارنى يولغا سېلىۋېتەيلى، ـ دېدى تەرى سۈرۈن تۇرمە باشلىقى.

ـ كۈننىڭ ئىسسىقىدا يۇقۇملۇق كېسەللەرنى ساقلاشقا بولماس. بۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك بولۇپ تۇرىدىغان ئىشقۇ.

ـ مەن ئالدىراشقۇ، ـ دېدى ـ دە، خالا خالىماس ئوردېرغا قول قويدى باشلىق. لو ـ لەڭ يېنىك ئۇھ تارتتى.

ـ ياڭ ـ خۇلۇ باش بولۇپ چىقار؟

ـ ئۆلۈكلەرنى شۇنىڭغا تاپشۇرۇڭ.

لو ـ لەڭ ئىلدام چىققان پېتى ياڭ ـ خۇلۇنى تېپىپ، بەش كىشىنى كۆمۈش ئوردېرىنى تاپشۇردى. ياڭ ـ خۇلۇ ھارۋىنى تەييار قىلغىچە، ئۇ تۇرمە كېسەلخانىسىنىڭ ئۆلۈكلەرنى قويىدىغان بۆلمىسىدىن بىر ئۆلۈكنى سەلەينىڭ ئورنىغا يۆتكەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سەلەينى ياتقۇزۇپ قويدى. "ئالغىنى كىرگەندە شېھىتتەك قېتۇال". سەلەينىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ چىقىپ كەتتى. ياڭ ـ خۇلۇ ئىككى چېرىك بىلەن ھارۋىنى ئۆلۈكخانا ئالدىغا توختاتتى.

ـ ياڭ ـ تۇڭزى، ـ دەپ ئۇنى ئۆز بۆلمىسى تەرەپكە تارتتى لو ـ لەڭ، ـ بۈگۈنكى ئۆلگەنلەر ناھايىتى خەتەرلىك كېسەللەر.

ـ نېمە قورقۇش، سىز بارغۇ.

ـ مەن بىللە چىقالمايمەن، ئىشىم كۆپ. سىز سپىرتتىن ئازراق ئىچىۋېلىڭ، كېسەللەر پۇرىقى تەسىر قىلمايدۇ.

ـ قانداق بولار... پوست تەكشۈرۈپ قالارمۇ؟

ــ تەكشۈرسە سەۋەبىنى ئېيتىڭ.
ــ بۇما توغرا گەپ، ئەپكېلىڭ، قۇيۇڭ.
لو ــ لەڭ بىر ستاكان سۇ ئارىلاش سپىرتنى قۇيۇپ بەردى. ياڭ ــ خۇلۇ كۆتىرىۋەتتىدە:
ــ ئەمدى كېسەل تۇرماق، ئەزرائىلدىنمۇ قورقمايمەن. قېنى باللار، "يۇكنى" بېسىڭلار! ــ دەپ بۇيرۇدى تاماكا ئوراۋېتىپ ياڭ ــ خۇلۇ.
جەسەتلەرنى هارۋىغا كېسەك تاشلىغاندەك تاشلاشقا باشلىدى. سەلەيگە كەلگەندە، ئۇنى ئىككى چېرىك خېلىلا تەسلىكتە هارۋىغا كۆتۈردى. بۇنى كۆرگەن لو ــ لەڭنىڭ يۈرىكى جۇغغىدە قىلىپ، ماڭلىيىدىن سوغ تەر چىقىپ كەتتى.
ــ مونۇسى ئاغىرىقتىن ئەمەس، كالىدەك تولا يەپ ئۆلگەنمۇ، قەۋەتلا ئېغىرا! ــ دېدى چېرىكلەرنىڭ بىرسى.
ــ راست، ئۇ تۇتقاقلىق كېسىلىدە تۇيۇقسىز ئۆلگەن.
ــ پاھ، سېسىقچىلىقنى... ماڭمامسىلەر، باللار. ــ ئالدىراتتى لو ــ لەڭ.
ــ كەتتۇق! ــ دېدى ــ دە، هارۋىنىڭ شوتىسىغا ئولتۇردى ياڭ ــ خۇلۇ. ئىككى چېرىكنىڭ بىرسى ئۇنىڭ قېشىدا، يەنە بىرسى هارۋىنى هەيدەپ ماڭدى.
لو ــ لەڭ ئۇلارنىڭ ئارقا قاپقىدىن سالامەت چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆزۈتۈپ تۇردى ــ دە، ئۆزىنى ئالدى قاپقا تەرەپكە ئاتتى.
ئادەم باللىسىدىن سېسىق نەرسە يوق. كېزىكتىن ئۆلگەن تۆت ئادەمدىن پىڭسىپ چىققان سېسىقچىلىق سەلەينىڭ نەپسىنى بوغۇپ، جېنى چىقىپ كېتىش هالىتىگە يەتتى. ئۆلۈكلەر ئارىسىدا يېتىشقا كۆنگەنلىكىگە پۇشايمان قىلاتتى سەلەي. لېكىن لو ــ لەڭ ئېسىگە چۈشكەندە، چىشلىرىنى چىشلەپ، غەيرەت قىلاتتى. ئۇ ئاستا بىر ئۆلۈكنى يېنىچە ئۆرۈپ، بېشىنى تەڭنىچىنىڭ ئاراچ يېرىگە توغرىلاپ، ساپ هاۋانى نەپەس ئالدى. شۇنداق بولسىمۇ، شامال هەيدەپ دىماغقا ئۇرۇلغان بەد بوي باشنى قايدۇرۇپ، يۈرەكنى ئاينىتاتتى. ئۇ نەچچە قېتىم قۇسۇۋەتكىلى تاسلا قالدى. يەنە شۇندا لو ــ لەڭنى ئەسكە كەلتۈرۈپ قەي قىلمىدى. چېرىكلەر گەپ قىلىشمايتتى. ياڭ ــ خۇلۇ بولسا، هاراق كۈچىدىن ئازراق ئۆزىنى

ماختاپ سۆزلەپ، ئۇيقۇ بىسىپ ئۇگدەشكە باشلىدى. سەلەي دىققىتىنى جەملەپ كۆرۈكلەرنى ساناپ ماڭدى. تېخى يىگىرمە مىنۇتچە يول ماڭغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بىر كۈندەك تۇيۇلدى. "لو ـ لەڭنىڭ توققۇزىنچى كۆرۈكىگە قاچان كېلەرمىز ياكى باشقا يول بىلەن ئېلىپ مېڭىشتىمۇ؟.. ئەندىشە قىلاتتى ئۇ. ـ يەتتە...سەككىز...توققۇز..."
ـ توختا! ـ دېگەن تاۋۇش ئاڭلاندى. كۆرۈك تېگىدىن تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئاۋاز ۋە ئادەم قارىسىدىن ئۈركۈگەن ئاتلار هارۋىنى ئۆرۈۋەتكىلى تاسلا قالدى. سەلەي ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى بىلەن چاتىرىغا تىقىۋالغان پىچاقنى ئالدى ـ دە، ياڭ ـ خۇلۇنىڭ بىقىنىغا ئۇردى. "ئايىيا!" دەپ يوكلا چۇشتى ياڭ ـ خۇلۇ. ئاڭغىچە لو ـ لەڭ، لوجۇ، خۇماخان ئۇچى هارۋىنى توختىتىپ، هودۇقۇپ قالغان چېرىكلەرنى قۇرالسىزلاندۇردى. ئىش چالا بولمىسۇن ئۈچۈن، ياڭ ـ خۇلۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ئىككى چېرىكنى ئۆلتۈرمەي، كىيىملىرىنى ئېلىۋېلىپ، ئېغزىنى تېڭىپ، ئۆزلىرىنى ماتاپ، كۆرۈك تېگىگە ياتقۇزۇپ قويۇشتى.
ـ مەن مەشەدە خوشلىشاي، ـ دېدى لوجۇ.
ـ يەنە سىز ياردەم قىلدىڭىز، رەھمەت. ـ دېدى هاياجانغا تولغان خۇماخان.
ـ رەخمەتكە ئەرزىمەيدۇ. يەنە كۆرۈشىمىز. خوش ـ لوجۇ ئالدىراش خوشلىشىپ، توقايلىققا كىرىپ كەتتى.
ـ بىز، ـ دېدى لو ـ لەڭ لوجۇنىڭ قارىسى يۇتكەندىن كېيىن، ـ ئۆز ئامانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئەمەس، ماۋچىلار ئاسارىتىدە دەپسەندە بولۇۋاتقان خەلق ئازاتلىغى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.
ـ هاياتىمنى خەلق ئەركىنلىكى ئۈچۈن بېغىشلىدىم، ـ دېدى سەلەي،
ـ ئەمدى ھەممىگە چۈشەندىم.
ـ بىزگە ئوخشاش زۇلۇمغا باش ئەگمىگەن ياشلار يۇلتۇز تاغلىرى، تارىم چۆللىرى ۋە باشقا پاناهلىق جايلارغا توپلىنىپ، ماۋچىلارغا قارشى ئىسيانغا هازىرلىق كۆرۈۋاتىدۇ.
ـ بىزمۇ شۇلارغا قوشۇلىمىز، ـ دېدى خۇماخان.
ـ ئۆزىنى ۋەتەنپەرۋەر هېسابلىغان ئادەمگە بىرلا يول ـ ئۇ كۈرەش يولى.

ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق .

ــ توغرا ئېيتىسەن ، لو ــ لەڭ .

ــ ئەمدى ئاتلىنىلى . بەزى كىشلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ ، سىلەرنىڭ كەينىڭلاردىن يېتىمەن .

ــ ئۆزۈڭگە ئاگا بول ، لو ــ لەڭ . . .

ــ خوشلىشىش ئالدىدا ، ــ دېدى لو ــ لەڭ ، ــ سىلەرگە ئېيتمىغان سىرىمنى ئېيتاي: مەن ــ ئۇيغۇر . . .

ــ نېمە؟! ــ بۇ ئىبارە سەلەي بىلەن خۇماخاننىڭ ئېغىزىدىن تەڭلا چىقتى .

ــ مەن ــ سېرىق ئۇيغۇر ، ــ داۋام قىلدى لو ــ لەڭ ، ــ ئاتا ــ بوۋىلىرىمىز ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماي ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جۇچەن دېگەن يېرىگە كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى تارىختىن سىلەرمۇ بىلىدىغانسىلەر . . .

ــ ھە ، ھە ئاڭلىغىنىم بار ، ــ دېدى سەلەي .

ــ ئالتە ئايلىق چېغىمدا ، ــ داۋام قىلدى لو ــ لەڭ ، ــ ئاچارچىلىق بولۇپ ، ئاتا ــ ئانام ئۆلۈپ كېتىپ ، مېنى بىر سودىگەر خىتاي ئاسراپ ، دۇڭبېگە ئاپىرىپ ، لەڭ ئىسىملىك كىشىگە ساتىدۇ . مېنىڭ "لەڭ" فامىلىيايەم شۇ ئائىلىدىن قالغان .

ــ مۇنداق دېگىن . . . ــ سەلەي بىلەن خۇماخانلارنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قالدى .

ــ نېمىشقا "خىتاي" دەپ يېزىلىسىز؟ ــ دەپ سورىدى خۇماخان .

ــ باشتا شۇنداق يېزىلىپ قالغان . مەن بۇ سىرنى ئۈچ يىل ئىلگىرى ، مېنى بېقىپ ئالغان ئانامنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ماڭا قىلغان ۋەسىيىتىدىن كېيىنلا بىلگەن ئىدىم .

ــ مونۇ ماۋچىلار ئۇيغۇرلۇقۇڭنى بىلسە ، سىياسىي ئورۇنلاردا قويماس ئىدى ، ــ دېدى سەلەي .

ــ تەبىئىي . لېكىن مەن ئۇيغۇرلۇقۇمدىن ھېچ قاچان كەچمەيمەن .

ــ بارىكاللا! ــ ۋارقىرىۋەتتى سەلەي .

ئۇلار ئۇزۇن جۇدالىقتىن كېيىن تېپىشقان قېرىنداشلاردەك ، گىرەلىشىپ كېتىشتى .

*   *   *

تاڭ سۈزۈلۈپ كەلمەكتە. باغراش كۆلىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاق تۇمان قۇياش شولىسىدا هال داستىخان ئوخشاش ئۇپۇقتا يېيىلماقتا. شىمالدىكى تىيانشان تېغىنىڭ ئاسمان پەلەك قار چوققىلىرىمۇ پەرەڭ رومال سېلىۋالغاندەك قىزىرىپ كەتكەن.غەرپنى نىشانلاپ ماڭغان ئىككى كىشى قومۇش دېڭىزىنى ئارىلاپ كېلىشمەكتە.

غەلتەك تايانغان سەبىي ئوخشاش، بىر ـ بىرىگە تايىنىپ، دەلدەڭلىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىككى جاننىڭ چىرايلىرىدىن چەكسىز هارغانلىق ۋە مەيۇسلۇك ئەكس ئېتىپ تۇرۇپتۇ. مانا، ئۇلار قومۇشلۇقنىڭ بىر ئاز شالاڭراق جايىغا چىقىشتى. يامغۇر سۈيىدىن هاسىل بولغان كۆلچەكلەرنىڭ لېۋىدە توختاشتى ـ دە، سۇدىن تېتىۋېدى ـ سۇ تۇزلۇق، ئىچىشكە بولمايدۇ. ئۇلار گەزلىشىپ كەتكەن لەۋلىرىنى قۇرۇق تامچىپ، ئاران ـ ئاران تىرەجىشىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ـ دە، يوللىرىغا راۋان بولۇشتى. يولۇچىلار نېرىراقتا "نېمىنىڭدۇر قارىسىنى كۆرۈش بىلەن قەدەملىرىنى ئىلداملىتىپ بېرىۋېدى، ئەتراپى يېشىل قومۇشلۇق كۆلچەك تۈۋىدە ياتقان ئۈچ ئۆلۈكنى كۆرۈپ، مۇردىدەك قېتىپ قېلىشتى.

چۆل ـ باياۋاندا جەسەتلىرى قېلىشقانلار كۇچا، باي ناهىيىلىرىدە يۈز بەرگەن ئاچارچىلىق ئاپىتىدىن ۋە چەكسىز زۇلۇمدىن ئۈركۈپ قاچقانلار ئىدى. بەلكىم، يولۇچىلار ئالدىغا يەنە شۇ خىل جەسەتلەردىن مىڭلاپ ئۇچرىشار... ئەنە، ئاۋۇ ئانىسىنىڭ سۇتسىز قۇرۇق ئەمچىكىگە چاپلىشىپ، مەمەسىنى شورىغان پېتى قېتىپ قالغان بىر ياشلاردىكى سەبىينى كۆرگەن كىشىنىڭ قەلبى ئۆرتەنمەي قالارمۇ؟ ئاھ، خانىۋەيرانلىق!!.

ـ بىزمۇ مۇشۇلارغا ئوخشاش چۆل ـ باياۋاندا قالارمىزمۇ، سەلەي؟ لو ـ لەڭ دېگەن كىشىلەر قېنى؟ ياكى، تېنەپ كەتتۇقمۇ؟

ـ غەيرەت قىل، خۇمارىم... هايات، هايات قېلىشىمىز كېرەك، هايات!

**1965 ـ 1969** ـ يىلى، ئالمۇتا.